# قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى «3»

جۇڭگو خەلق سىياسى مەسلىھەت كېڭىشى قاراماي
شەھەرلىك كومىتېتى تارىخي ماتېرىياللار
ھەيئىتى تۈزگەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا


قاراماي تارىخ ماتېرىياللىرى (3)

克拉玛依文史资料（3）（维吾尔文）

جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى قاراماي شەھەرلىك
كومىتېتى تارىخي ماتېرىياللار ھەيئىتى تۈزگەن

中国人民政治协商会议克拉玛依市委员会
文史资料委员会编

كۆپەيتىپ بېسىشقا بولمايدۇ    ئىچكى جەھەتتە تارقىتىلىدۇ

内 部 发 行　　请 勿 翻 印

شىنجاڭ شىخو ناھىيىلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

新疆乌苏县印刷厂印刷

1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

# مۇندەرىجە

## ئەسلىمىلەر

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىغا بارغانلىقىمنى ئەسلەيمەن.
سۇن يۆچى ...............(1)

شىنجاڭ ھەققىدە ئەسلىمە.
چيەن پىڭ ...............(19)

## دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ تەرەققىياتى

ئەينى يىللاردىكى ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە
لىي جېن ...............................(33)

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا
ليۇ شيتيەن ...............................(38)

## قاراماي نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى

نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلىۋىدىكى كۈن ۋە تۈنلەر
ماجېشياڭ ...... (55)

ئۆلتۆلماس ئىگىلىك تىكلەش روھى
خەن ۋېنخۈي ................(98)
قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن
كېيىنكى قۇدۇق ئورنىنى ئۆلچەش خاتىرىسى
ۋۇ خوايۈەن ......................(108)
نېفىتلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سودا خىزمىتى
ليۇ شياۋفىڭ ..............(119)
قاراماي شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ
قۇرۇلۇشى
لەن زوشياڭ ....................(138)

## دالا نېفىت گېئولوگىيىلىك چارلاش ھەققىدە ئەسلەش

تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىدىكى كۈرەش
شيا گۇڭجۇن ...................(143)
تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىغا يۈرۈش قىلغان
كۈنلەرنى ئەسلەش
لى لىيەنتاڭ ..............(163)
دالا چارلاش تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر
گو ۋېنخۇڭ ................(170)

## ئەرباپلار

يولداش سېيىتقازىنى ياد ئېتىمەن
ليۇ جاۋمىڭ ......................(189)
پارلاق ياشلىق باھار
ياڭ شۇجى .........................(197)

# شىنجاڭ نېفىت سانائىتى ھەققىدە
# تارىخ ماتېرىياللىرى

مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئىشى
شاۋ جياشۇ .................(238)
شىنجاڭ نېفىت سانائىتىدىكى چوڭ ئىشلار
يىلنامىسى (قەدىمقى، يېقىنقى زامان قىسمى)
ۋاڭ لىيەنفاڭ .................(267)

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئىككى قېتىم شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كانىغا بارغانلىقىمنى ئەسلەيمەن

### سۇن يۆچى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىللىرى ئىدى. يەنى 1942-يىلى، 1943-يىلى مەن ئىككى قېتىم شىنجاڭغا باردىم. ئۇ ۋاقىتلاردا دەل شېڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان مەزگىل بولۇپ، مەن گەنسۇ ئۆلكىسى يۈمېن نېفىت كانىنىڭ باش دىرېكتورى ئىدىم.

### (1) جۇشاۋلياڭ، ۋېڭ ۋېنخاۋغا ئەگىشىپ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشىم

1942-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرى مەن يۈمېن نېفىت كانىدا ئىدىم. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قوشۇمچە بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ ھەيئىتى ۋېڭ ۋېنخاۋ چۇڭچىڭدىن تېلېگرامما ئەۋەتىپ: ئۆزىنىڭ جيۇچۈەن ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە بېرىپ سوۋېتلىكلەر بىلەن نېفىت كان ئىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىدىغانلىقىنى، مېنىڭ جيۇچۈەن ئايرودرومىغا بېرىپ، ئۇنى بىلەن كۆرۈشۈپ، بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، مەن تېلېگراممىنى

روپىلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ بىز بىلەن بىرلىكتە رەسىمگە چۈشتى، بۇ رەسىمنى شۇ كۈنلۈك شىنجاڭ گېزىتىگە بېسىپ تارقاتتى. بىز شىنجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە يېقىن بولغان داڭلىق دۈڭخۇايۈەن (شەرقى گۈللۈك) مېھمانخانىسىگە ئورۇنلاشتۇق. شېڭ شىسەي ئۆزى ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. ھەممە سارايغا باشلاپ شۇ كۈنى كەچتە زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ بىزنى مېھمان قىلدى.

بىز كەلگەن ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ، شېڭ شىجى بىلەن شېڭ شىسەينىڭ قېيىن ئىنىسى چېۋ يۈيشۈك ئىككىسى بىزنى كۈتتى. ئۇلار بىز ئۈرۈمچىدىن كەتكىچە ھەر كۈنى بىز بىلەن پاراڭلىشىپ بىرگە تاماق يېدى. بىز دۈڭخۇايۈەن بېغىدىن خالىغىنىمىزچە كوچىغا چىقىشقا پېتىنالمىدۇق.

بىز دەسلەپ بارغىنىمىزدا شېڭ شىسەي ۋېك ۋېنخاۋنى ئۆزىنىڭ دۇبەن مەھكىمىسىگە چاقىرتىپ ئايرىم سۆھبەتلەشتى. شېڭ شىسەي مۇنداق دېگەن: شىخو مايتاغ نېفىت كانىنى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت بىرلىشىپ باشقۇرغان، يېقىندا سوۋېت تەرەپنىڭ تېلېفون ئارقىلىق بىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرىنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ نېفىت كان ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇرغانلىقىنى، سوۋېت بۇرۇن زادىلا يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ باقمىغانلىقىنى، بۇ قېتىم تۇيۇقسىزلا بىر مۇئاۋىن مىنىستىرنى ئەۋەتىشتى. ھەقىقەتەنمۇ شىخو نېفىت كان ئىشلىرى ئۈستىدە سۆزلىشەمدۇ قانداق؟ شۇڭا ۋېك ۋېنخاۋنى مەركەز ھۆكۈمەت نامىدىن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. شېڭ شىسەي بىلەن ۋېك ۋېنخاۋنىڭ رەسمى سۆھبىتى ناھايىتى ئاز بولدى. لېكىن جۇ شاۋلياڭنى ھەر كۈنى دۇبەن

تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن نېفىت كانىدىكى بىرقانچە مەسئۇل كىشىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرۈپ، بىزنىڭ دېگىمىز پورتلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ياپون جاھانگىرلىكى قامال قىلىۋالغانلىقتىن يۇمىن نېفىت كانىنىڭ ئۈسكۈنە ماتېرىياللىرىدا قىيىنچىلىق بولغاچقا. سوۋېتتىن نېفىت كان ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋالماقچى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە نېفىت كانىنىڭ بىرنەچچە مەسئۇللىرى كېڭىشىپ تەييارلىق قىلىپ بىر يۈرۈش مۇھىم ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش تىزىملىكىنى ئېلىپ بېرىشقا تەييارلىدۇق.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مەن جيۇچۈەن ئايرودرومىغا باردىم. ئايروپىلاندىن چۈشكەنلەر ئىچىدە ۋېڭ ۋېنخاۋ ۋە ئۇنىڭ كاتىبى جۇداشۇندىن باشقا يەنە سەككىزىنچى ئۇرۇش رايونىنىڭ (غەربىي - شىمال رايون) سىلىڭى جۇ شاۋلياڭ، ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سىلىڭى ماۋ باڭچۇ، قاتناش مىنىستىرلىقى تاشيول باش ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى گۇڭ شۈسۈي، غەربىي - شىمال تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى خې جىڭۋۇلار بار ئىدى. بىز بىرلىكتە ئايرودرومدا چۈشلۈك تاماقنى يېگەندىن كېيىن، غەربكە قاراپ ئۇچتۇق. مەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئىچىم ناھايىتى تىت-تىت بولدى. ئۇلار سوۋېتلىكلەردىن يۇمىن نېفىت كانى ئۈچۈن ئۈسكۈنە سېتىۋالىدىغانلارغا ئوخشىمايتتى، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن سوراش بىئەپ بولدى.

بىز ئۈرۈمچى ئايرودرومىغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە شېڭشىسەي ئوردىسىدىكى بارلىق چوڭ - كىچىك مۇتىۋەرلەر، ئۇنىڭ باجىسى ۋاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىككىنچى ئىنىسى شېڭ شىجىنىڭ باشچىلىقىدا كېلىپ بىزنى قارشى ئالدى. ھەممە ئاي-

ئىشلەتمەي بىر قەدەر قالاق بولغان بېلىق قۇيرۇقسىمان دولتا ئىشلەتكەن. ئومۇمى ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى يۈمىن نېفىت كانىغا يەتمەيدىكەن، تەرەققى قىلىش ئىستىقبالىمۇ يۈمىن نېفىت كانىدىكىدەك ئەمەس ئىكەن. ئۇلار بىزگە زىيابەت بېرىپ مېھمان قىلىۋاتقاندا مەن «بىز ئىككى كان مۇسابىقە قىلىشىپ باقمايلىمۇ» دېدىم. كۆڭلۈمدە سوۋېتلىكلەرنى مەنسىتمەسلىك قىياپىتى بولغاچقا، شىنجاڭغا كېلىشتىن بۇرۇنقى سوۋېتتىن نېفىت كان ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش ئويۇمدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتىم. لېكىن مايتاغ كانىنىڭ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ۋە ماي باكلىرى قاتارلىقلار يۈمىن نېفىت كانىدىكىدىن جىق ھەم ياخشى ئىكەن. بىز ئۇ يەردە ئىككى كۈن ئېكىسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلدۇق.

بۇ چاغدا سوۋېت تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوسوۋ (ДNкаНософ) ئۈرۈمچىگە كەلدى. ۋاڭ سەنمۇجاڭ دۇبەن مەھكىمىسىنىڭ چوڭ زالىدا بۇ مۇئاۋىن مىنىستىرگە زىيابەت بېرىپ مېھمان قىلدى. شېڭ شىسەي ئۆزى چىقمىدى ھەمدە بۇ زىيابەتكە ۋېڭ ۋېنخاۋ ۋە بىز بىلەن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇنىڭدەك ئۈرۈمچىدىكى بىر مۇنچە ئالىي ئەمەلدارلارنىمۇ تەكلىپ قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا جۇ شاۋلياڭمۇ ئۈرۈمچىدە بار ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ زىيابەتكە قاتناشمىدى. كېيىن ۋېڭ ۋېنخاۋ جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋەكىلى سالاھىيىتى بىلەن بۇ مۇئاۋىن مىنىستىر بىلەن نېفىت كانىنى بىرلىشىپ ئېچىش ئىشى ئۈستىدە سۆھبەتلەشتى. لېكىن نەتىجىسى بولمىدى. دېكانوسوۋ بىلەن شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە سىياسەتكە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە ئايرىم سۆھبەتلەشتىمۇ-يوق بىزگە ئېنىق ئەمەس.

مەھكەمىسىدىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ ئەتىگەنلىك تاماقتى بىر-
لىكتە يەيتتى. سەككىز - توققۇز كۈندىن كېيىن، جۇ شاۋلياڭ
بىز كەلگەن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ جاڭ جېشى بىلەن كۆرۈش-
كىلى چۇڭچىڭغا كەتتى، ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن مەسلىھەتلەش-
كەن ھەربىي ئىشلار ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىم ئىشلارنى
جاڭ جېشىغا دوكلات قىلغىلى كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، بىر-
نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن جۇ شاۋلياڭ ئۇرۇمچىگە قاي-
تىپ كېلىپ، شېڭ شىسەيگە دوكلات قىلدى.

## (2) مەن ۋېڭ ۋېنخاۋ بىلەن مايتاغ نېفىت كانىغا بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدىم

– جۇ شاۋلياڭ چۇڭچىڭغا كەتكەندە، ۋېڭ ۋېنخاۋ ئۇرۇم-
چىدە قېلىپ شېڭ شىسەي بىلەن شىخو مايتاغ نېفىت كانىغا
بېرىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. شېڭ -
شىسەي قوشۇلغاندىن كېيىن، ۋېڭ ۋېنخاۋ ۋە مەن ھەمدە ئۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە كەلگەنلەر مايتاغقا سەپەرگە ئاتلاندۇق.
مەزكۇر كاندىكى سوۋېتلىك كان باشلىقى قوشۇمچە باش ئىنژې-
نېر بىلەن سوۋېتلىك گېئولوگ بىزنى كۈتۈۋالدى ھەمدە قۇ-
دۇق بېشى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قاتارلىق جايلارغا ئاپى-
رىپ ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى، يەنى ھەر خىل دىياگىراممىلىق
ئىسخېمىلارنى كۆرسەتتى ۋە نېفىت كانىنىڭ چارلاپ ئۆزلەش-
تۈرۈلۈشى ۋە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانىدىكى
ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى. ئۇ ۋاقىتتا مەزكۇر كانىنىڭ بۇرغۇ
ئىستانوكى قۇدۇق قېزىشتا، يۈمىن نېفىت كانىنىڭكىدەك ئامېرى-
كىدىن ئىمپورت قىلىنغان چىشلىق چاق شەكىللىك دولتىنى

يۈگۆەندە سوڭ مېيلىڭنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى. جاڭ جې-
شى جايۈگۆەندە بىر ھەپتە تۇردى. بۇ جەرياندا مەن ئۇنىڭ-
غا ھەمرا بولۇپ يۈمەن نېفت كانىنى كۆزدىن كەچۈردۇق.
ئۇ سوڭ مېيلىڭنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتكەندە ئىچكى لىنىيە بىلەن
يەنى شېڭ شىسەيىنىڭ خوتۇنى چيۇ يۈناڭ ئارقىلىق شېڭ شى-
سەي بىلەن مەخپى سۆزلىشىپ، ئۆتكەندە جۇ شاۋلياڭ ئۈرۈم-
چىگە كېلىپ ئورۇنلاپ بولالمىغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئىدى.
سوڭ مېيلىڭ ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلار
چۇڭچىڭغا قايتىپ كەتتى. كېيىن يەنىلا شېڭ شىسەيىنى شىن-
جاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. گومىنداڭ-
نىڭ مەركىزىي دائىرىسى، لياڭ خەنساۋنى شىنجاڭغا گومىنداڭنىڭ
ئۆلكىلىك دائىرىسىنى قۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. تەپتىش مەھكىمىسى
لوجالۇننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەپتىش باشلىقلىقىغا (ۋەسى:
ئاتاقتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئورۇندا
ئىدى)، مېنىڭ قەدىناس دوستۇم لىن جىيۇڭنى شىنجاڭ ئۆلكى-
لىك ھۆكۈمەت قۇرۇلۇش نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلىدى.
شېڭ شىسەي جاڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ كوم-
مۇنىستىك پارتىيىگە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى چىققاندىن
كېيىن، سوۋېت تەرەپ قۇمۇلدىكى سەككىزىنچى پولكنى قاي-
تۇرۇپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ھەمدە مايتاغ نېفت كانىنىڭ
ئۈسكۈنىلىرىنى يەنە يەرنىڭ تېگىگە كۆمۈۋەتكەن سۇ، ماي تۇ-
رۇبىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. پەقەت بىرلا
نېفت ئايرىش زاۋۇتىنىلا قالدۇرۇپ قويدى. شېڭ شىسەي ئې-
گىلىك مىنىستىرلىقىدىن مەزكۇر كاننى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى تەلەپ
قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ئېنېرگىيە مەنبە
كومىتېتىغا بىر مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىرىپ

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شېڭ شىسەي، ۋېڭ ۋېنخاۋنى دىز-بەن مەھكىمىسىنىڭ چوڭ زالىدا سۆز قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. نىمە مەزمۇندا سۆزلەش توغرىسىدا يىغىندىن بۇرۇن ۋېڭ ۋېن-خاۋ بىلەن مەسلىھەتلەشمىدى. ۋېڭ ۋېنخاۋغا مەن يالغۇز ھەمرا بولۇپ باردىم. يىغىنغا كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ۋېڭ ۋېنخاۋ چوڭ زالنىڭ ئارقا ئىشىگىدىن سەھنىگە چىقىپ سۆز قىلدى. مەن سەھنە تۆۋىنىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن سەھنە تېمىغا گىرەلەشتۈرۈپ ئېسىلغان جۇڭگو دۆلەت بايرىقى بىلەن گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بايرىقىنى كۆردۈم، ۋېڭ ۋېنخاۋ ئۆز سۆزىدە ئومۇمەن شېڭ شىسەينى ماختىدى. ۋېڭ ۋېنخاۋ سۆزىنى تۈگىتىپ سەھنىدىن ئالدى ئىشىك بىلەن چىقتى. ئالدى ئىشىك تەرەپتىمۇ جۇڭگو دۆلەت بايرىقى بىلەن گومىنداڭ پارتىيە باي-رىقى گىرەلىشىپ ئېسىقلىق تۇراتتى. شۇ كۈنى كەچتە پۈتۈن شەھەرنى پوجاڭزا ئاۋازى قاپلاپ دۆلەت بايرىقى ۋە پارتىيە بايرىقى ئېسىلغانلىقىنى تەبرىكلەشتى. شۇ چاغدىلا بىز ئاندىن بۇنىڭ شېڭ شىسەينىڭ جاڭ جيېشىغا ئىچكى جەھەتتىن ئۆزىنى گاتىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۇق.

### (3) مېنىڭ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى بېجىرىش ئۈچۈن بېرىشىم

مەن ئۈرۈمچىدىن يۈمەن نېفىت كانىغا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، 9 - ئايلاردا جاڭ جيېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ بىللە جايۇگۇەنگە كەلدى. ئۇلار بىلەن بىرگە كەلگەنلەردىن خۇزۇڭ-نەن، باش مۇھاپىزەتچى ۋاڭ شىخى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. جاڭ جيېشى سۇڭ مېيلىڭنى ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى جا-

ئۇ ناھايىتى ئالاقزادە بولۇپ: «شىڭ شىسەي ھەر قېتىم ئۆزگىردىش قىلغاندا مېھمان قوبۇل قىلمايدۇ. مەنمۇ يېقىندىن بېرى ئۇنى كۆرمىدىم، بۈگۈن سىز شۇنداق يىراقتىن كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە قارىغاندا، ئېھتىمال ئۇ يەنە بىر ئىش قىلماقچىدەك قىلىدۇ» دېدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە بىر ئىشىنىپ-بىر ئىشەنمەي پەرۋا قىلمىدىم. بىر-ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ مېنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت زالىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت خادىملىرىغا دوكلات بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. مەن ئىگىلىك مىنىستىرلىقى ئېنېركىيە مەنبە كومىتېتى شىڭ شىسەينىڭ تەلىپى بويىچە، مېنى شىخو مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى بېجىرىشى ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى، ئولتۇرغانلارنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇش توغرىسىدا سۆزلىدىم. مەن بۇرۇن شىڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكىلەردىن شىخو مايتاغ نېفىت كانىدىن نېفىتنىڭ كۆپلەپ چىقىمىغانلىقى سوۋېتلىكلەرنىڭ قەستەن قىلغان ئىشى چۈنكى بۇ يەردە كۆپلەپ نېفىت چىقىپ كەتسە سوۋېتنىڭ باكو نېفىتلىكىنىدە نېفىت ئاز چىقىدۇ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئىدىم. ئەلۋەتتە بۇ بىر خىل نېفىت كانىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۇمۇمىي ساۋاتىغا كەچىل بولغان قارا قوساقلارنىڭ خاتا كۆز قارىشىدۇر. مەن يۇمىن نېفىت كانىنىڭ باش دىرېكتورى بولغانلىقىم ئۈچۈن، كەلگۈسىدە ئەگەردە شىخو نېفىت كانىدا كۆپلەپ نېفىت چىقماي قالسا مەندىنمۇ نېفىتنى قەستەن ئاز ئالغان دېگەن گۇماندا بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا بۇ سۆزلەر شىڭ شىسەينىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارسا، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى خىزمىتىمىزگە تېگىشلىك بولمىغان قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى ۋە يۇمىن نېفىت كانىنىڭ مەھسۇلاتىغا تەسىر يېتىشىدىن ساقلىنىشنى ئويلىدى-

نىيورۇكقا ئاپىرىپ تاپشۇرۇپ، سوۋېتلىكلەرنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ بارلىق ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىشنى، ھەممە مەزكۇر زاۋۇتنى يۈمىن نېفىت كانىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈشنى، مېنى ئۇنىڭغا مەسئۇل بولۇشنى بۇيرىدى.

مەن كېلەركى يىلى (1943 - يىلى) 7 - ئاينىڭ بېشىدا يۈمىن نېفىت كانىنىڭ باشلىقى يەن شۇاڭ (ۋاپات بولۇپ كەتتى)، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى جېن كەيياڭ (ھازىر تەيۋەندە)، ئىنژېنېر لى تۇڭشاۋ (ۋاپات بولۇپ كەتتى) قاتارلىقلار بىلەن بىرگە يۈمىن نېفىت كانىدىن شىنجاڭغا كېلىپ شىخو مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى بېجىردۇق. مەن لى تۇڭشاۋنى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر تۈركۈم ئىنژېنېر ۋە باشقۇرۇش خادىملىرىنى بىرگە يولغا سالدىم. ھەممە توققۇز ئاپتوموبىل بىلەن بىر تۈركۈم بۇرغىلاش ۋە نېفىت ئاققۇزۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئەۋەتتىم.

مەن 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ شېڭ شىسەي بەلگىلىگەن مېھمان كۈتۈشتە تۇردۇم. مەن باشتا ئوجالۇن ۋە لىن جىيۈڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، ئاندىن شېڭشىسەي بىلەن كۆرۈشكىلى باردىم. شېڭ شىسەي ماڭا تېلېفون بېرىپ: «ھازىر مەن كېسەل سىز بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن، ئەپۇ قىلىڭ. سىز شىخو نېفىت كانىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن سىزنى تاماققا تەكلىپ قىلىمەن، ئىشىڭىز بولسا ۋاڭ سەنمۇجاڭ بىلەن ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ، مەن مايتاغدىكى مەسئۇل كىشىلەرگە تېلېفون بېرىپ نېفىت كانىنى سىزگە ئۆتكۈزۈشنى ئېيتىپ قويدۇم» دېدى. مەن يەنە ئوجالۇن بىلەن كۆرۈشتۈم.

ئىدارە باشلىقى چىڭ بوجۇاڭ (مېنىڭ قەدىناس دوستۇم) نىڭ ئوغلى. تۆمۈر يول مېنىستىرلىقى ئۇنى گەنسۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنى چارلاپ تەكشۈرۈشكە ئەۋەتكەنلىكتىن ئۇ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىكەن. ئۇ لۇجيالۇننىڭ ھاۋالە قىلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىن مايتاغقا كېلىپ، ماڭا مەخپىي دالدا: لۇجيالۇندىن باشقا گومىنداڭنىڭ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ھەممىسىنى شېڭ شىسەي تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆلگەن ياكى ھاياتلىقى ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئېيتتى. باشتا مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك ئالاقزادە بولۇپ، ئىككى ئىشنى ئويلىدىم: بىرىنچىسى، 17 - چېسلا مايتاغ نېفت كانىنى ئۆتكۈزۈۋالايمۇ - ئۆتكۈزۈۋالمايمۇ؟ ئىككىنچىسى، غۇلجىغا بارايمۇ بارمايمۇ؟ بىرىنچى مەسىلىگە نىسبەتەن مەن شېڭ شىسەينىڭ نېفت كانىغا ئەۋەتكەن مەسئۇل كىشىنىڭ (دۇگبىيلىق) روھىي ھالىتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئەگەر ئالدىنقى كۈندىكىدەكلا بولسا ئۆتكۈزۈۋالاي دەپ ئويلىدىم. ئىككىنچى مەسىلىگە نىسبەتەن، شېڭ شىسەي تېلېگرامما ئەۋەتىپ ئېلى ۋىلايىتىگە ئۇقتۇرۇپ بولغان ئىكەن، ئەگەر مەن بارمىسام ئۇنىڭ كۆڭلىگە شەك كەلتۈرۈپ قويىمەن، غۇلجا شىنجاڭنىڭ چېگراسى، ئۇ ئەگەر مېنى تۇتماقچى بولسا ھەممە يەردە ئوخشاش تۇتىۋېرىدۇ دېدىمدە شۇڭا بېرىشنى قارار قىلدىم.

كېيىن مەن شېڭ شىسەينىڭ نېفت كانىغا ئەۋەتكەن كىشىسىنىڭ پوزىتسىيىسى بۇرۇنقىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەمدە بەلگىلەنگەن 17 - چېسلا كۈنى نېفتلىكنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدۇق. ئۇلار تېخى پوجاڭزىلارنى ئېتىپ تەبرىكلىدى. نېفتلىكنى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن نېفت كانىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى لى تۇڭجاۋ باش-

ده، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاتا كۆز قارىشىنى تۈگىتىش
ئۈچۈن، مەن ئۆز سۆزۈمدە نېفىت كانىنى ئۆزلەشتۈرۈش ساۋات-
لىرىنى سۆزلىدىم. مەن بىر نەقىل كەلتۈرۈپ: ئاياللاردا ئىككى
ئەمچەك بار، بوۋاقلار ئەمچەكنى ئەمگەندە بىر ئەمچەكنى ئە-
مىپ بولۇپ ئاندىن ئىككىنچى ئەمچەكنى ئەمىدۇ. ئادەم بەدى-
نىدىكى ئىككى ئەمچەك شۇنچىلىك يېقىن تۇرۇپ، لېكىن سۈت-
لەر بىر - بىرىگە ئۆتۈشمەيدۇ. شۇڭا ئارىلىقى شۇنچىلىك يىراق
ئىككى نېفىتلىكنىڭ ئۆز ئارا تۇتۇشۇپ ئېقىپ كېتىپ مەھسۇ-
لاتقا تەسىر يەتكۈزىشى مۇمكىن ئەمەس دېدىم. ئۇلار ئاڭلاپ
ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن شىخودىن نې-
فىت چىقسا باكۇ ياكى يۇمېن نېفىت كانىنىڭ نېفىت چىقى-
شىغا تەسىر يېتىدۇ دەيدىغان خاتا چۈشەنچىلەر تۈگىتىلدى.

مەن 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن مايتاغ نېفىت
كانىغا باردىم، ئۇنىڭدىن بىر كۈن بۇرۇن شېڭ شىسەي بىلەن
بىر قېتىم تېلېفون ئارقىلىق سۆزلىشىپ مايتاغ نېفىت كانىنى
ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىنى ئورۇنلاپ بولغىنىمدىن كېيىن غۇلجىغا
بېرىپ ئېكسكورسىيە قىلىپ كېلىشىمگە قوشۇلۇشىنى ئىلتىماس
قىلدىم. ئۇ قوشۇلدى، ھەمدە ئىلى ۋىلايىتىگە تېلېگرامما ئە-
ۋەتىپ مېنى قارشى ئېلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى بىز شۇ كۈنىلا شىخو مايتاغ
نېفىت كانىغا يېتىپ باردۇق، شېڭ شىسەي نېفىت كانىغا ئە-
ۋەتكەن مەسئۇل كىشىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ 17 - چېسلا
تاپشۇرۇپ بېرىش ۋە تاپشۇرۇپ ئېلىش رەسمىيىتىنى ئۆتەشنى
بەلگىلىدۇق.

17 - چېسلادىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى
شاڭخەي - نىڭبو، شاڭخەي - خاڭجۇ تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ

لىگەنلىك كېلىدىغان نازارەت قىلىش پوتەيلىرىنى ياسىغان، لې-
كىن بىزنىڭ نازارەت قىلىش پوتىيىمىزگە نازارەت قىلىدىغان
ئادەم قويمىغان، سوۋېت تەرەپتە تۇتۇشۇپ كەتكەن قويۇق ئور-
مانلىق بولۇپ، ئىمارەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، يېشىل ۋە
قىزىل قاڭالتىر ئۆگزىلەر كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. لېكىن بىز
تەرەپتە يا دەرەخ يا ئۆي يوقتەكلا ئىدى. كۆۋرۈكتىن ناھا-
يىتى يىراق جايدا بىر قاتار گەزەرمە بار بولۇپ بىر پەي
ئەسكەر تۇراتتى. سوۋېت تەرەپ چېگرىنى بويلاپ يول ياسىغان
بولۇپ، ھەر كۈنى ماشىنا ئەۋەتىپ چارلايدىكەن. تېخى ئايرو-
پىلانلار چېگرىنى بويلاپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ تۇرىدىكەن،
بىز تەرەپتە چېگرىغا بويلاپ ياسىغان يولمۇ، چارلا،
چارلىغۇچىلارمۇ يوق ئىكەن. ئىككى تەرەپنى سېلىشتۇ
بىزدە پۈتۈنلەي چېگرا مۇداپىئەسى يوق دېيىشكە بولاتتى

قورغاس ناھىيىسىدىن باشلانغان گەنسۇ-شىنجاڭ تاش-
يولى جۇڭگو-سوۋېت سودا مۇھىم قاتنىشىنىڭ يولى ئىدى.
جۇڭگو-سوۋېت ماددىي نەرسىلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىش ۋە تاپ-
شۇرۇپ بېرىش نۇقتىسى، دەسلەپتە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لەنجۇ
شەھىرىدە ئىدى. كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە
يۆتكەلدى. جۇڭگو ئاپتوموبىل كالونلىرىنى بىر قەدەم ئىلگىرى-
لىمىدى دېيىشكە بولاتتى. لېكىن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ئاپ-
توموبىل كالونلىرى يەنىلا سوۋېتنىڭ ئىدى. يول بويىدا مېھمان
كۈتۈش ئورۇنلىرى بار بولۇپ، ئاساسلىقى سوۋېت ئاپتومو-
بىل كالونلىرىنى ياخشى كۈتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىكەن. بىزمۇ
سەپەردە مۇشۇ خىلدىكى مېھمان كۈتۈشكە چۈشتۇق، غىزالانغى-
نىمىز پۈتۈنلەي سوۋېت پوسومىدىكى تاماقلار بولدى. شىنجاڭ

قۇردى. مەن يەن شۇاڭ، جىن كەيىڭلار بىلەن غۇلجىغا كېتىـ
ۋەردىم.

### 4 غۇلجىغا بېرىپ، جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىنى ئېكىسـ كۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىگە قايتتىشىمىز

ئىلىدا چىڭ سۇلالىسىنىڭ كاڭ يەن (1662 — 1722) دەۋرىدە ياستىلغان جەمئى توققۇز سېپىل بولۇپ، مەنجۇ ئەسـ كەرلىرىدىن 20 مىڭ كىشىنى ئەۋەتىپ بۇ يەرنى ساقلاتقان ئىكەن. مەركىزى غۇلجا شەھىرى، ئىلى دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغا جايلاشقان. ئىلى دەرياسى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە بولۇپ ماتورلۇق كىچىك قېيىقلار يۈرەلەيدىكەن. تۆۋەن ئېقىمى سوۋېت چېگرىسى ئىچىدىكى بالقاش كۆلىگە قويۇلۇپ، چوڭ پاـ راخوتلار يۈرەلەيدىكەن. ئىلى بىر كۆپ مىللەتلەر ئولتۇراقلاشـ قان رايون بولۇپ قازاق مىللىتى ھەممىدىن كۆپ ئىكەن.

مەن غۇلجىغا كېلىپ ئۈچ - تۆت كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئېلىمىز بىلەن سوۋېت چېگرىسىدىكى قورغاس ناھىيىسىدە بىر كېـ چە قوندۇق. بۇ يەر چېگرىغا 10 نەچچە لى (چاقىرىم) كېلىـ دىكەن، ئىككىنچى كۈنى بىز سوۋېت بىلەن چېگرىداش بولغان بىر كىچىك دەرياغا كەلدۇق. بۇ دەريانىڭ سۈيى ئادەتتە ئانـ چە تولۇق ئەمەس بولۇپ، كەلكۈن كېلىۋېرىپ دەريا قېتى ناـ ھايىتى كەڭرىيىپ بىر ياغاچ كۆۋرۈك ياسالغان. بۇ كۆۋرۈكـ تىن ئىككى يېرىم توننىلىق يۈك ئاپتوموبىللار ئۆتەلەيدىكەن. كۆۋرۈكنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بىر رەشاتكىلىق ئىشىك ئورناتقان بولۇپ، ئىككى مەملىكەت چېگرىسىنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. ئىكـ كىلى تەرەپ تەخمىنەن ئىككى ئۈچ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىگىزـ

(شىنجاڭلىقلار بۇنى تۈرمىگە تاشلاندى دەيدىكەن) بۇ يەردە بىرمۇ تونۇش كىشى بولمىغاچقا ياتالمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن دۇڭخۇا يۈەن باغچىسىغا تېلېفون بەردۇق، تېلېفوننى شېڭشىسەينىڭ ئىنىسى شېڭ شىجى ئالدى. ئۇ بىزگە باشقا بىر مېھمان كۈتۈشكە تۇرۇشنى ئېيتتى. ھەمدە بىزگە جۇ شاۋلياڭ سىلىڭنىڭ ھازىر دۇڭخۇا يۈەن باغچىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقتۇق، يولدا كېتىۋېتىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ: شېڭ شىسەينى مەركەزلىك يېزا ئىگىلىك ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا يۆتكىگەنلىكى، ۋۇ جۇڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇختۇرۇشنى كۆردۇق. بۇ بىز زادىلا ئويلاپ باقمىغان خوش - خەۋەر ئىدى. بىزنىڭ يۈرىكىمىزنى بېسىۋالغان ئېغىر تاش غۇلاپ چۈشتى.

ئىككىنچى كۈنى مەن دۇڭخۇا يۈەن باغچىسىغا بېرىپ جۇ شاۋلياڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈرۈمچىدىن شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىش يول خېتى بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ «بولمايدۇ، شېڭ شىسەي بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرمىغان، سىز ھازىرلا ئۈرۈمچىدىن چېگرىدىن چىقىش يول خېتىنى ئېلىڭ، ھازىر شېڭ شىسەينىڭ قول ئاستىدىكىلەر ھەربىي ئۆزگىرىش قىلامدۇ يا قىلمامدۇ بۇنىڭغا ئىشەنچە قىلالمايمەن، سىز ئەڭ ياخشىسى تېزراق كېتىڭ» دېدى. مەن شېڭ شىسەيگە تېلېفون بېرىپ ئۈرۈمچىدىن چېگرىدىن چىقىش يول خېتى سورىدىم. ئۇ: «سىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولۇپتۇ، مەن ئەسلى سىزنى مېھمان قىلماقچى ئىدىم. چۈنكى خىزمىتىم بەك ئالدىراش، ئەپۇ قىلارسىز، مەن ۋاڭ سەنمۇ جاڭغا ئېيتىپ قوياي سىز بىلەن مۇناسىۋەتلەشسۇن» دېدى. ئۇ بۇنداق دېگەندىن كېيىن، مەن مېھمان

سوۋېتكە ئېشىكنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتكەن دېيىشكە بولاتتى.

بىز چېگرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈدۈل مايتاغ نېفىت كانىغا قايتىپ كەلدۇق، ئاپتوموبىل بىلەن ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ مايتاغقا كېلىپ، يەنە بىرنەچچە كۈن تۇردۇق، ئۈرۈمچى ئەھۋالى توغرىسىدا ھېچ قانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرىدىن سوراشقىمۇ پېتىنالمىدۇق.

بۇ ۋاقىتتا لى تۇڭشاۋ ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەت قوشۇلى قۇدۇق قېزىشقا باشلاپ، ھەممە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئەتراپىغا ئازگال قېزىپ توپا يۆلەپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنى مەھكەم ساقلاۋاتقانىكەن، شېڭ شىسەينىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى نېفىت كانىنىڭ ئىشلىرى بىلەن زادى كارى يوق ئىكەن، بىز تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا كارى بولمىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مەن، يەن شۇاڭ، جىن كەيىڭ بىلەن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەتتىم.

### (5) يول خېتىنى ئېلىپ شىنجاڭدىن يەنئەنگە قايتىشىم

بىز ئۈرۈمچىنىڭ غەربىي چېتىدىكى ئۈرۈمچىگە بىرنەچچە كىلومېتىر يىراق بولغان تەكشۈرۈش پونكىتىدا شىنجاڭ گېزىتىدىن ئامېرىكا قوشۇنىنىڭ فرانسىيىنىڭ نورماندىيە تاقىم ئارىلىغا چىققان خەۋىرىنى ئاڭلاپ، بىر تەرەپتىن ناھايىتى خۇشال بولدۇم، يەنە بىر تەرەپتىن ئۈرۈمچىگە يېقىنلاشقانسېرى ناھايىتى جىددىيلەشتىم. بىز ئۈرۈمچىگە كەلگەندىن كېيىن بۇرۇن تۇرغان مېھمان كۈتۈشكە كەلدۇق. بىز بۇ يەردىن ئەسلىدىكى سوۋېت سوداگىرىنىڭ «ئۆيى باغقىلى كەتكەنلىكىنى» ئاڭلىدۇق

دىن شېڭشىسەيغا بارغىلى بولاتتى (شىنجاڭ بىلەن گەنسۇ-
نىڭ چېگرىداش بولغاچقا). ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدە بىرەر ھەر-
بىي ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا، چېگرىدىن چىقىش يول خېتى
بولغان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. شېڭشىسەيغا كېلىپ چېگرىدىن
ئۆتۈش يول خېتىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئاپتوموبىل تەكشۈ-
رۈش پونكىتىدىن چىقىشى بىلەن شوپۇر ئاپتوموبىلنى ئۇچقاندەك
ھەيدەپ كېتىۋېتىپ: «ئاخىرى ۋەتەنگە قايتتۇق» دېدى. مەن:
«شىنجاڭ چەت ئەلمۇ؟» دېدىم. ئۇ «چەت ئەلمۇ ئۇ يەردەك
قورقۇنۇشلۇق ئەمەستۇ» دېدى.

## (6) شېڭ شىسەينىڭ شىنجاڭدىن يۆتكىلىشى

شېڭ شىسەي 1942- يىلى جاڭ جېشىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى
ئېتىپ بىر يىلدىن كېيىن، يەنى 1943- يىلى 7- ئايدا تۇسات-
تىن پوزىتسىيەسىنى ئۆزگەرتىپ، سوۋېت بىلەن يىرىقلاشتى. ھەم-
دە جاڭ جېشى شىنجاڭغا ئەۋەتكەن پارتىيە، ھۆكۈمەت خادىم-
لىرىنىڭ لوجاۋۇندىن باشقا ھەممىسىنى قولغا ئالدى. بۇ ئۆز-
گىرىشنىڭ سەۋەبى ئۇ ۋاقىتتا ستالىنگراد قولدىن كەتمەي-
لا قالماستىن، بەلكى سوۋېت ئارمىيىسى فاشىستلارغا قارشى
ئورۇشتا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ غەلىبە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە
ئىتتىپاقداش ئارمىيە ياۋروپا قورۇقلىقىغا چىقىپ، ئىككىنچى
ئورۇش سېپىنى ئېچىش ئالدىدا ئىدى. لېكىن ستالىن، شېڭ
شىسەينىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىنتايىن
بىزار بولغانىدى. جۇڭگونىڭ سوۋېتتا تۇرۇشلۇق باش ئەل-
چىسى پەن يۈۋشىن، جاڭ جېشىغا مەخپى ھالدا، سوۋېت ئەمدى
شېڭ شىسەيگە ياردەم قىلمايدۇ دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن

كۆتۈشكە بېرىپ خەۋەر كۆتۈپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى. لېكىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ مېنى ئىزدەمدى. مەن ھەربىر ئۆزگىرىش قىلارمىكىن دەپ ناھايىتى تىت - تىت بولدۇم. بۇ مەزگىلدە مەن لو جالۇن ۋە لىن جيۇگېنىڭ خانىمى ھەمدە ۋۇ جۇگېشىننى يوقلىدىم. لوجالۇننىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، «جۇشاۋلياڭ بىلەن ۋۇ جۇگېشىن ئادەم ئەۋەتىپ چۈگچىڭدىن كېلىپ قولغا ئېلىنغانلارنى يوقلىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ساق - سالامەت ئىكەنلىكىنى، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇشىغا بىرنىمە دېيەلمەيدىغانلىقىنى» ئۇقتۇم. ئۇ يەنە: «ھازىر بەزىلەر ھەر كۈنى كەچتە شىمالى تاغدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ دېيىشىدۇ، شۇڭا مەن لىن جيۇڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئىستىقبالىنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆڭلۈمىزدە سان يوق، سىلەر ئەڭ ياخشى ئامال قىلىپ، بالدۇرراق كەتكىنىڭلار ياخشى» دېدى.

تۆت - بەش كۈندىن كېيىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ باغاق ئەۋەتىپ مېنى يەن شۇاڭنى ۋە جېن كەيىڭنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماقتىن كېيىن ۋاڭ سەنمۇجاڭ چېگرىدىن چىقىش يول خېتىنى ماڭا بەردى. چېگرىدىن چىقىش يول خېتىغا شېڭ شىسەينىڭ شەخسى تامغىسى بېسىلغانىكەن. بىزنىڭ ئۇقۇشىمىزچە شېڭ شىسەينىڭ شەخسى تامغىسى ھۆكۈمەت تامغىسىدىنمۇ ئىناۋەتلىك ئىكەن. مېھمان كۈتۈشكە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىز ھەممىمىز ناھايىتى خۇشال بولدۇق. ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ ئۈرۈمچىدىن ئايرىلدۇق. جۇشاۋلياڭ، ۋۇ جۇگېشىن، لوجالۇن ۋە لىن جيۇگېنىڭ خانىمىغا خەۋەر قىلىپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈرمىدۇق.

بىز شېڭ شىسەينىڭ چېگرىدىن ئۆتۈش يول خېتىنى ئالغان بولساقمۇ لېكىن بەش - ئالتە كۈن يول يۈرگەندە، ئانى-

# شىنجاڭ ھەققىدە ئەسلىمە

## چيەن پىڭ

شىنجاڭدا ئۆتكەن ھاياتىمنى ئەسلىسەم خىلىلا سەزگۈ-زەشتىلىرىم بار. مەن بۇ ھاياتىمدا شىنجاڭغا ئىككى قېتىم بېرىپ، ئۇ يەردە 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزگەنىدىم. شىنجاڭ — ماڭا ئىنسبەتەن ئېيتقاندا ئۇنتۇلماس بىر جاي. شىنجاڭدىكى كۆرەشلەر، خىزمەت ۋە تۇرمۇش، مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلماس ئەسلىمىلەردۇر ...

## ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭدا تۇرغانلىرىم

مەن شىنجاڭغا تۇنجى كېلىشىم دەل ۋەتىنىمىزنىڭ يەنىلا گومىنداڭنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقىدىكى 1938 - يىلى ئىدى. ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ تۇتۇقبېگى شېڭ شىسەي ئۆزىنىڭ قولغا كىرگۈزىۋالغان ھاكىمىيىتىنى مەھكەم تۇتۇش ئۈچۈن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدىن ئۆزىگە تىرەك كۈچ ئىزدەۋاتقان مەزگىل ئىدى. شۇڭا ئۇ جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، ھەممە مىللەت ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش، تېنچلىقنى ساقلاش، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، شىنجاڭنى ئىسلاھ قىلىش، (تەھرە قىلىش) دىن ئىبارەت ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى

جاڭ جېشى خۇزۇڭنەننىڭ قوشۇنىنى يەنىلا خېشى كارىدورىغا ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇق بېرىپ، ھەربىي كۈچىنى ئارقا تېرەك قىلىپ، شېڭ شىسەينى شىنجاڭدىن يۆتكەپ چىقىشقا بەل باغلايدۇ. شۇڭا ئۇنى مەركەزلىك يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا تەيىنلىگەن. شېڭ شىسەينىڭ ئالدىدىن بېسىم، ئارقىغا چېكىنىدىغان يول بولمىغاچقا ئامالسىز قېلىپ پەقەتلا بۇيرۇققا ئەمەل قىلىپ چۇڭچىڭغا بېرىپ يېزا ئورمانچىلىق مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىق ھوقۇقىنى ئۆتەشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ شىنجاڭدا قولغا ئالغان گومىنداڭنىڭ بارلىق پارتىيە ھۆكۈمەت خادىملىرى قويۇۋېتىلدى.

1987 - يىلى 8 - ئاي

ئىسمايىل ئۇبۇل تەرجىمىسى

ئامىنغا يەنىلا ناھايىتى چوڭقۇر، ناھايىتى ياخشى تەسىرلەر-نى بېرىپ، ئۇلارغا ئىنقىلاب ئورۇقىنى چاچتى.

1942 - يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭ جياڭ جېشىغا ئەگە-شىپ ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، بىزنىڭ شىنجاڭدا ئىشلە-ۋاتقان بارلىق يولداشلىرىمىزنى ئورۇمچىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئالدىدا نەزەربەنت قىلىپ، كېيىندىنلا تۈرمىگە سولىدى. بىز تۈرمىگە سولانغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۈشمەنگە قارشى چىۋەرلىك بىلەن بىر قاتار كۈرەشلەرنى قانات يايدۇردۇق. بىر مۇنچە يولداشلىرىمىز كۈرەش جەريا-نىدا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى شەرەپ بىلەن قۇربان قىلدى. تاكى 1946 - يىلغا كەلگەندە پارتىيە مەركىزىي گومىنداڭ بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەت ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ۋەزىيەت ۋە جا-مائەت پىكىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، شېڭ شىسەي بىزنى قويۇپ بەرمەسلىككە ئامىلى قالمىدى.

گەرچە قويۇپ بېرىلگەن بولساقمۇ، شېڭ شىسەينىڭ كوممۇنىستلارغا بولغان زىيانكەشلىكى تۈگىمىدى. بىز يەنئەنگە قايتىپ كېتىۋاتقان يولىمىزدا بىزنىڭ بىر يولدىشىمىزنى ئۇلار يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈپ كەتتى.

بىز ئاخىرى يەنئەنگە قايتىپ كەلگىنىمىزدە، يەنئەن-دىكى يولداشلار بىزنى داغدۇغىلىق قارشى ئالدى. ماۋجۇشى بىزنى يەنە بىر ۋاق تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئېسىمدە قېلىشىچە ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن قوشۇننى باشلاپ يەنئەنگە قايتىپ كەلدى. ئىككى چوڭ ئىش بىر كېلىپ شۇ چاغدا يەنئەنمۇ ناھايىتى قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى مەن شىنجاڭدا توققۇز يىل تۈر-دۆم. بۇنىڭ بەش يىلىدا تۈرمىدە ياتتىم. ئۇ چاغدا مەن

ئوتتۇرىغا قويۇپ، ستالىندىن ياردەم تەلەپ قىلغانىدى. شۇ چاغدا ستالىن ئۇنىڭ بۇ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىنى بولىدىكەن دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانىدى. شېڭ شىسەيگە ياردەم قىلىپ ۋەزىيەتنى دەسلەپكى قەدەمدە تىنچلاندۇرغان. شېڭ شىسەينىڭ ئالتە بۈيۈك سىياسىتىگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىمۇ قوللاش پوزىتسىيىسىدە بولدى. شۇڭا يولداش چېن يۈن موسكۋادىن دۆلىتىمىزگە قايتىشتا، شىنجاڭغا چۈشۈپ ئۆتكەندە، شېڭ شىسەي پارتىيىمىزنىڭ كادىر ئەۋەتىپ، ئۆزىگە ياردەم قىلىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىز دەرھال ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلغان. مەن دەل شۇ چاغدا ماۋزېمىن، چېن تيەنچيۇ قاتارلىق 20 نەچچە يولداش بىلەن بىللە پارتىيە مەركىزىنىڭ ئەۋەتىشى ئارقىلىق يەنئەندىن شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەت قىلدىم.

بىز بۇ 20 نەچچەيلەن ئاساسەن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىدا ئىشلىدۇق. يولداش ماۋزېمىن نازىر بولدى. بىر نەچچەيلەن ئۈرۈمچىدە قالغاندىن سىرت، مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلارنىڭ ھەممىسى سىرت ناھىيىلەردە ئىشلىدى. مەن 1939 - يىلى يەكەن ناھىيىسىدە، 1940 - يىلى ئاقسۇدا، 1941 - يىلى خوتەندە بولۇپ، بۇ جايلاردا باج ئىدارە باشلىقى، ئالتۇن كان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدىم. شېڭ شىسەي ناھايىتىمۇ ھىلىگەر ئىدى. ئۇ بىزنى ھەم خىزمەت قىلدۇردى ھەم بىزدىن قورقاتتى. بىزنىڭ كىشىلىرىمىزنىڭ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسە ئاممىنى قىزىللاشتۇرۇۋېتىشىدىن قورقاتتى. شۇڭا بىزنى بىر يىلدا بىر يەرگە يۆتكەپ تۇردى. مۇشۇنداق قىلغان تەقدىردىمۇ يولداشلىرىمىز شىنجاڭدىكى ئەمگەكچان، جاپاكەش

ئەسكەرتىپ قوياي، خىزمەتنى جەزمەن ياخشى ئىشلەش كېرەك، ياخشى ئىشلىمەيدىكەنسەن، مەن سېنى ئايىمايمەن»، دېدى. مەن: «ئانداقتا سىز ماڭا ۋەزىپەمنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىڭ» دېدىم. يولداش ۋاڭ جېن: «ۋەزىپە دېسەڭ، ناھايىتى ئاددىيلا، ھازىر سوۋېت بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن جۇڭگو - سوۋېت مۇناسىۋىتىنى ياخشىلىشىمىز كېرەك. بىز نېفىت تېخنىكىسى تەرەپتە ھېچنىمە بىلمەيمىز، ئۇلاردىن ئۆگىنىشىمىز، تېخنىكا ئۆگىنىشىمىز، قابىلىيەت ئۆگىنىشىمىز، زامانىۋىلاشقان كارخانا باشقۇرۇشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم؛ ئىككىنچىدىن شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ھەر مىللەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىرلىكتە خىزمەت قىلىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ياخشىلىشىمىز لازىم» دېدى.

ۋەزىپە ئايدىڭلىشىپ، رەھبەرلىكمۇ قوللىغانلىقتىن كۆڭلۈم خېلى ئارام بولدى. شۇنىڭ بىلەن تېزدىن مايتاغقا بېرىپ، خىزمەتنى زىممىگە ئالدىم. (ئۇ چاغدا جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باش شتابى مايتاغدا ئىدى). مەن بىلەن شوپۇر، ئالاقىچى يەنە يولدىشىم بىللە باردى.

شۇ چاغدا جۇڭگو - سوۋېت شىركىتىگە قاراشلىق يەرلەر ئاز ئىدى. مايتاغدا بىرنەچچە نېفىت قۇدۇقلا بولۇپ، مەھسۇلاتى ناھايىتى ئاز، ئادىمىمۇ كۆپ ئەمەس، 200 دىن ئارتۇق سوۋېتلىك، جۇڭگولۇقلاردىن كۆپ دېگەندە ئىككى مىڭ ئادەم بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىشچى ئىدى. باش شىركەت ئىشتابىدا ئادەتتىكى كادىرلارنى سەپلەش ئۇياقتا تۇرسۇن رەھبىرى كادىرلارمۇ يوق ئىدى. مەن جۇڭگو تەرەپنىڭ باش دىرېكتورى بولغىنىم بىلەن ئەمەلىيەتتە ئەسكەرسىز سىلىڭ ئىدىم. شىركەتكە قاراشلىق 20 نەچچە باشقارمىلاردا سوۋېت-

ناھايىتى ياش بولۇپ، ئاران 23 ـ 24 لەردە ئىدىم. ئىنقىلاب بورانلىرىدا پارتىيە ۋە پىشقەدەم ئەجداتلىرىمىز مېنى ئالغا بېسىشقا باشلىدى. دەھشەتلىك كۈرەشلەر مەندە ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. لېكىن ئۇ بەرىبىر بىر مەيدان قاراڭغۇ- زۇلمەتلىك، ئېچىنىشلىق قانغا بويالغان جىنايەتتۇر. شىنجاڭدا ماڭا ھەقىقىي ئۇنتۇلغۇسىز بولغىنى يەنىلا ئازادلىقتىن كېيىن پارلاق كۈننىڭ نۇرىدا، يېڭى جۇڭگو ئۈچۈن نېفىت سانا- ئەتى ۋەزىيىتىنى بەرپا قىلغان كىشىلەر ۋە ئىشلاردۇر.

## ۋاڭ جېن ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتى

ئازادلىقتىن كېيىن، مەن 1950 ـ يىلى يەنە شىنجاڭغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلدىم. ئۇ چاغدا غەربىي ـ شىمال، مالىيە كومىتېتىدىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە كومىتېتىغا يۆت- كىلىپ كەلدىم. يولداش ۋاڭ جېن مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدى- رى ئىكەن. 1951 ـ يىلى جۇڭگو ـ سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇلۇپ، كادىر كام بولغانلىقتىن مېنى يۆتكەپ كېلىپ، جۇڭگو تەرەپنىڭ باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى.

خىزمىتىمنىڭ يۆتكىلىشى ھەققىدە يولداش ۋاڭ جېن مەن بىلەن پىكىرلەشكەنىدى. شۇ چاغدا نېفىت شىركىتىگە يۆتكىلىسەن دېگەننى ئاڭلاپ بىئارام بولغانىدىم. مەن يول- داش ۋاڭ جېنغا: «مەن ھېچنىمىنى بىلمەيمەن. ئىشلەپ كېتەلمەيمەن» دېدىم. يولداش ۋاڭ جېن: «مەن ساڭا ئارقا تىرەك بولىمەن. نىمە قىيىنچىلىق بولسا ماڭا دېسەڭلا بولىدۇ. كەچتە ئىزدىسەڭمۇ كۈندۈز ئىزدىسەڭمۇ بولىدۇ، قاچان قىيىنچى- لىققا دۇچ كەلسەڭ، شۇ چاغدا ئىزدىگىن. بىراق بىر نەرسىنى

دىرېكتورى. ئۇ بىر دوكلات بەرسۇن، ئوقۇغۇچىلارنى نېفىت شىركىتىگە بېرىپ ئىشلەشكە سەپەرۋەرلىك قىلماقچى» دېدى. ئوقۇغۇچىلار دەرھال يىغىلدى. مەن شىركەتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى ئېيتىپ بەردىم. ئۇ چاغدا ياشلارنى ئاسان باشقۇرغىلى بولاتتى. ئەھۋالنى دەپ، سەپەرۋەر قىلىشمىغىلا قىزغىن كەيپىياتتا بولۇپ، تالىشىپ تىزىملاتتى. كونكرېت سانى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەيتاۋۇر 1 — 2 يۈزدەك بار ئىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار روسچە ئۆگەنگەن بولغاچقا، سوۋېتلىكلەر بەكمۇ خوشال بولۇپ: «سىز ئادەم تولۇقلاپلا قالماستىن، بۇلار يەنە روسچە بىلىدىغىنى ياخشى بولدى ئەمەسمۇ» دېدى.

بۇ ئادەملەرنى ھەل قىلغان بىلەن يەنىلا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشالمايتتى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى: كادىر تەربىيىلەيلى، ئادەم ناھايىتى ئاز، يەنىلا ئادەم ئېلىش كېرەك دېدى. ئادەمنى نەدىن ئەكېلەرمەن؟ كېيىن مەركەزدىن سورىمامدىمەن دېگەن ئويغا كەلدىم، دەل مۇشۇ چاغدا، جۇزۇڭلى يولداش ۋاڭ جېنغا تېلېفون بېرىپ، ئۇنىڭغا بېيجىڭغا كېلىپ شىنجاڭدىكى ئىككى شىركەتنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغىن دەپتۇ. يولداش ۋاڭ جېن مەن بىلەن مېتاللورگىيە شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورىنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى. زۇڭلى بىزگە: «سىلەر ياخشى ئۆگىنىڭلار، جەزمەن بىر تۈركۈم تېخنىك كادىر يېتىشتۈرۈپ چىقىڭلار» دەپ تاپىلىدى. دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەن ئېغىر سانائەت ئىدارىسىغا بېرىپ ئادەم سورىدىم. ئۇ چاغدا يولداش چېن يۈ ئېغىر سانائەت بۇسىنىڭ بۇجاڭى ئىدى. ئۇ: بىزدە بىر يېقىلغۇ سانائەت كادىرلار مەكتىپى بار. ئۆزەڭ بېرىپ سەپەرۋەر قىلىپ باق دېدى.

لىكلەردىن باشقارما باشلىقى بولغاندىن تاشقىرى، جۇڭگو
تەرەپتىن بىرىمۇ يوق بولۇپ، قۇرۇق جازى ئىدى. مۇشۇ ئىش
توغرىسىدا يولداش ۋاڭ جېننى ئىزدەپ بېرىپ ئېيتتىم. ئۇ: «سەن
قانداق كادىر ئالماقچى؟» دەپ سورىدى. مەن: «باشقار-
ما دەرىجىلىك ئورگاندا، جۇڭگو تەرەپتىن بىرمۇ ئادەم يوق»
دېدىم. ئۇ: «ئانداقتا، مەن بۇ دۆيدىن 20 نەچچە كادىرنى
ئاجرىتىپ، ساڭا يۆتكەپ بېرەي دېدى. كېيىن ئۇ دەرھال
شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن 20 نەچچە
دىۋىزىيە، پولك دەرىجىلىك كادىر يۆتكەپ بەردى. يۈي پىڭ،
ساۋجىنسكۆي، فەن زىسجيۇ، جاڭ چىڭۋا قاتارلىق يولداشلار
شۇ چاغدا بارغانىدى. ليۇ شىتيەن، ليۇ جاۋمىڭ، جاڭ جىيادا،
خۇدانيەن قاتارلىق يولداشلار مۇشۇ چاغدا بارغان.

شۇنچىۋالا كادىرنى بەرگەندىن كېيىن باش شىركەت
ئىشتابىنىڭ جازىلىرى خېلىلا تولۇقلاندى.

رەھبىرى كادىرلار ھەل قىلىندى. ئەمدى ئادەتتىكى كا-
دىرلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن يەنە يولداش ۋاڭ
جېننى ئىزدەپ باردىم. ئۇ: «ساڭا ئادەتتىكى كادىر كېرەك
بولسا، بىزنىڭ بۇ يەردە بىر روس تىلى مەكتىپى بار. مې-
نىڭ يولدىشىم ئۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، سەن ئۇنىڭغا بىر دوكلات
بەرگىن، ئۆزەڭنىڭ بىڭسىڭغا قارايلى، قانچىسىنى سەپەرۋەر
قىلالساڭ، شۇنچىسى ساڭا ھېساب بولسۇن» دېدى. مەن نا-
ھايىتى خوش بولۇپ كەتتىم.

ئۇ چاغدا ئىش قىلغاندا، بارىمىز دېيىشكەنىمىز دەرھال
باراتتۇق. يولداش ۋاڭ جېن مېنى باشلاپ، روس تىلى مەك-
تىپىگە ئېلىپ بېرىپ، يولدىشىغا: «سەن ئوقۇغۇچىلارنى
يىغىپ كەل، ماۋۇ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باش

تۇراتتى. يولداش ۋاڭ جېن ئۇنىڭغا نېفىت شىركىتىنىڭ خىزمىتىنى كۆپەرەك قوللاپ تۇرۇشنى تاپىلىغانلىقتىن، ئۇ نېفىتلىك قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ناھايىتى ياخشى. يەنە كېلىپ شىخەنزە مايتاغقا يېقىن جايلاشقان بولغانلىقتىن، ئۇ دائىم مايتاغقا كېلىپ ئەھۋال ئۇقۇشۇپ كۆرۈپ، نىمە نەرسەگ-لەر يېتىشمەيۋاتىدۇ دەپ سوراپ تۇراتتى. بىزمۇ دائىم شىخەنزىگە بېرىپ، تۇرمۇش تەمىنات تەرەپتە بىرەر قىيىنچىلىق بولۇپ قالسىلا ئۇنى ئىزدەپ ھەل قىلدۇرۇۋالاتتۇق. شۇ چاغدا ئۇ بىزگە ھەقىقەتەن نۇرغۇن ئامال-چارە تېپىپ، ناھايىتى كۆپ تۇرمۇش تەرەپتىكى مەسىلىلەرنى ياردەملىشىپ ھەل قىلىپ بەرگەنىدى. مەسىلەن: يېمەكلىك، كىيىم-كېچەك، كۈندىلىك بۇيۇملار قاتارلىق نەرسىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە ئۇلارنى ئاۋارە قىلاتتۇق. ئاشلىقىمىز تۈگەپ قالسا، ئۇلاردىن ئالاتتۇق، يېمەكلىك ماي تۈگەپ قالسا، ئۇلاردىن ئالاتتۇق، كۆكتات، گۆش تۈگەپ قالسا ئۇلاردىن ئالاتتۇق ... ئۇلاردىن تاما قىلىدىغان نەرسىلىرىمىز راستىنىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار شۇ تەلەپ قىلغىنىمىزنىڭ ھەممىسىنى تەمىن ئېتەتتى. ئەيتاۋۇر ئۆزلىرىدە بولسىلا، قولىدىن كەلسىلا بار كۈچ بىلەن قوللاپ، ياردەم بېرەتتى. شۇ چاغدا سوۋېتلىكلەر گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلاتتى. بىر ئادەم كۈنىگە بىر جىڭدىن ئارتۇق يەيتتى. ئۇلاردىن 200 دىن ئارتۇق ئادەم بار ئىدى. يەنە مىللىي يولداشلارمۇ گۆشكە ئامراق بولۇپ، گۆشنىڭ ئېھتىياجلىق مىقدارى كۆپ ئىدى. لېكىن بىزگە قانچىلىق قوي، كالا گۆشى ھاجەت بولسا، شۇنچىلىق بار ئىدى. ئىككى چوڭ يەر گەمىنىڭ ئىچىنى تولدۇرۇپ ئېسىپ قوياتتۇق. بۇلارنىڭ ھەممى-

بۇ مەكتەپ شۇ ۋاقىتتا جياۋزودا ئىدى. مەن دەرھال باردىم.
بۇ ياشلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئاڭلىق ئىكەن. دوكلات
بەرگەندىن كېيىن، ئۇلار ناھايىتى خۇشال-خۇرام ھالدا
شىنجاڭغا بېرىشقا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ مەكتەپتىن
يەنە 2 — 3 يۈز كادىر ئالدىم، بۇنىڭغا كېيىن يولداش
ۋاڭ جېن پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىدىن يۆتكەپ بەرگەن
بىر تۈركۈم ئادەم، يەنە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئالىي،
ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتەپلەردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى
قوشقاندا، ئادەملىرىمىز بارغانسېرى كۆپىيىپ، قوشۇنىمىزدا
ئاساسەن بىر قوشۇن كەيپىياتى ۋۇجۇتقا كەلدى.
رەھبىرىي كادىرلار، ئادەتتىكى كادىرلار، تېخنىك
كادىرلارمۇ بار بولدى. خىزمىتىمىز ئاساسىي جەھەتتىن قانات
يېيىشقا باشلىدى. بۇلار شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۇن-
دىن كېيىنكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساس سالدى. بۇ
ئاساسنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى — يولداش ۋاڭ جېننىڭ باشتىن-
ئاخىر يېتەكچىلىكى ۋە زور كۈچ بىلەن قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن-
لىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

## جاڭ جۇڭخەن ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى
ئەسلىگىنىمىزدە، يەنە بىرەيلەن بار. ئۇ — يولداش جاڭ جۇڭ-
خەن. ئۇمۇ نۇرغۇن ياردەم قىلىپ، خىزمىتىمىزنى قوللاپ
قۇۋۋەتلىگەنىدى. يولداش جاڭ جۇڭخەن 22 - بىڭتۇەننىڭ سى-
لىڭيۈەنىدى. بوز يەر ئېچىش بىلەن شۇغۇللۇنۇپ، شىخەنزىدە

بىرنەچچە يۈز مېترلا بولۇپ، داھايىتى تېيىز ئىدى. مەن ئىشچىلاردىن ئەھۋال ئۇقۇشقىنىمدا كۆپچىلىكنىڭ دەيىرىتى داھايىتى ئۇستۇن ئىكەن. ئەلبەتتە شەرت-شارائىتىمۇ داھايىتى جاپالىق، تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى چېتى كۆرۈنمەيدىغان پايانسىز قۇملۇق. بىز ئۇ يەردە ئەتراپتىكى يەر تۈزۈلۈشىنى، سۇ مەنبەئىسىنى تەكشۈرۈپ كۆردۇق. بىزگە داھايىتى قاقاسلىقتەك كۆرۈندى.

شۇ قېتىمدا بىز ئۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىدۇق، رەسىمگە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرغانىدۇق. ئەشۇ رەسىملەر داھايىتىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى. بۇرۇن مەن ئۇنى داھايىتى پۇختا ساقلاپ كەلگەنىدىم، ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مالىماتاڭچىلىقىدا، ھەممىسىنى يۈتتۈرۈۋالدىم.

يەنە بىر قېتىمدا مەن لى جۈيكۈي بۇجاڭ بىلەن بىللە قاراماي غا باردىم. ياز كۈنى كۈن داھايىتى ئىسسىق، ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى كۆچمە تاقتاي ئۆيلەردە يېتىپتۇ. لى بۇجاڭ ئىشچىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا ئىشچىلار: «لى بۇجاڭ كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ، كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆدەك كاۋاپىنى يەيدىغان بولدىڭىزدە» دېدى. مەن دەسلەپ ئاڭلىغاندا ئانچە ئاڭقىرالماي، چۈشەنمەي قالدىم، كېيىن، ئويلىسام ئىشچىلار ئەسلى بۇ كۆچمە تاختاي ئۆينى كاۋاپدانغا ئوخشۇتۇپتۇ. لى بۇجاڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار بىللە ئولتۇرۇپ خىزمەت، تۇرمۇش، كەلگۈسى ھەققىدە ئۇلار بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئىشچىلار مەيدە تەرەپكە ھېچنىمە كەيمىگەن، يالاڭاچ ئولتۇرسىمۇ چىپىلداپ تەر ئېقىپ تۇراتتى، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ ۋاقىتتىكى قاراماي ھەقىقەتەنمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى چۈشەن-

سى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىدىكى يولداش جاڭ جۇڭخەنىڭ قوللىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. كېيىن نېفىتلىكتە ئۆي سېلىش، يول ياساش، سۇ تۇرۇبا لىنىيىسىنى ياتقۇزۇش ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يەنە زور مىقداردا ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە ئاپتوموبىللارنى ياردەم قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ نېفىتلىكىمىز قۇرۇلۇشى ئۈچۈن دەل ۋاقتىدا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلىرىمىزنى ھەل قىلىپ بەردى. شۇڭا بىز شىنجاڭ نېفىت سانائەت قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىدا يولداش جاڭ جۇڭخەنىڭ تۆھپىسى بار. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى، تۇرمۇش ماددىي بۇيۇملار تەمىناتى بازىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن شىنجاڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم روللارنى ئوينىدى دەيمىز.

## مەن بىلەن قاراماي

جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باش شتابى، دەسلەپتە مايتاغدا تەسىس قىلىنىپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ بارغانىدى. قارامايدىن خېلىلا يىراق بولسىمۇ، قاراماىغا چارلاشنى ئېلىپ بارغاندىن تارتىپ، مەن دائىم بېرىپ تۇراتتىم.

مەن 1952 - يىلى تۇنجى قېتىم قاراماىغا باردىم. ئۇ چاغدا قاراماي دېمەستىن «قارامايتاغ» (كونا قاراماي — 黑油山) دەپ ئاتايتتى. مەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن بىللە بارغانىدىم. بىزنىڭ گېئولوگىيە خادىملىرىمىز «قارامايتاغ» دا تېيىز قۇدۇق قېزىپ، چارلاش ئېلىپ بارغانىدى. قۇدۇقلار

سانائەتتە ئايال يولداشلار كام. لايىق ئىزدەي دېسىمۇ ئامىلى يوق ئىدى. بۇ ئىش گەرچە ھېچقانداق بىر ئاجايىپ چوڭ ئىش ھېسابلانمىسىمۇ، لېكىن بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەكمۇ كىچىك ئىش دېگىلى بولمايتتى. ياخشى بىر تەرەپ قىلمىسا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيەۋىي كەيپىياتىغا تەسىر قىلىپ، خىزمەتكە زىيان كەلتۈرۈشى شۈبھىسىز ئىدى.

كېيىن مەن بىر ئامال تاپتىم. ھېلىقى «1 - ئىيۇن» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتتىم. بۇ زاۋۇتتا ئاياللار كۆپ، ئەرلەر ئاز ئىدى. دەسلەپتە ئۆزەم تونۇشتۇرغۇچى بولۇپ باشقىلارغا ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، بىرنەچچە جۈپ مۇھەببەتلىشىپ پۈتىشكەندىن كېيىن، ئۇلارغا ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۇلارنى باشقىلارغا ياردەم قىلىپ كۆۋرۈك بولۇشىنى تاپشۇردۇم. شۇنداق قىلىپ بىر - بىرىنى يېتەكلەپ مېڭىش (قاردۇملىتىش) ئۇسۇلى ئارقىلىق تونۇشتۇرغانلىرى كۆپىيىپ، بىرمۇنچە يولداشنىڭ شەخسى ئائىلە مەسىلىسى پەيدىنپەي ھەل قىلىنىپ ئۆيلىنىشكە باشلىدى.

بۇ ئىشنىڭ كېيىنكى ئۈنۈمىدىن قارىغىنىمىزدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تۇراقلاندۇرۇش، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش، يېڭى چارلاش رايونلىرىنى ئېچىش تەرەپلەردە يەنىلا بەزى ئاكتىپ روللارنى ئوينىدى.

يەنە بىر ئىش: شۇ چاغدا نېفىت سانائىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەسىپ ئۆگىنىش ئاتموسفېراسى ناھايىتى قويۇق ئىدى. بۇ تەرەپتە، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىمۇ ناھايىتى چىڭ تۇتاتتى، تەلەپىمۇ ناھايىتى قاتتىق ئىدى.

ئەڭ ئالدى بىلەن باش دىرېكتور بولغان مەن ئۆزەممۇ نېفىت تېخنىكىسىنى بىلمىگەنلىكتىن، كارخانا باشقۇرۇش-

دۇرۇپ بېرىدۇ. شۇ چاغدىكىدەك جاپا مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىش روھى بولمىسا، قارامايىنىڭ كېيىنكى مەزگىللەردە يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى چوڭ نېفىتلىك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شارائىت جاپالىق بولسا، كىشىلەر مەجبۇرىي مېڭە ئىشلىتىدىكەن. كېيىن كۆپچىلىك بىر ئامال تاپتى. ئۆيىنىڭ يېرىمىنى يەرنىڭ ئاستىغا كەلتۈرۈپ، يېرىمىنى ئۈستىگە قويۇپ ياسىدى. بۇنى يەر كەمە دەپ ئاتايتتى. كەمە كۆچمە تاختاي ئۆيگە قارىغاندا خېلىلا سالقىن ھەم كەڭرەك قىلىپ ياساشقا بولىدىكەن. مۇشۇ ئەۋزەللىكى بولغانلىقتىن، شۇ چاغدىن تارتىپ كېيىنكى بىر مەزگىلگىچە ئىشلىتىپ كەلدى. نېفىتلىكتە ساراي، ئاشخانا، ئىشخانا، يېڭى ئۆي ياساشتا، پۈتۈنلەي يەر كەمىدىن ياسالدى.

## باشقا ئىككى ئىش

يەنە ئىككى ئىش بار ئىدى. گەرچە ئانچە چوڭ ئىش بولمىسىمۇ مېنىڭچە ئەسلەپ قويۇشقا تېگىشلىك دەپ قارايمەن.

بۇنىڭ بىرىنچىسى: نېفىت شىركىتىگە بىراقلا شۇنچە كۆپ ئادەم ئەكەلدۇق. بۇلارنىڭ ئىچىدە خېلى كۆپ قىسمى ھەربىي قوشۇندىن كەلگەچكە، يېشى چوڭىيىپ كەتكەن. ئادەم چوڭايغاندىن كېيىن ئۆيلىنىش كېرەكتە، لېكىن ئۇلار قوشۇندا ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەنلىكتىن ئۆيلىنىشكە نەدىكى ۋاقىت، نەدىكى شارائىت بولسۇن، شۇڭا يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ يەنىلا بويتاقلار ئىدى. دەرۋەقە، ئۇلار ئۆزلىرىگە لايىق ئىزدىمەيدۇ ئەمەس. نېفىتتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر

# ئەينى يىللاردىكى ئىگىلىك تىكلەش ھەققىدە

لي جين

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان-
دىن كېيىن تەرەققى قىلىنغان. 1950 - يىلى 10 - ئايدا،
جۇڭگو - سوۋېت كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن، مايتاغدا جۇڭگو-
سوۋېت شىركىتى باش جىڭلى بۇسىنى قۇردى. 1951 - يىلىنىڭ
بېشىدا، مايتاغ نېفىت كانى نېفىت بۇرغىلاش چارلاشنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى. 1951 - يىلى 4 - ئايدا،
مەن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ مايتاغ جۇڭگو - سوۋېت نېفىت
شىركىتىگە كېلىپ، باش شىركەتنىڭ مەسئۇل بوغالتىرلىقىنى
ئۈستۈمگە ئالدىم. ئۇ ۋاقىتلاردا ياتما شەكىلدىكى چەككىلەش
قازىنىغا تايىنىپ نېفىت ئايرىپ، پەقەت ئۆزىمىز ئىشلىتىدىغان
بىر قىسىم نېفىتنى ھەل قىلاتتۇق، شىنجاڭنىڭ يەرلىكتە
ئىشلىتىدىغان نېفىتنىڭ كۆپ قىسمىنى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن
ئىمپورت قىلساق يەنە بىر قىسمىنى يۈمىن نېفىت كانىدىن
توشۇپ ئەكىلەتتۇق. 1951 - يىلى 4 - ئايدىن كېيىن، سوۋېت
ئىتتىپاقىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى ئارقا - ئارقىدىن مايتاغقا
كېلىپ، بۇرغىلاش، نېفىت ئېلىش قاتارلىقلارنى باشلاپ.
مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا ھاياتى كۈچ ئېلىپ كەلدى.
كونا نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ياتما شەكىلدىكى چەككى-
لەش قازىنىنى ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىپ قۇرۇش ئارقىلىق

نىمۇ بىلمىگەنلىكىمدىن، شەرتسىز ھالدا كىچىك ئوقۇغۇچى
بولۇپ، سەممىيلىك بىلەن ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. شۇ
چاغدا، سوۋېتلىك بىر پىلان باشقارمىزنىڭ باشلىقى بار ئىدى.
ئۇ ماڭا بىر ئۆگىنىش پراگراممىسىنى تېپىپ كەلدى. ھەر ھەپتىدە
ماڭا دەرس بېرەتتى. كارخانىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى
قانداق ئىشلەش كېرەك ۋە ئادەتتىكى نېفىت بىلىملىرىنى
سۆزلەپ بېرەتتى. روس تىلىنىمۇ ئوقۇتتى. ئەشۇنداق كەيپى-
يات ۋە بېسىم ئاستىدا مەن بىرئاز نەرسە ئۆگەندىم،
ئەپسۇسكى ئۆگەنگىنىم ناھايىتى ئاز بولۇپ قالدى.

شۇ چاغدا ئاساسى قاتلاملاردا، ھەرقايسى كەسىپلەرگە
توغرىلاپ، كەسپىي ئۆگىنىش بار ئىدى. بۇرغىلاشنىڭ بۇرغى-
لاش تەرەپتىكى، نېفىت ئېلىشنىڭ نېفىت ئېلىش تەرەپتىكى،
ترانسپورتنىڭ ترانسپورت تەرەپتىكى، ئەيتاۋۇر ھەر كە-
سىپنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك كەسپىي ئۆگىنىش بار ئىدى.
سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بۇ تەرەپتە ئىنتايىن مەسئۇلىياتچان
بولۇپ، جۇڭگونىڭ نېفىت سانائىتى تەرەپتىكى تېخنىك
كادىرلىرىنى تەربىيىلەشكە خېلى كۈچ سەرىپ قىلغانىدى. شۇ
چاغدا بىزنىڭ بىرنەچچە يولداشلىرىمىز پەقەت تېخنىكا بىلىم-
لىرىنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماستىن، روسچىنىمۇ ياخشى ئۆگەن-
دى. يەنە بىر قىسىم يولداشلارنى سوۋېتكە ئەۋەتىپ سېستىمىلىق
ئوقۇتتۇق. ھازىرقى ئەھۋالدىن ئالغاندا، شۇ ۋاقىتتىكى كەسپىي
ئۆگىنىشنى تۇتۇشىمىز توغرا بولغان، پايدىسى كۆپ بولغان.
ئاز بولمىغان تېخنىك خادىملىرىمىز، كېيىنكى نېفىتلىك قۇرۇ-
لۇشلىرىدا ھەممىسى دېگۈدەك كەۋدىلىك تۆھپىلەرنى قوشتى.

1984 - يىلى 5 - ئاي

ئالتۇن تەرجىمىسى

لاردا، كۆپچىلىك ئۆزلىكىدىن مەدەنىي - كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇراتتى. مىللىي يولداشلار ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر بولغاچقا، كۆپچىلىك چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، بەزىلىرى ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى ئۇسسۇل ئويناپ، كۈلكە-چاقچاق بىلەن ئەمگەك مەيدانىنى ئىنتايىن قىزىتىۋېتەتتى. ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن كۆپچىلىك ھاردۇق چىقىرىپ كاناۋنى ھەم كۆپ ھەم تېز ھەم ياخشى قېزىپ بولاتتى. گەرچە ئۇ ۋاقىتلاردا ئادەم كۈچىگە تايىنىپ كاناۋ قازغاچقا ئەمگەك سىجىللىقى ئىنتايىن چوڭ بولسىمۇ لېكىن ئىشچى - قىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى جىددىيلىك ھەم خوشاللىق ھېس قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ بىز ھەققەتەن يەكشەنبە كۈنلىرى خالىسانە ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئىككى قولىمىز بىلەن تۇرۇبا كاناۋنى قېزىپ، سۈپسۈزۈك سۇنى تۇرۇبا ئارقىلىق كانرايونغا ئاقتۇزۇپ كىرگۈزدۇق. بۇ ۋاقىتتا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنىڭ قەلبى خوشاللىنىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىمۇ باش بارمىقىنى چىقىرىپ قايتا - قايتا «خارۇشۇ» (ئىنتايىن ياخشى) دېدى.

ئەينى ۋاقىتتا بىز كەسىپ ئالماشتۇرغاندا، شىنجاڭ تارماق ئىدارىسىنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ جېن بىزگە، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى، چەت ئەل تىلىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، چېگرا رايون ۋە نېفىت تارمىقىدا خاتىرجەم خىزمەت قىلىشىڭلار لازىم دەپ يوليورۇق بەردى. شۇڭا بىز شىركەتكە كېلىپ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلساق، يەنە بىر تەرەپتىن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرجىمان يولداشلار بىزگە

پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى ئۆستۈرۈلۈپ، يېڭى نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ چىقىش قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلدى. 1952 - يىلى 6 - ئايدا ھازىرقى زاۋۇت ئورنىغا يىلىغا 70 مىڭ توننا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە نورمال بېسىمدىكى تۇرۇبىسىمان چەككىلەش قازىنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى قۇرۇپ چىقتى. كېيىن نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، كۈن سايىن يېڭىلىنىپ، يىلدىن - يىلغا تەرەققىي قىلدى. مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىگە ئوخشاش ئوتتۇرا تىپتىكى بىر مىليون 500 مىڭ توننا يېقىلغۇ - سىلىقلاش مېيىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە نېفىت ئايرىش زاۋۇتى بولۇپ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن بېسىپ ئۆتكەن ئاشۇ يىللاردىكى ئىگىلىك تىكلەش تارىخىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالغىلى بولسۇن.

چۆل جەزىرىدە سۇ گۆھەردىنمۇ قىممەتلىك. نېفىت ئايرىش ئىشلەپچىقىرىشىدا سۇدىن ئايرىلغىلى بولمايدۇ. كېرەكلىك بولغان سۇ ۋە توكنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا رەھبەرلىك بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى خالىسانە ئەمگەك قىلىشقا تەشكىللەپ 6Km يىراقلىقتىكى كۈيتۇن دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىن تۇرۇبا كاناۋى كولاپ، تۇرۇبا لىنىيەسىنى كۆمدۈردى، رەھبەرلىك قورال - سايمانلارنى تەييارلاشنى تارتىپ، يەيدىغان تاماق، ئىچىدىغان سۇ، داۋالاش، قاتناش قاتارلىق جەھەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان. كۆپچىلىكنىڭمۇ ئەمگەك قىلىش قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئىش مەيدانىدا قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەن ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلغان. دەم ئېلىش ۋاقتى-

ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردۇق. ھەر ۋاقىت، ھەر ئىشتا مىللەت-لەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ، مىللىي يولداشلارنىڭ تۇرمۇش ـ ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلدۇق. كانرايونىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن بولۇپ، يېڭى كەلگەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، بۇدۇيدىن كەسىپ ئالماشقانلار، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنىپ كەلگەنلەر، يۆتكىلىپ كەلگەنلەر ئۇندىن باشقا جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىنغانلار. ئومۇمەن كىم بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر. ئۇلار-غا كانرايونىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرغان چاغدا، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇھىملىقى سۆزلىنەتتى ھەم سوۋېت مۇتەخەس-سىسلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بېرىلەتتى. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى ياخشى ئىشلەنگەنلىكتىن، كۆپچىلىك بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، پارتىيە بىزگە تاپشۇرغان جاپا ـ مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەردىن ئورۇنداپ بولالمىغىنى يوق. كانرايوندا بىر قانچە قېتىملىق چوڭ زەربىدارلىق قىلىش ۋەزىپىسىنى، پۈتۈن كانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ تالىشىپ ئورۇندايتتى. مەسىلەن: ئەينى ۋاقىتتا نېفىت قۇدۇقلىرىدا بىر قانچە قېتىم ئوت كېتىش ئاۋارىيەسى يۈز بەرگەندە، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مىللەت ئايرىماي، سېنىڭ ـ مېنىڭ دېمەي، ھەممىسى ھاياتى-نىڭ خىيىم ـ خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي ئوتنى ئۆچۈرۈپ دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا سوۋېتلىكلەر بۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن قايىل بولدى.

(1988 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى)

سېيتۋالدى قاسىم تەرجىمىسى

روس تىل - يېزىقىنى ئۆگەتتى. بۇ بىزنىڭ ھەر كۈندىكى ئوقۇشقا تېگىشلىك دەرسىمىز بولۇپ، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلاتتى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن بىزگە بىر سائەت كەسپىي دەرس ئۆتۈپ بېرەتتى. ئۇلار خىزمەتتە ئىنتايىن قىزغىن ۋە ئەستايىدىل ئىدى. مەسىلەن: مالىيە ۋە بۇغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تۈزگەندە، ئۇلار بىر تۈر - بىر تۈر بويىچە بىزگە ئۆگىتەتتى ۋە نىمە ئۈچۈن تەننەرقىنى ھېسابلاش، قانداق ھېسابلاش، نېمىلەرنى ھېسابلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە سەۋرچانلىق بىلەن دەرس ئۆتۈپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز بىرقانچە يىل ئىچىدە ئازىراق نەرسە ئۆگىنىپ، بىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى سانائەت بوغالتىرلىق ھېساۋاتى ئۈچۈن بىر-ئاز ئاساس سېلىۋالدۇق. مەنمۇ بۇرۇنقى سانائەت بوغالتىرلىق ھېساۋاتىنى بىلمەسلىكتىن، سانائەت بوغالتىرلىق ھېسابلاش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ۋە قانداق قىلغاندا كارخانىنىڭ مالىيە-سىنى باشقۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم ھەمدە ئەمەلىيەت ئاساسىدا دۆلەت ئىچىدىكى كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈ-رۈپ، كارخانىلارنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇش ۋە بوغالتىرلىق ھېساۋاتىنى، تەدرىجىي ھالدا جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپ-چىقىرىشىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇردۇق.

كەسىپ ئالماشتۇرغان ۋاقىتتا، پارتىيە تەشكىلى سەمى-مىلىك بىلەن بىزگە چوقۇم مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېتىبار بېرىشىمىز لازىم، بۇ خىزمىتىمىزدە غەلىبە قازىنىشىمىزنىڭ كاپالىتى دەپ تەلىم بەرگەنىدى. شۇڭلاشقا، بىز كارخا-نىغا بارغاندىن كېيىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مەسىلىسىگە

## 1 مەركەزدىن ئارتىپ يەرلىكلەرگىچە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى مايتاغقا غەمخورلۇق قىلدى ۋە ياردەم بەردى

مايتاغ نېفىت كانى 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئازاد بولغاندا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خادىم- لار ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىش ھالىتىدە ئىدى. 1950 - يىلى جۇڭگو - سوۋېت رەسمىي كېلىشىم ئىمزالاپ، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇ- رۇلغان، ئورنى مايتاغدا ئىدى. شىركەتتە باشقۇرۇش كومىتېتى تەسىس قىلىنىپ، جىلك، مۇئاۋىن باش دىرېكتور تەيىنلەنگەن. باشقارمىدىن يۇقىرى رەھبىرى كادىرلارنى جۇڭگو - سوۋېت ئىككى تەرەپ ھەرقايسىسى بېرىدىن كىشى تەيىنلىگەن، ئىككى تەرەپنىڭ جىلك، مۇئاۋىن ۋەزىپىدىكىلىرى ھەر 3 يىلدا بىر قېتىم ئالماشتۇرۇلاتتى. 1951 - يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى، كېلىشىم ئاخىرلاشتى. 1955 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىركەت پۈتۈنلەي دۆلىتىمىزگە تاپشۇرۇپ بېرىلىپ، سوۋېت تەرەپ خادىملار ئارقا - ئارقىدىن دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مايتاغ نېفىت كانىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دۆلىتىمىز ئۆز كۈچى- گە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگى- لىك يارىتىش روھى بويىچە، تەشكىلى جەھەتتىن، خادىملار جەھەتتىن، ماددىي ئەشيا جەھەتتىن، تۇرمۇش تەمىنات قاتارلىق نۇرغۇنلىغان جەھەتلەردىن كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوۋېت تەرەپتىن تەكلىپ

# 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتى توغرىسىدا

ليۇ شىتيەن

مەن 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى 6 - كورپۇس 16 - دىۋىزىيىسى بىلەن بىللە شىنجاڭ قۇمۇلغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدىم. ئەينى ۋاقىتتا قىسىمىمىز مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ: بانditلارنى تازىلاپ زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەرلىكنىڭ خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىپ، چوڭ ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش مۇھىم يوليورۇقىنى ئومومىيۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىۋاتاتتى. 1951 - يىلى 4 - ئايدا، مەن شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، كەسىپ ئالماشتۇرۇپ مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ، ئالدىدا تېخنىكا ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىدا، 8 ئايدىن كېيىن يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىغا يۆتكىلىپ ئىشلىدىم.

1986 - يىلى مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقى توشقان كۈنلەردە، ئۆتمۈشكە نەزەر تاشلاپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىگىنىمدە، 50 - يىللارنىڭ دەسلەۋىدە مايتاغ نېفىت كانىدا تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئىشلىگەن 5 يىللىق ئەھۋاللار ئېسىمگە كەلدى ......

ۋۇ، ۋاڭ خۇي، ساۋ كۇنسەي قاتارلىق يولداشلار ۋە مەن دەل مۇشۇنداق تارىخىي شارائىتتا مايتاغ نېفىت كانىغا كەلگەنىدۇق. كېيىن يەنە ئارقا-ئارقىدىن ھەربىي رايوننىڭ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىۋىدىن نەچچە ئون نەپەر لىيەن، پەي دەرىجىلىك كادىرلار يۆتكەپ كېلىنىپ كان رايونىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتى كۈچەيتىلدى. يەنە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردىن، شىنجاڭ روس تىلى مەكتىۋىدىن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلار تەقسىم قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتى تولۇقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە باشقا ئۆلكىلىك پارتكوملارنىڭ قوللىشى ئاستىدا، يەنە مازەي، ۋاڭ چىرىن، لى ۋاڭجاڭ، جاڭ جىلىن، شى جۈن، خى زىلى، جاۋ يەن، چېڭ يۈنشەن، گو جىڭگۇڭ، جاۋ مىڭيى، گاۋسىن سۇن شاڭۋۇ، ماخۇامىن، گوجۇي قاتارلىق يولداشلار يۆتكۈلۈپ كەلدى، كېيىن نېفىت مىنىستىرلىقى يەنە شىئەن نېفىت بۇرغىلاش چارلاش ئىدارىسى، يەنچاڭ نېفىت كانى، يۈمەن نېفىت كانلىرىدىن جاڭ ۋېيبىڭ، چېن فېڭ، شى جيۇگۇاڭ لى گۇاڭجېڭ، جى جىنياۋ، خۇ شۇجىن ماجىشياڭ، ۋاڭ جاۋمىڭ، ليۇ جەنلۇن، ياۋ جىنسەي قاتارلىق كىشىلەرنى يۆتكەپ كەلدى. بۇ يولداشلار مايتاغقا كەلگەنىدىن كېيىن، باش دىرېكتور بۆلۈمى ۋە مايتاغ نېفىت كانىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولغاچقا ئەينى ۋاقىتتا ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىچىدىنمۇ بەزى يولداشلارنى تاللاپ باش دىرېكتور بۆلۈمى ۋە مايتاغ نېفىت كانىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى تولۇقلانغان بولۇپ، ئالىم ئاخۇن، مىجىت، ۋارىسجان تۇردى

قىلىنغان خادىملارنىڭ خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشى ئىشلەپ ئۇلارنىڭ تېخنىكا ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلار- نىڭ مۇۋاپىق تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلدۇق. بۇ خىزمەت تاكى 1956 - يىلغىچە داۋام قىلدى.

خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن، مېنىڭ سىرت بىلەن بولغان ئۇچرىشىشىم بىر قەدەر كۆپ ئىدى، تەسىراتىم ئەڭ چوڭقۇر بولغىنى — مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ تەرەققىياتى مەركىزىي كومىتېت، نېفىت مىنىستىرلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە رەھبەرلىرىنىڭ مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىدىن ئايرىلمايدىغانلىقىدا. 1952 - يىلى يولداش ۋاڭ جېن شەخسەن ئۆزى جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يولداش چيەن پىڭ (بىللە بارغان- لارنىڭ ئىچىدە يەنە جۇڭگو سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركى- تىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بار)لارنى باشلاپ، بېيجىڭ- غا بېرىپ جۇئېنلەي زۇڭلىغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى. جۇزۇڭلى: جۇڭگو تەرەپ خادىملار ياخشى ئۆگىنىپ، چوقۇم بىر تۈركۈم تېخنىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك دەپ يوليورۇق بەردى. يولداش ۋاڭ جېن بۇيرۇق چۈشۈ- رۈپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ 2 -، 6 - كورپۇسلىرىدىن ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىن 20 نەچچە نەپەر كادىرنى يۆتكەپ، جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتىنىڭ باشقارمىدىن يۇ- قىرى ئاپپاراتلىرىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلەشكە تولۇقلىدى. لى فېڭ، جياپېيېو، تىياڭ ئىەنلۇ، لې جېن، ليۇجاۋمىن، جاڭ جيادا، نەن زىجىۇ، ساۋ جىنگۇي، يۇ پىڭ، خەن جىڭدا، جاڭ يەن، شى جېنشي، جۇجۇڭ-

مىنىستىرى يولداش چېن يۈي، 1955 - يىلى نېفىت مىنىستىرلىقى-
نىڭ مىنىستىرى يولداش لى جۈيكۈي، 1956 - يىلى نېفىت
مىنىستىرلىقى مىنىستىر ياردەمچىسى يولداش كاڭ شىئېنلەرنىڭ
ھەممىسى شىنجاڭغا كەلگەن. مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئىشلەپچىقى-
رىش ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىغا غەمخور-
لۇق قىلاتتى. يۇقىرىدىكى پاكىتلار شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى ۋە سەممىي
غەمخورلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي
رايون پارتكومى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەن پارتكومى-
نىڭ رەھبەرلىكى ۋە قوللىشى، نېفىت مىنىستىرلىقى پارتكومى-
نىڭ رەھبەرلىكى ۋە كونكرېت تەشكىلىي قارارى، شىنجاڭ
نېفىت سانائىتىنىڭ ئالدى بىلەن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئۈز-
لۈكسىز تەرەققىي قىلىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغا-
نىدى.

## 2. تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشى لازىم

مەن تۇرغان يىمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى-
غا قاراشلىق ئورۇنلاردىن 1951 - يىلى پەقەت بىرىنچى
ئاشخانا (مىللىي يولداشلار تاماق يەيدىغان)، ئىككىنچى
ئاشخانا (خەنزۇ يولداشلار تاماق يەيدىغان)، مۇتەخەسسىسلەر
ئاشخانىسى (سوۋېت تەرەپ خادىملار تاماق يەيدىغان)
ۋە كۆيتۈك دېھقانچىلىق مەيدانى، بولكىخانا، ئاتقورا، قۇش-
خانا قاتارلىقلار بار ئىدى. بۇرغىلاش چارلاش خىزمىتىنىڭ
ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ ئارقا-

ۋارىس سىدىق، قابىدوللا، مىرزاباي، ئەلىيوف، بىيدانىمەت ۋا ڧا قاتارلىقلار بار ئىدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى يولداش ۋاڭ ئىنماۋ، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى يولداش بۇرھان شەھىدى، مالىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش شىن لەننىڭ، باش كاتىپ يولداش لونەيتاڭ، سودا نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش گاۋ يەنشەن، ھەربىي رايوننىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۇەنى يولداش جاڭ شىچىڭ، ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش جاڭ يىڭمىڭ قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەممىسى شەخسەن ئۆزلىرى مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى يەنە مايتاغقا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلاتتى. ھەربىي رايون ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى يولداش جاڭ جۇڭخەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە يولداش ۋاڭ جېننىڭ ھاۋالىسى بويىچە، بىر مەزگىل مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خىزمىتىنى قوشۇمچە باشقۇراتتى، بىز دائىم شىخەنزىگە بېرىپ ئۇنىڭدىن يولىيورۇق سوراپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىپ تۇراتتۇق. مەن يىمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسىنى باشقۇرغاچقا بېرىشىم تېخىمۇ كۆپ بولاتتى، ئاشلىق بولمىسا ئۇنى تېپىپ ئاشلىق ئالاتتىم، كۆكتات بولمىسا ئۇنى تېپىپ كۆكتات ئالاتتىم، گۆش بولمىسا ئۇنى تېپىپ گۆش ئالاتتىم، كاندا ئۆي ياساش، تاشيول ياساش، سۇ تورۇبا لىنىيىسى ياتقۇزۇش قاتارلىقلاردا قىيىنچىلىق بولغاندا، ئۇ ھامان قانائەتلىنەرلىك ھەل قىلىپ بېرەتتى.

1954 - يىلى، يىقىلغۇ خىمىيە سانائىتىنىڭ مىنىستىرلىقىنىڭ

تەمىنلەش خىزمىتىنى ئىشلىگەن يولداشلارمۇ سوبىيېكتىپ ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەر مال مەنبەلىرىنى تەشكىللىدى. 1952 - يىلىنىڭ بىر كۈنى، مەن ھەربىي رايون ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش گەن زۇچاڭنىڭ شىخو ناھىيىسىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال بېرىپ ئۇنىڭغا مايتاغ نېفىت كانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى يۈزتۇرانە دوكلات قىلدىم. يولداش گەن زۇچاڭ دەرھال مايتاغقا بېرىلىدىغان كۆچمە مەبلەغنى كۆپەيتىپ بېرىپ، خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى مەخسۇس مايتاغ كان رايونلۇق سودا شىركىتىنى قۇردى. غۇلجا شىنجاڭدىكى بىر قەدەر چوڭراق شەھەر بولۇپ، گۆش يېمەكلىكلىرى، مېۋە - چېۋە ۋە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى بىر قەدەر كۆپ. بىز شۇڭا ئۇلار بىلەن بولغان خىزمەت ئالاقىسىنى ئورناتتۇق. ئۇلار ئۈزۈم، كۆكتات، ئۇن شۇنىڭدەك قېزا قاتارلىق تۈرلۈك گۆشتە ياسالغان بۇيۇملار بىلەن دائىم تەمىنلەپ تۇراتتى. بۇلار سوۋېتلىك خادىملار ۋە ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىنتايىن ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. كۆيتۇن دېھقانچىلىق مەيدانى مايتاغ نېفىت كانى دەسلەپ قۇرۇلغان مەزگىللەردىكى كوكتات ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى، دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىقى ئاستىدا، ھەر يىلى تەمىنلەيدىغان كۆكتاتلارنىڭ سانى ئاز ئەمەس ئىدى. 1955-يىلى يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن

ئارقىدىن كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، يېڭىدىن 6 - ئاشخانا (مىللىي
يولداشلار تاماق يەيدىغان، بىرىنچى ئاشخانا ئەمەلدىن قالدۇرۇل-
غان) يەتتىنچى ئاشخانا (خەنزۇ يولداشلار تاماق يەيدىغان.)
مېخانىزم زاۋۇتىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاشخانا قاتارلىقلار ياسالدى،
سىرتقى رايونلاردا يەنە قېيىندىق، يەنسىخەي، قورغاس،
چىڭگۇ، كۇيتۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى، شىخو نەنسەن كۆمۈر-
كانىنىڭ ئاشخانىسى ۋە كان رايونىنىڭ ساناتورىيەسىنىڭ
ئاشخانىسى، يەسلى ئاشخانىلىرى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. بۇ
يەردە ئىزاھات بېرىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى،
مايتاغ نېفىت كانىنىڭ تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتى، كان
رايونلۇق پارتىيە مەمۇرىيەتنىڭ رەھبەرلىكىدە يېمەكلىكلەر
بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى بىر تۇتاش تەشكىللەپ، كونكرېت
رەھبەرلىك قىلغانىدى. باش دىرېكتور بۆلۈمى 1953 - يىلى
ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىنكى نۇرباغ ئاشخانىسىغا،
كەسپىي جەھەتتىن يەنىلا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش
باشقارمىسى مەسئۇل ئىدى. كان رايونلۇق پارتىيە مەمۇرىيەت
رەھبەرلىرىنىڭ تۇرمۇش تەمىنلەش چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش
ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشى لازىم دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا
ئاساسەن، يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى ئاساسلى-
قى تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتىكى مۇلازىمەت خىزمىتىنى چىڭ
تۇتتى.

بىرىنچى، ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ
كېلىش مەنبەسىنى ئاكتىپ تەشكىللەش. ھەر دەرىجىلىك
پارتكوملارنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى، رەھبەرلىكنىڭ غەمخور-
لۇق قىلغانلىقى، كۆپ تەرەپلەرنىڭ ياردەم بەرگەنلىكى
ھەل قىلغۇچ ئامىل بولۇش ئاساسىدا، يېمەكلىكلەر بىلەن

زارىتىش ئۈچۈن، بىز مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ، ساقلاش ئۇسۇل - چارىسىنى تەتقىق قىلدۇردۇق، كۆيىتۆن دېھقانچىلىق مەيدانىدا ساقلىغان تاۋۇزلارنى، چاغاندىمۇ يېيىشكە بولاتتى. قىش پەسلىدە، كۆيىتۆن دەرياسىدا مۇز توڭلىغاندا، بىز مۇز توشۇپ ئەكىلىپ، ئىسكىلاتنىڭ گەمىسىگە قويۇپ، تۇز قويۇپ ئېرىپ كېتىشتىن ساقلاپ، ياز پەسلىدە يېمەكلىكلەرنى ساقلاشقا ئىشلىتەتتۇق. ئاشخانىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ قىش - ئەتىياز پەسىللىرىدە كۆكتات يېيىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز ئۈچ چوڭ كۆك- تات گەمىسى كولاپ، قىشلىق كۆكتاتلارنى ساقلايتتۇق. مىللىي يولداشلارنىڭ قۇربان ھېيت، روزى ھېيتىدا، خەنزۇ يولداشلار- نىڭ چاغان بايرىمىدا، سوۋېتلىك خادىملارنىڭ بايرىمى بولغان- دا، بەزىبىر خام يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى ھەرقايسى ئاشخانىلار يەنە زىياپەتلەرنى ئۈستىگە ئالاتتى ۋە كىچىك دۇكانلاردا سېتىلىدىغان قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى كۆپەيتەتتۇق. بۇنداق ئۇسۇل - چارىلىرىمىز نېفىت كانىدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە سوۋېتلىك خادىملارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنىدى.

ئۈچىنچى. مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش. 50 - يىللارنىڭ دەسلەۋىدىكى مايتاغ نېفىت كانىدا، تۈرلۈك خادىملار جۈملىدىن يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەيدىغان خادىملار ھەر يەر - ھەر يەردىن، ۋەتىنىمىز- نىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەنلەر ئىدى. ئازادلىقتىن بۇرۇن نېفىت كانىدا خىزمەت قىلغان پىشقەدەم ئىشچى - خىز- مەتچىلەر بار ئىدى، ھەم ئارقا - ئارقىدىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئىشچىلار بار ئىدى. قىسىملاردىن كەسىپ ئالماشتۇرۇپ

كېيىن، مەزكۇر دېۋىزىيىنىڭ رەھبەرلىرى كۆيتۈن دېھقانچىلىق
مەيدانىنىڭ مەھسۇلاتلىرى بىلەن، ئاساسلىقى مايتاغ نېفىت
كانىنى تەمىنلەش كېرەك دەپ ئېيتىق كۆرسەتتى. يېمەكلىك-
لەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى يەنە كاندا تۇرۇشلۇق
سودا شىركىتى، شىنخۇا ناھىيىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى
بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈ-
رۈپ، مال مەنبەسىنى كېڭەيتكەنىدى.

ئىككىنچى، يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇلازىمەت
مەزمۇنلىرىنى كۆپەيتىش مايتاغ نېفىت كانىدا ئەينى
ۋاقىتتا سوۋېتلىك خادىملار بولغانلىقى ۋە جۇڭگو تەرەپ-
نىڭ كۆپ مىللەتلىك ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ھەر قايسى
ئاشخانىلاردا نورمال ئۈچ ۋاقىتلىق تاماق ۋە كېچىلىك سىمې-
نا تامىقى بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا، يەنە كىچىك دۇكان
ئېچىپ تۈرلۈك قورۇما سەيلەرنى ساتاتتۇق، ئۇنىڭدىن
باشقا، يەنە نان، سامسا، سۈت، قېتىق، قىمىز قاتارلىق
نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا
قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، بىز يەنە كىيىم تىكىش
دۇكىنى، مۇزدوزخانا، قېزا دۇكىنى قاتارلىقلارنى قۇرۇپ،
ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۈچۈن كىيىم تىكىپ، ئاياق تىكىپ
ۋە گۆش يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيتتۇق، خام ئەشيانى
كۆپرەك ئەكىلىش ئۈچۈن، بىز يەنە مەخسۇس ئادەملەرنى
بېيجىڭ، شاڭخەي، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارغا مال
سېتىۋېلىشقا ئەۋەتەتتۇق. ياز پەسلى كېلىش بىلەن، كۆيتۈن
دېھقانچىلىق مەيدانىدا ئۆزىمىز ئىشلەپچىقارغان قوغۇن - تاۋۇز-
لاردىن باشقا، يەنە جىڭ ناھىيىسىدىن تاۋۇز ئەكىلىپ ساتات-
تۇق. قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتاتلارنى ئىشلىتىش ۋاقتىنى ئۇ-

## 3. كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئىشلەشتە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈش زۆرۈر

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، مايتاغ بولسا كۆپ مىللەتلىك نېفىت كانى. بىز تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئىشلەشتە كۆپ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز زۆرۈر. بۇ بىزنىڭ مەسىلىلەرنى تونۇشىمىز، ھەل قىلىشىمىزنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى ئىدى.

1949 - يىلى قىشتا، مەن تۇرۇشلۇق 1 - دالا ئۇرۇش ئارمىيىسى 6 - كورپۇس گەنسۇ جيۇچۈەن رايونىدا شىنجاڭغا يۈرۈش قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، سىياسىي ئورگانلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، قىسىملاردا مىللىي سىياسەت تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، قىسىملارنىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى چوقۇم ئومۇميۈزلۈك ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي ھېسسىياتنى ئاشۇرۇپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئەمەلى ھەركىتى ئارقىلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئىغۋا تارقىتىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش سۇيقەستىنى تارمار قىلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغانىدى. 1950 - يىلى قىسىملار شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن باندىتلارنى يوقىتىپ، زومىگەرلەرگە قارشى تۇرۇش، يەرلىك خىزمەتنى كۈچەيتىش، بۈيۈك ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى قانات

كەلگەن كادىر جەڭچىلەر، ھەم مەكتەپلەردىن تەقسىم قىلىنىپ كەلگەن ئالىي - ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى بار ئىدى. بۇ ئەمەلى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، كۈندىلىك كەسپىي خىزمەتلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قىلىشقا بولمايتتى، يەنە يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە سىياسىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەربىيەلەشكە دىققەت قىلىش لازىم ئىدى. بۇ نۇقتا ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بىزنىڭ قوللانغان كونكرېت تەدبىرلىرىمىز بولسا: نېفىت كانى بىر تۇتاش تەشكىللىگەن سىياسىي ئۆگىنىشلەرگە، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تېز تولۇقلاش كۇرسىغا روسچە ئۆگىنىش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇش قاتارلىقلار؛ خىزمەت جەريانىدا بەزى يولداشلارنى تاللاپ يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، خىزمەت يۆتكەپ، خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى يولداشلار، پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئۆزلىرىنىڭ جاپاغا چىداپ ئۆگىنىشى ۋە ئىزدىنىشى ئارقىلىق، خىزمەتتە ئالغا بېسىشى ئىنتايىن تېز بولغانىدى. مەسىلەن: سابىق ئاشخانا مۇدىرى سېيىتقازى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن، سابىق بولكاخانا زاپخوزى ئىياز ئاشخانا مۇدىرلىقىغا، سابىق ماخو زاپخوزى تۇردى. ئىسكىلات زاپخوزى ئىمىن موئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، مۇدىرلىققا ئۆستۈرۈلگەن، سابىق ئاشپەزلىكىمىن موئاۋىن بۆلۈم باشلىقىغا. مال ساتقۇچى جىڭ جاخى، جىڭ شىڭيۇ بۇغالتىرلىق قاتارلىقلارغا ئۆستۈرۈلگەنىدى. مۇلازىمەت سۈپىتى ۋە خىزمەت قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىللە، بىز يەنە پۈتۈن باشقارمىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ سىياسىي ئاڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلغانىدۇق.

ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەنىدى. كۈندىلىك تۈرلۈك كونكرېت خىزمەتلەردە، بىز ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە مىللىي يولداشلارنىڭ قىلىدىغان خىزمىتى بولۇش، ئۈستىگە ئالىدىغان مەسئۇلىيىتى بولۇش، ئىشلىتىدىغان ھوقوقى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردۇق. ئىجابىي خىزمەتلەرگە دىققەت قىلىش بىلەن بىللە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ھوشيار بولدۇق ۋە ئۆز ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدۇق. كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا خىزمەت قىلغاندا، بولۇپمۇ ئەندىلا ئازاد بولغان ۋاقىتتا، ئادەتتىكى ئەھۋاللاردا، مەسىلە چىقسا خەنزۇ يولداشلار مەسئۇلىيەتنى كۆپرەك ئۈستىگە ئېلىش لازىم ئەلۋەتتە. مۇناسىۋەتلىك پىرىنسىپلىق مەسىلىلەردە، يەنىلا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى بويىچە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەشكىلىي رەسمىيەتلەر بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر. قىسقىسى، كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا خىزمەت ئىشلەشتە، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئىككى ئايرىلالماسلىق»نى يەنى خەنزۇ يولداشلار مىللىي يولداشلاردىن ئايرىلالماسلىق، مىللىي يولداشلار خەنزۇ يولداشلاردىن ئايرىلالماسلىق ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش ۋە ھەقىقىي گەۋدىلەندۈرۈشى لازىم. بۇلار كۆپ مىللەتلىك رايونلاردا تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتى ۋە باشقا خىزمەتلەرنى ئىشلەشتە چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ئىدىيىۋى ئاساس ۋە ھەرىكەت مىزانىدۇر.

## 4. قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىگە پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش

مايتاغدا قۇرۇلغان جۇڭگو - سوۋېت نېفىت ھەسسىدارلىق شىركىتى، 1952 - يىلىدىن باشلاپ چىيەن پىڭ مۇئاۋىن باش

يايدۇرۇش جەريانىدا، بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېت يولىيو-رۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىشلەپ، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغانىدۇق. 1951 - يىلى 4 - ئايدا مەن مايتاغقا بارغان چېغىمدا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، مىللەت تەركىبى ئاز ئەمەس ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر، قازاق، مانجۇ خۇيزۇ، موڭغۇل، سولاڭ، شىبە، تاتار، ئۆزبېك، قىرغىز، خەنزۇ قاتارلىق 10 نەچچە مىللەت بار ئىدى. نېفىت كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ تۇرمۇش بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن ئازادلىق ئارمىيىنىڭ بىر ليەنى كاندا تۇرۇپ، قوغداش ۋەزىپە-سىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانىدى. نېفىت كانى مىللىي يولداشلار-نىڭ ئىچىدىن پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمى-تىگە ئىنتايىن دىققەت قىلغان، بىرىنچى پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇلغان كانرايونلۇق پارتكومىنىڭ ئىچىدە، مۇناسىپ ساندىكى مىللىي يولداشلار ئەزالىققا سايلانغانىدى. 1952 - يىلى نېفىت كانى مەركىزىي كومىتېت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاچقان مىللىي سىياسەت سۆھبەت يىغىنلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرغان، جۇڭگو تە-رەپ رەھبەرلىرىدىن چيەن پىڭ، لى فېڭ، جىياپېيمۇ قاتارلىق يولداشلار خىزمەت جەريانىدا ۋارىس سىدىق، ۋارىسجان تۇر-دى، قابىدوللا قاتارلىق يولداشلار بىلەن دائىم مەسلىھەتلى-شىپ تۇراتتى. مەن ئىشلەيدىغان يېمەكلىكلەر بىلەن تە-مىنلەش باشقارمىسىدا مىللىي يولداشلاردىن سېيىتقازى، نىياز، ئىمىن تۇردى قاتارلىق يولداشلار بار بولۇپ، ھەر قايسى-ىش ئورۇنلىرىدا ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. ئۇلار خىزمەتكە ئەستايىدىل مەسئۇل بولغانلىقتىن، ھەر مىللەت

يۆتكۈلۈپ بارغانىدىم. يەنە نۇرغۇنلىغان ئاساسىي ۋە قوشۇمچە يىمەكلىكلەرنى ۋە ئاشپەزلىك سايمانلارنى ھەل قىلىپ بەرگەنىدۇق. مايتاغ نېفىت كانى رەھبەرلىرى ئاچقان قارامايىنى چارلاش ئۆزلەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش يىغىنلىرىغا بىرنەچچە قېتىم قاتناشقانىدىم. يىغىندا ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئورۇنلىنىغانىدى. قارامايىنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئەشۇنداق شەرتسىز ياردەم بېرىشتىن، مەن ئىنتايىن چوڭقۇر تەربىيىگە ئىگە بولدۇم ۋە تەسىرلەندىم.

مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى 1936 - يىلى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1986 - يىلىغىچە، 50 يىللىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى. بۇ 50 يىلدا، ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۇلۇق ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ مەزگىلدە مايتاغ نېفىت كانى ۋەتەن ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق يارىتىپ بېرىپ، نېفىت سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. زاۋۇت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنىنى ئەسلەشكە، خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئۆتمۈشنى ئەسلىگىنىمىزدە، يولىمىزنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك ئەگرى - توقايلىقىنى كۆرۈشىمىز لازىم؛ كەلگۈسىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم.

50 - يىللارنىڭ دەسلىۋىدە، مەن شەرەپ بىلەن مايتاغ نېفىت كانىدا 5 يىل تۇرمۇش مۇلازىمەت خىزمىتىنى ئىشلىدىم. ئەينى ۋاقىتتا ئەندىلا 30 ياشلاردا بولۇپ، تازا قىران ۋاقىتلىرىم ئىدى، ھازىر 64 ياشقا كىردىم، ئىككى چېكەم ئاقاردى، مەن دائىم مەن بىلەن مايتاغ نېفىت كانىدا

دىرېكتور سوۋېتلىك خادىملار ۋە بىز تەرەپنىڭ گېولوگىيە خادىملىرى بىلەن بىللە قارامايغا بېرىپ (ئەينى ۋاقىتتا قاراماي تاغ دەپ ئاتىلاتتى) نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. 1953 - يىلى باش دىرېكتور بۆلۈمى ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، مازەي، جاڭ ۋېنبىڭ، ۋاڭ چىرىن، چىن فېڭ، فەن زىجيۇ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلارمۇ قارامايىنى چارلاش خىزمىتىگە نىسبەتەن ئارقا - ئارقىدىن ئۇرغۇنلىغان جەھەتلەردىكى تەشكىللەش، يولغا قويۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ بارغانىدى. مايتاغ نېفت كانىنى ئېيتساق، ئىشلەپچىقىرىشتىن تارتىپ، تۇرمۇشقىچە، قارامايىنىڭ چارلاش خىزمىتىگە بىۋاسىتە ياردەم بېرىدىغان بازا بولغانىدى. نېفت كانىنىڭ رەھبەرلىرىدىن لى ۋاڭجاۋ، شۆي شى جېي، ۋاردىجان، جى جېنياۋ، ساۋ جېنكۆي، ماجىشياڭ، ۋاڭخۆي قاتارلىق يولداشلار ئۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. 1955 - يىلى 10 - ئايدا، قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىقىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، مەن بىرنەچچە قېتىم نەق مەيدانغا بېرىپ، يولداش ۋاڭ جۇمىڭ زاپچوزلىقىدىكى مىللىي، خەنزۇ ئىككى ئاشخانىنى تەشكىللىگەنىدىم. 1956 - يىلى 5 - ئايدا، قاراماي بۇرغىلاش - چارلاش باشقارمىسى قۇرۇلغان، 9 - ئايدا قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مايتاغ نېفت كانى قارامايغا ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ جەھەتلەردىن تېخىمۇ پۈتۈن كۈچ بىلەن ياردەم بەرگەنىدى. مەن تۇرۇشلۇق يىمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش باشقارمىسى، قارامايغا نىياز، تۇردى، جاڭكىمىڭ، ياڭ بىڭ، ۋاڭ شاڭخېڭ، ۋاڭ جېڭجياڭ قاتارلىق يولداشلارنى يۆتكەپ بەرگەنىدۇق، ئەنىمۇ مۇشۇ ۋاقىتتا

# نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەۋىدىكى كۈنلەر ۋە تۈنلەر

**ما جىشيالۇ**

1954 - يىلى كۈزدە جۇڭگو - سوۋېت ئىككى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى ئاخبارات ئېلان قىلىپ، جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتىنى جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلىپ، جۇڭگو مۇستەقىل باشقۇرىدىغان بولدى. 1954 - يىلى قىشتا، جۇڭگو-سوۋېت نېفىت شىركىتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپە پۈتۈنلەي تېخى ئىنتايىن ياش بولغان جۇڭگو نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. سوۋېتلىك يولداشلار ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن (ئاز ساندىكى مۇتەخەسسىسلەر خىزمەتلەرگە ياردەملىشىش ئۈچۈن قېلىپ قالغان) بىز شىنجاڭدا بار بولغان گېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىپ، مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ دائىرىسى كىچىك، مەھسۇلاتى تۆۋەن، قۇتۇبى، يەنىسخەي، قېيىندىق، جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلارنى چارلاش نەتىجىسى چوڭ ئەمەس، قاراماي تاغقا ئاتلىنىش زۆرۈر دەپ ھېس قىلدۇق. ئەمما بۇ تەكلىپ، سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ كەسكىن مۇنازىرىسىنى قوزغىۋەتتى. بىرخىل پىكىردىكىلەر ھىمايە قىلسا، بىرخىل پىكىردىكىلەر

مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ خىزمەت قىلغان يولداشلارنى ۋە رەھبەرلەرنى ئەسلەپ تۇرىمەن. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نېفىت كارخانىلىرىغا تارقىلىپ كەتتى. بەزىلىرى كېسەل بىلەن ۋاپات بولۇپ كەتتى. بۇلار مېنىڭ ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتىم ۋە سېغىنىش ھېسسىياتىمنى ئاشۇردى. مەن بۇرۇن ۋە ھازىر مايتاغ نېفىت كانىدا تۆھپە ياراتقان سەپداشلارنىڭ، مەغرۇرلۇق ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش، ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزئارا ياردەملىشىشتەك شەرەپلىك ئەنئەنىسى جارى قىلدۇرۇپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ نېفىت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مايتاغ نېفىت كانىنىڭ نېفىت ئايرىش ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق تۈردە ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىلىرىنى قوشۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن.

1986 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

خېبېي لاڭفاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىدا يېزىلدى

ئابدىغوپۇر تەرجىمىسى

خودىن ئايرىلىپ ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا، يول يوق چەكسىز دالاغا چىقىپ قالدۇق. پۈتۈنلەي نىشانىنى پەرقلەندۈرۈپ ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. قاراڭغۇ چۈشەي دېگەندە چېپەيزىگە يېتىپ كەلدۇق. يەنە ئالدىغا ماڭغاندا ئادەم - ئىنسان يوق ئىدى. مۇشۇ يەردە كەچلىك تاماق يېدۇق. بىر كۈن يول يۈرۈپ، مۇساپىنىڭ يېرىمىنى مېڭىپ بولالمىغانىدۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز يېتەرلىك ئوتۇن تەييارلىدۇق. بۇ كۈتۈلمىگەن ۋەقەنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇ چاغدا يەنە ئالغا قاراپ ماڭساق ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، بىرىنچىدىن يول يوق، ئىككىنچىدىن يول باشلىغۇچى بولمىغانلىقتىن تەسادىپىي ئاپتوموبىل قارغا پېتىپ قالسا، يېتەرلىك ئوتۇنىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن بىر مەزگىل تاقابىل تۇرغىلى بولاتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، بىز تيانشان لاۋباغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردە قۇم دۆڭلىرى بىر-بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن؛ سۆكسۆكلىك بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەنىكەن. قاراماي تاغ قەيەردە؟ بىز قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەگرى - بۈگرى خېلى ئۇزۇن يۈرگەن بولساقمۇ خەرىتىدە بىز بىلەن ئارىلىقى پەقەت 30 كىلومېتىر كېلىدىغان قاراماي تاغنى تاپالمىدۇق. بىز ئۈستى ئوچۇق ماشىنىدا ئولتۇرۇپ چارچاپ بولالماي قالدۇق. قاتتىق سوغۇق جاندىن ئۆتەتتى، بىز توختىماي پۇتىمىزنى تېپىپ ئۈششۈپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالاتتۇق. سۇي لاۋسەن ۋە ليۇرېن توختىماستىن خەنزۇچە روسچە سۆزلەپ بۇ يەرلەرنى تىللاپ تۇراتتى. لېكىن ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىيىتى توغرىسىدا، قاراماي تاغنى چارلاپ تەكشۈرۈش توغرىسىدا سۆزلەشسەك روھلىنىپ كۈلۈشەتتۇق. مەن بۇ ئۇزۇن سەپەر ئازادلىق ئۇرۇشتىن كۆپ راھەت، ئۇ چاغدا بولسا «11 - نومۇرلۇقلا» بار ئىدى دېدىم. بىز كۈلكە - چاقچاقلار

قارشى تۇردى. ئۇلارنىڭ سەۋەبى: قاراماي تاغنىڭ چوققى-
سىدىن ماي گاز چىقىپ تۇرىدۇ، چىگىش تاغ تىزمىلىرىنىڭ
شەرقىدىن غەربكىچە بولغان 100 نەچچە كىلومېتىرلىق ئاسفا-
لت تاغ تىزمىلىرىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئېچىلمىلار كۆرۈ-
نۈپ تۇرىدۇ، نېفىتلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئەگەر يەردە
نېفىت بار بولسىمۇ ئۇ پەقەت قالدۇق نېفىتتىنلا ئىبارەت
دېيىشتىن ئىبارەت، بۇ ئىككى خىل پىكىردىكىلەرنىڭ تالاش -
تارتىشى توختىمىغاندىن كېيىن، ئاخىرى بىر بۇرغىلاش ئە-
ترىتى ئەۋەتىپ سىناق تەرىقىسىدە چارلاش ئېلىپ بېرىلى-
دىغان بولدى.

## قاراماي تاغدا نەق مەيداندا تەكشۈرۈش

قاراماي تاغدا بۇرغىلاپ چارلاش خىزمىتىگە ياخشى
تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن، 1955 - يىلى 2 - ئاينىڭ باشلىرى-
دا مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى مېنىڭ سوۋېت مۇتەخەسسىسى
ئابلاموۋ، ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىن سۈي لىنچىڭ
(لەقىمى سۈي لاۋسەن) تەرجىمان ليۇردىن (يەنە بىر ئىسمى
ۋىجا) لارنى باشلاپ، ئالدىن قاراماي تاغقا بېرىپ بىرىنچى
نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ يەر شەكلىنى كۆرۈپ بىرىنچى نومۇرلۇق
قۇدۇقنى بۇرغىلاشنى باشلاش ئۈچۈن ئەھۋاللارنى
ئېنىقلىشىمىزنى قارار قىلدى.

ئىككىنچى ئاينىڭ باشلىرىدا بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى،
بىز قوشۇمچە خوتلوق گاز 63 تىپلىق ئاپتوموبىل
بىلەن مايتاغدىن يولغا چىقىپ، شىخو، چېپەيزىلەردىن ئۆ-
تۈپ، قاراماي تاغ يونىلىشىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتۇق. شى-

قۇرسىقىمىز كۆكىراشقا باشلىدى، ھەقىقەتەن ھەم قورسىقىمىز ئېچىپ ھەم ئۇسساپ كەتكەنىدۇق. كۆپچىلىك قار ئېرىتىپ، تاماق يېيىشكە تەييارلىق قىلدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسى ئابلاموۋ، ليۇرىن ۋوتكا (ھاراق) نى ئېلىپ، پىياز، چىلىغان تەرخەمەك، قېزا، بولكىنى بىر دانە ماي قەغەزنىڭ ئۈستىگە تىزدى. كۆپچىلىك دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ يەپ - ئىشكىلى تۇردى، بىردەم جىددىي تاماق يېگەندىن كېيىن، ئاندىن بىر بىرلەپ سۆزلىگىلى تۇردى، لاۋسۇي: «بۇ زىياپەتتىمۇ مېزىلىك بولدى» دېدى. ئابلاموۋ بولسا: «بۇ تاماقنى يېيىش ناھايىتى مەزىلىك بولدى» دېدى. ئابلاموۋ ناھايىتى قىزىقچى، سۆزلەپ بولۇپلا بىر قولىدا يېرىم ئىستاكان ۋوتكىنى كۆتۈرۈپ بىر قولىدا بىر پارچە بولكىنى تۇتۇپ، ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ھاراقنىڭ پۇرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن دەرھال بولكىنى بۇرنىغا ئەكىلىپ پۇرىدى. بۇ سوۋېتلىك كىشىنىڭ ھاراق ئىچىش ئۇسۇلى كۆپچىلىكنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن، تاڭ ئېتىپ بولۇپتۇ، ئەسلىدە دەم ئېلىۋېلىشقا توغرا كەلسىمۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭمۇ ئۇخلىغۇسى كەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىك دەرھال يولغا چىقىپ، توختىماي قېتىپ كەتكەن قېلىن قارلىقتا قارامايتاغ-دىكى بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ بەلگىسىنى ئىزدىدۇق. بۇ يەر ئىپتىدائىي چۆللۈك بولغاچقا ئازگال دۆڭ جىرالار، سۆك - سۆكلۈك ئىكەن. قارلىق داللىدا قاتار - قاتار كەتكەن ئىسمىنى بىلمەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى. بىز چۆلدە خەرىتە بويىچە ساقمۇساق يېرىم كۈن ئىزدەپ، ئاخىرى بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ ئورنى بەلگىسىنى تاپتۇق، بىز خۇشاللىقتىن، ناخشا ئېيتىپ، سەكرى-

بىلەن، ئىسسىپ قالغاندەك بولۇپ قالدۇق. قىزىل تاغقا كېلى
خەرىتىنى ئېچىپ، يۆنىلىشىمىزنى پەرقلەندۈرۈپ، يول تا
لىدۇق، شەرق، جەنۇب، غەربكە نەزەر سالدۇق. چۆللۈ
بىر چى قېلىنلىقتىكى قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، پەقە
شىمالدىكى چىڭغىس تېغىلا كېچىنىڭ تۈن پەردىسىدە نۇ
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چىڭغىس تېغىنى كۆرۈش بىلەن كۆپچىلىك
خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن نىشان تېپىل
دى، قاراماي تاغ چىڭغىس تېغىنىڭ ئاستىدا ئىكەن. بىز
ئاپتوموبىلغا چىقىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق، قىزىل تاغـ
دىن چىقىشىمىزغا، يەر شارائىتى تۈپتۈز ئىكەن. شوپۇر ماـ
شىنىنى ناھايىتى تېز ھەيدىدى، بىز ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ناـ
ھايىتى راھەت ھېس قىلىشتۇق، لاۋسۇي چاقچاق قىلىپ،
«يېتىپ كىلەي دېدۇق، بىز قاراماي تېغىنىڭ ئاسفالت يوـ
لىغا چىقتۇق» دېدى. كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭغا رەددىيە
بېرىپ، «يالغان، بىز قاراماي تېغىنىڭ ‹ئايرودرومى› غا
كەلدۇق دېيىشتى.»

يېرىم كېچىدىن كېيىن، بىز چىڭغىس تېغىنىڭ ئېتىكىدە
يەنە بىر نەچچە قېتىم چۆگىلەپ يۈرۈپ، ئاخىرى قاراماي
تېغىنى تاپتۇق. بىز ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ بىر گەمىنى تېـ
پىپ كىردۇق. يول مۇساپىسىنى ھېسابلىغاندا 160 كىلومېتىر
يولنى 3 سائەتتە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ، ئەمما بىز 22 ساـ
ئەت يۈردۇق. بۇ چاغدا شەرق تەرەپ ئاقىرىپ، تاڭ ئاتـ
قانىدى. بىز ئىنتايىن ھېرىپ كەتكەنىدۇق. بەزى
يولداشلار گەمىگە كىرىپلا مۈگدىگىلى تۇردى. بىز ئۇلارغا
ئۇخلىماي تېزلىكتە ئوت قالايلى، بولمىسا تۇڭلاپ قالىمىز
دەپ ئەسكەرتتۇق. ئوت قالاپ، ئىسسىنغان بولساقمۇ،

باۋنى بېكىتتۇق. ئۇ ئاقكۆڭۈل سەمىمى خىزمەتتە ئىنچىكە ۋە پۇختا بولۇپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار، تېخنىكىنى بىلىدىغان. بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك قابىلىيەتلىك ياش دۆيجاڭ ئىدى.

55 - يىلى باھاردا، قۇراشتۇرۇش ئەترىتى ھۆشۆر دېيجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا قاراماي تاغ رايونىغا كىرىپ 1 - نومۇرلۇق بۇرغۇ ۋىشكىسىنى قۇراشتۇردى. 6 - ئاينىڭ بېشىدا، بۇرغىلاش باشقارمىسى ۋە ياشلار ئىتتىپاقى نەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى. ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قاراماي تاغ يېڭى چارلاش رايونىغا كىردى.

6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى، لۇمىڭباۋ ۋە يولداشلار قۇدۇق مەيدانىغا كېلىپ قۇراشتۇرۇش ئەترىتىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ۋىشكىنى تۇرغۇزدى. بۇ كۈنى، ئىككى دانە $B_2$ — 300 تىپلىق دىزېل ماتور گۈرۈلدەپ، مىليون يىللار قاتتىق ئۇيقىدا ياتقان ئىپتىدائىي چۆللۈكنىڭ ئۇيقۇسىنى ئاچتى. 40 مېتىر ئېگىزلىكتىكى ۋىشكا دىزېل ماتورنىڭ گۈكىرىشى بىلەن ئاستا - ئاستا تىكلەندى، كۆپچىلىك ۋىشكىنى چۆرىدەپ پۇخادىن چىققىچە تەنتەنە قىلىشتى، بىر نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى تېزلىكتە ۋىشكىغا چىقىپ، بىر دانە چاقناپ تۇرغان قىزىل بايراقنى ۋىشكىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قاداپ قويدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، بۇرغىلاشنى باشلاش مۇراسىمى نەق مەيداندا ئېچىلدى. مۇراسىم يىغىنىدا گېئولوگ گۇجېڭلىن قاراماي تېغىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنى قېزىشنىڭ مەخسىتى ۋە

شىپ كەتتۇق. ۋەزىپىمىزنى ئورۇندىدۇق، ۋاقتىمۇ دەل چۈش
بولغانىدى. بىز كۈندۈزى يول يۈرۈش ياخشى دەپ دە
هال مايتاغقا قايتىشنى قارار قىلدۇق. ئەمما سۇي لاۋسەن
كەينىگە قارىتىشىپ ماڭمىدى، ئۇ ئۇياق - بۇياققا سەپ سې
لىپ قارىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلگىلى
بولمايتتى. ھەممىمىز ماشىنىغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئاس
مېڭىپ كەلدى. بىز ئۇنىڭدىن نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى سورىساق
ئۇ ئاندىن تاماكا يۆگىگەچ بىر تەرەپتىن ئويلاپ بىر تەرەپ
تىن «بۇرغۇ ماشىنىسىنى يۆتكەپ كەلگەندە قانداق مېڭىش
كېرەك؟ ئېغىر ماشىنا چىقالمىسا، ئۇسكۇنىلەرنى قۇدۇق مەي
دانىغا قانداق ئېلىپ كەلگىلى بولىدۇ؟ قانچە تىراكتور
كەلسە مۇۋاپىق بولىدۇ......» دەپ جاۋاب بەردى. قاراڭ
بۇ، سۇي لاۋسەننى، ئۇ ئاللىقاچان قاراماي تېغىنىڭ ئېتىك-
دىكى بىرىنچى بوردۇۋايىنى قۇراشتۇرۇشنى پىلانلاپ بولۇپتۇ.

## قاراماي تېغىنى دەسلەپ بۇرغىلاش

قۇدۇق ئورنى بېكىتىلدى، قايسى بۇرغۇ ماشىنىسىنى
ئىشلىتىش كېرەك؟ قايسى بۇرغىلاش ئەترىتى بۇرغىلاش
كېرەك؟ بۇرغىلاش باشقارما پارتكومى مېنىڭ ياشلار ئىتتىپا-
قى بىلەن مۇزاكىرە قىلىشىمنى ھاۋالە قىلدى. بىز ھەرقاي-
سى بۇرغىلاش ئەترەتلىرىدىن قاۋۇل ئەزىمەتلەرنى تاللاپ
بىر ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى تەشكىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ
بۇ جاپا - مۇشەققەتلىك ئەمما شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئېلىشىنى قارار قىلدۇق. ئەمما دۇيجاڭلىققا كىمنى سايلاش كې-
رەك؟ بىز ئۇنى - بۇنى سېلىشتۇرۇپ يۈرۈپ، يولداش لۇمىڭ-

بولۇپ، يالغۇزلا رابوتچىلىكنىڭ لاي - قۇملارنى سۈزۈشىگە تايىنىش ئەلۋەتتە بولمايتتى، بەزى ئاددىي دورىلارنى ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى، كۆپچىلىك بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئىنتايىن تەقەززا بولاتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەلۇم مىللىي يولداش چاقچاق قىلىپ دۈيجاڭنىڭ «ياڭگاڭزىسى» (يەنى ئايالى) ياك لىرىننى ئېلىپ كېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ تەكلىپ گەرچە كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

يېڭى چارلاش رايونىدا بۇرغىلاشنىڭ باشلانغانلىقىدىن لومىڭباۋ بىلەن ياك لىرىن تويى قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئايرىلىپ كەتكەنىدى. چارلاش رايونى يىراق، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى گەمىدە ياتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرمۇ ئايال يولداشنىڭ قاراماي تاغقا كېلىش مەسىلىسىنى ئەزەلدىن ئويلاشمىغان ئىدۇق، ھازىر بۇ مەسىلە ئاخىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار بۇنىڭغا ئىنتايىن قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، كۆپچىلىك ئۆزلىكىدىن سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، بىر جىرانىڭ بويىدىن 5 — 6 كۋادرات مېترلىق گەمە كولاپ، ئۈستىنى سۆكسۆك، ماي قەغەزلىرى بىلەن يېپىپ، قاراماي تاغدىكى تۇنجى «يېڭى ئۆي» نى قۇردى.

9 - كۈنى يولداش ياك لىرىن شىڭلىسىنى يۈدۈپ يېتىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندىن كېيىن، دەرھال خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتى، ھەر كۈنى راستۋۇر كۆلچىكىنىڭ بويىدا تۇرۇپ راستۇر تەڭشەيتتى، ئۇنىڭدىن باشقا بوش ۋاقىتلاردا يولداشلارنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بېرەتتى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنى

ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئەھۋاللارنى شەرھلەپ ئۆتتى. دۇيجاڭ لۇمىڭباۋ سەپەرۋەرلىك سۆزىنى سۆزلىدى. يىغىنغا قاتناشقان رەھبەرلەر تەبرىكلىدى.

بۇ كۈن، ئۇنتۇلماس كۈندۇر. مۇراسىم يىغىنىدىن كېيىن، بۇرۇلچىك ۋاڭ ۋەنچىك (بۇرغىلاش ئەترىتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى) بىرىنچى سېپنا ئادەملىرىنى باشلاپ بۇرغىلاش سۇپىسىغا چىقتى، بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، دىزېل ماتور گۈكىرەپ، راستوۋور ناسوسى ئايلىنىشقا باشلىدى، جۇڭگو ياش نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بىرىنچى بۇرغۇ دەستىسى (سىۋىچ) قاراماي تاغ، زېمىنىغا قادىلىپ، قاراماي نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ پەردىسىنى ئاچتى.

## قاراماي تېغىدىكى بىر تال گۈل

بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇققا بۇرغىلاشنى باشلىغاندىن كېيىن، خىزمەت ئىنتايىن جاپالىق بولدى. ئالدى بىلەن تومۇز ئىسسىق بىلەن كۈرەش قىلدۇق. 7 ـ ئايدا، كۈن تۈنۈردەك قىزىپ، يۇتكۈل چۆللۈك قىزىپ خۇددى قىزدۇرۇپ كەتكەن قازانغا ئوخشايتتى، بۇرغۇ سۇپىسىغا چىقىش بىلەن ئاپتاپتا تەر شۇقىراپ ئاقاتتى. باش كاڭگىراپ چېڭقىلىپ كېتەتتى. نۇرغۇنلىغان يولداشلار ئىشلەۋېتىپلا بۇرغۇ سۇپىسىنىڭ ئۈستىدە ھۇشىدىن كېتەتتى. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنىمە ئەمەستى. ئەڭ قىيىن بولغىنى راستوۋورنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. بۇرغىلاش مىتىرازىنىڭ تېزلىشىشىغا ئەگىشىپ، راستوۋور قويۇقلىشىپ ئاقمايدىغان بولۇپ قېلىپ، بۇرغىلاش سۈرئىتىگە تەسىر يەتكۈزدى. دۈيدە راستوۋور ئىشچىسى يوق

يولداش جاڭ لياڭ بىر كۈن ھېرىپ - چارچىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغان ھامان، چېكى- ۋاتقان غاڭزىسىنى قېقىۋېتىپلا ماشىنىنى ھەيدەپ مېڭىپ كەتتى. بۇ چاغدا يېرىم كېچە بولۇپ قالاي دېگەنىدى، بىر نەچچە كادىرلار ئەتىكى خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقاندىن باشقا، بىر كۈن ھېرىپ - چارچىغان كىشىلەر ئۇخلاپ كەتكەنىدى.

ئەتىسى تاڭ يورىشىغىدا، «گاز 69»نىڭ سىگنالى ئاڭلاندى، كۆپچىلىك چېدىردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىشتى. بۈگۈنكى خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغۇزىدىغان كىچىك لىيەنىيەن ئېلىپ كېلىنگەنىدى. يولداشلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈپ بې- رىپ، بىر كېچە كۈندۈز ھېرىپ - چارچىغان جاڭ لياڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ نېفىت سىناشنىڭ قىيىنچىلىقى- نى ھەل قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشاتتى. جاڭ لياڭ بولسا ھەدەپ «ھېچقىسى يوق، ھېچقىسى يوق» دەپ، يېنىدىن غاڭزىسىنى چىقىرىپ تۇتاشتۇردى. خۇددى تۈنۈگۈنكى تاما- كىسىنى تېخى چېكىپ بولمىغاندەك قىلاتتى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، نېفىت سىناش خىزمەت سەنئەت- تىنىڭ تەرتىپى بويىچە، قاراماي تاغدىكى 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن قارامتۇل رەڭلىك تەبىئىي نېفىت ئېتىلىپ چىقتى. مىڭ مېتىردىن ئوشۇق يەرنىڭ تېگىدە غەپلەت ئويقىدا ياتقان قارامتۇل رەڭلىك نېفىت، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئېتىلىپ چىقتى. 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن نېفىت چىققانلىقىنى كۆرۈپ، يولداشلار خۇشال خۇراملىقتا چۆمۈپ، ئۆز ئارا قۇچاقلىشىپ، قول ئېلىشىپ تەبرىكلەشتى. بەزى يولداشلار ھېسياتىنى باسالماي، خۇ-

ئورۇنلاشتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئەترەتتىكى ئەڭ ئالدىراش ئادەم بولۇپ قالدى. ياڭ لىرېننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن راستوۋورنىڭ نىسپىتى مۇۋاپىقلىشىپ، بۇرغىلاش سۈرئىتى ناھايىتى تېزلەشتى. يولداشلار يولداش ياڭ لىرېندىن تازا خوشال بولدى. كۆپچىلىك خوشاللىقىدىن ھەم قىزىقچىلىق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراماي تاغدىكى بىر تال گۈل دەپ ئىسىم قويدى.

## «تاشقا پۇتلاشقان» تانسا

9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، قاراماي تاغدىكى بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇق ئوڭۇشلۇق قېزىلىپ بولدى. ئاي ئاخىرىدا، دۈيجاڭ يولۋاس ۋە تېخنىك راۋ دىيەنيۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى بىر چوۋەر نېفىت سىناش ئەترىتى قاراماي تاغقا كەلدى. بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ ھەمكارلىشىشى بىلەن، نېفىت سىناش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتتى. نېفىت سىناش ۋىشكىسىنى تىكلەيدىغان چاغدا كابېلىنى ئۇلايدىغان بىرنەچچە لىيەنپيەن (ئۇلىغۇچ) ۋە كىچىك بولتىنىڭ كاملىقى سېزىلدى. نەرسە گەرچە كىچىك بولسىمۇ، مۇناسىۋىتى چوڭ بىر ئىش ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ قاراماي تاغدا ئىسكىلات يوق ھەم كېرەكسىز ماتېرىياللارمۇ يوق بولۇپ، ۋىشكىنى تىكلىمىگەندە نېفىت سىناشقا ئامال بولمايتتى، كۆپچىلىك تىت - تىت بولۇپ خۇددى قازان بېشىدىكى چۈمۈلىدەك چۆگىلىشەتتى. كەچتىكى باش قوشۇش يىغىنىدا پىكاپ شوپۇرى يولداش جاڭ لىياڭنىڭ دەرھال مايتاغقا بېرىپ ئېلىپ كېلىشى قارار قىلىندى.

ھەم مەركەزنىڭ يۈكسەك ئېتىبار بېرىشىنى قوزغىدى. 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى لى جىڭگۈي ھەرقايسى تارماقلاردىكى مەسئۇل يولداشلار ۋە جۇڭگو ھەم چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنى باشلاپ كېلىپ قاراماي تاغنى كۆزدىن كەچۈردى. مېنى تونۇشتۇرغان چاغدا، مىنىستىر لى جىڭگۈي قىزىقچىلىق قىلىپ: «سىز قاراماي تېغىنىڭ (تاغ پادىشاسى) بولدىڭىزدە» دېدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا بۇرغىلاپ چارلاش نەتىجىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، كۆپچىلىكنى داۋاملىق تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، چوڭ نېفىتلىك تېپىشقا ئىلھاملاندۇردى. گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى مىنىستىرنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى ۋە كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ناھايىتى تېزلىكتە 2 - نومۇرلۇق ۋە 4 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ ئورنىنى بېكىتتى. بىرىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن لومىڭباۋ بۇرغىلاش ئەترىتى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ، يەنە 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى بۇرغىلاش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى.

12 - ئايدا، قاراماي، تاغ باغرى ئاق قار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قاتتىق سوغۇق بولىۋاتاتتى. تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 30 نەچچە گرادۇس ئىدى. ھاۋارايى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا غايەت زور تەھدىت سالاتتى. ئىشچىلار گەرچە گەمىلەردە ياتىدىغان بولسىمۇ، ئەمما قۇدۇق مەيدانى ئىنتايىن سوغۇق ئىدى، قۇۋۋىتى ئىنتايىن كىچىك بولغان بىر كىچىك كاتول، ماتورخانا ۋە ناسوسخانا بۇرغۇ سەھنىسىنىڭ ئۈستىنى ئىسىتىشقا ھەرگىز كاپالەتلىك قىلالمايتتى. ئازىراقلا بىپەرۋالىق قىلىنى-

شاللىقتىن نېفىتنى يولداشلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ يۈزلىرىگە سۈركەپ تەبرىكلەشتى. قۇدۇق مەيدانىنىڭ چۆرىسى قاينام تاشقىنلىققا چۆمدى. يولداشلار بىلەتتىكى، مۇشۇنىڭدىن باشلاپ يالغۇز تاغ (مايتاغ — خەنزۇچە يالغۇز تاغ دەپ ئاتىلىدۇ) يەنە يالغۇز قالمىدى، بىر يېڭى، چوڭ نېفىتلىك قاراماي تاغدا دونياغا كەلدى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن يولداشلارنىڭ خۇشاللىقى تېخى تۈگىمىگەنىدى. ناخشا ئۇسسۇلغا ماھىر يولداشلار ئالىيومىن قالپاقلىرىنى چېلىشىپ چۆل - باياۋاندا ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناشتى. بۇ كۈنى ئاي قاراڭغۇس، بولغانلىقتىن، ئىككى سۇ توشۇيدىغان شو- پۇر كۆپچىلىكنىڭ قانغىچە كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ماشىنىلىرىنى زەۋددت قىلىپ كۆپچىلىككە يورۇتۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن 4 دانە چىراق بىر - بىرسى بىلەن گىرەلىشىپ، چۆل - باياـ ۋاندا يوپ - يورۇق «تانسا مەيدانى»نى بارلىققا كەلتۈردى. يولداشلار ئۇسسۇل ئويناشاتتى، ناخشا ئېيتىشاتتى، بەزى يولداشلار شاللىقتا تېپىلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئوينايتتى. ناخشا ئاۋازى كۆكتە ياڭرايتتى، شېغىل پۇتىمىزنىڭ ئاستىدا دومىلايتتى. بۇ كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى، يەنى باشقىچە ئالاھىدىككە ئىگە تەبرىكلەش كەچكى يىغىنى يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن ئاياقلاشتى. يولداشلار ئۇنى «تاشقا پۇتلاشقان» تانسا دېيىشتى.

## مۇز مۇنار بىلەن جەڭ قىلىش

• قاراماي تاغدىكى 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققانلىقى نېفىت ئىشچىلىرىغا غايەت زور ئىلھام بولدى.

سۇپىسىغا چىقىپ قۇدۇق ئاغزىنى بېكىتمەكچى بولدى. ئۆڭكۈر ئېچىلغاندىن كېيىن، فونتاننىڭ ناھايىتى قاتتىقلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. سۇ تۈۋرۈكى كىران بولوكتىنمۇ ئېگىز چىقىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈر ئىچىمۇ سوغۇق بولۇپ كەتكەنىدى. سۇ بىلەن بىللە ھىدىروگېن سولفىد گازى ئادەمنى بوغۇزۇقتۇم قىلىپ نەپەس ئالدۇرمايتتى. قۇدۇقنى ئېتىش باشلانغاندىن كېيىن، يولداش لۇمىڭباۋ، پۈتۈن ئەترەتتىكى خادىملارنى ئۈچ زەربىدار گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىدى. مەن بىلەن يولداش ساۋ لىجىن (ئەينى ۋاقىتتىكى چارلاش رايونىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى) مۇ زەربىدار گۇرۇپپىسىغا قاتناشتۇق. جەڭ بۇيرۇقى چۈشۈش بىلەن تەڭ زەربىدارلار خۇددى كىچىك يولۋاسلاردەك ئۆڭكۈرگە ئېتىلدى، بىراق فونتان بەك قاتتىق بولغاچقا، فونتان ئاغزىنى ئېتەلمىدى. يولداشلار چىققاندا ئۈستى - بېشى پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەن بولۇپ، گەمىگە بارغاندىن كېيىن ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ھەممىسى يېتىپ قالدى. مەن بىلەن يولداش ساۋ لىجىن ئىككىمىز ۋوتكا ھارىقى بىلەن سۆكسۆك ئوتون ئېلىپ كۆپچىلىكنى يوقلاپ باردۇق، كۆپچىلىك بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ناھايىتى تەسىرلىنىپ ئەتىسى يەنە ئىشلەشنى تەلەپ قىلىشتى.

ئىككىنچى كۈنى: كۆپچىلىك بىرىنچى كۈندىكى ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئالدى بىلەن سىرتىمىزغا كىيىۋالغان جۇۋا، پەيما، قولقاچىلىرىمىزغا، سۇ چېچىپ، سىرتىمىزغا نېپىز مۇز تۇتقۇزدى، مۇشۇنداق قىلغاندا سۇنىڭ ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە فونتاننى ئېتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتۇق. شۇنداق قىلغان بولساقمۇ، يەنىلا مەغلۇپ بولدۇق، كۆپلىگەن يولداشلار ھىدىروگېن سول-

سا، تۇرۇبا لېنىيىسى تېڭىلاپ قالاتتى. بۇنداق ئەھۋالغا
قاراپ، كۆپچىلىك ئىنتايىن تىت - تىت بولاتتى. شۇنىڭ
بىلەن يولداشلار ئارقا - ئارقىدىن ئەقىل - چارە ئىزدەپ
ئاخىرى كاتتول مۇھىم نوقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ھەر-
قايسى ئىش ئورۇنلىرى توڭلاپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىنىش
تۈزۈمىنى بېكىتىپ چىقىپ ھەرقانچە سوغۇق بولسىمۇ، بۇر-
غىلاشنى توختاتماسلىققا قارار قىلدۇق. ئەمما يەر ئاستىنىڭ
ئەھۋالى ئىنتايىن ئېنىقسىز بولغاچقا، 2 - نومۇرلۇق قۇدۇق
قېزىلىپ 500 مېتىر بىلەن 600 مېتىرنىڭ ئارىلىقىغا كەلگەن-
دە، تۇساتتىن سۇ فونتانلاپ كەتتى، فونتانلاشنىڭ ئالدىنى
ئېلىش ئەسۋابىنى بېكىتىشكە ئۈلگۈرەلمەي، سۇ تۈۋرۈكى كىران
بولوكقا چىقتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، 40 مېتىرلىق
ئىگىزلىكتىكى ۋىشكا ۋە بۇرغۇ ماشىنىسى پۈتۈنلەي توڭلاپ
كېتىپ، خۇددى ئىگىز بىر مۇز مۇنارغا ئوخشاپ قالدى.
بۇ بەختسىزلىك ئاۋارىيەنىڭ كادىرلار ۋە ئەترەتتىكى يولداش-
لارنىڭ كەيپىياتىغا بولغان زەربىسى چوڭ بولدى، ھەم
ئىدارىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىنى قوزغىدى. باشقۇرۇش ئىدارىسى
ۋە كان ئىشلار ئىدارىسى ناھايىتى تېزلىكتە ئاسسىداپيۇ،
پەنزىيەنكوۋسكى، لى گۇاڭجېڭ ۋاڭ بىڭجېڭ، جاڭ يىن،
لىن زۇ شياۋ قاتارلىق جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى
ئاۋارىيەنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەۋەتتى، ئەستايىدىل مۇزاكىرە
قىلىش ئارقىلىق، خەتەرنى تۈگىتىش لايىھەسى ناھايىتى
تېزلىكتە بېكىتىلدى.

خەتەردىن قۇتقۇزۇش كۈرىشى باشلاندى، كۆپچىلىك
ئالدى بىلەن جۇتۇدا ئاستىنقى تەرەپنىڭ مۇزىدىن بىر چوڭ
ئۆڭكۈر قېزىپ چىقماقچى، ئادەملەر شۇ ئۆڭكۈردىن بۇرغۇ

كەتتى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىن كۆپرەك ئا-
دەم كېلىشى كېرەك ئىدى. بىر ئايدىن كۆپرەك جاپاغا چىداپ
كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، ۋىشكا مۇز قالپاق، مۇز ساۋۇتىنى
تاشلىۋەتتى ئۇنىڭ، ئۆزگە خاس ھەيۋەتلىك قىياپىتى
يولداشلارنىڭ ئالدىدا يەنە نامايەن بولدى. كۆپچىلىك ناھا-
يىتى تېزلىكتە ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىپ، بىر
ئايدىن ئارتۇق قاتتىق مۇزنىڭ قورشاۋىدا قالغان 2-نو-
مۇرلۇق قۇدۇق مەيدانىدا، بۇرغۇ ماشىنىسىنىڭ ساددا، شا-
دىيانە ئاۋازى يەنە ياڭرىدى.

## كىشىلەر قەلبى قاراماي تاغقا تەلپۈنمەكتە

ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقتىن يەنە ماي چىقتى. دەس-
لەپتە مەھسۇلات نەچچە ئون تونىنا بولۇپ، كىشىلەر قەلبىنى
ھەسسىلەپ ئىلھاملاندۇردى. كىشىلەرنىڭ تونۇشى ئەمەلىيەت
تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلاندى. ئەسلىدە جەنۇبىي قاراماي
تاغ — جەنۇبىي كىچىك نېفىت جىلغىسى — چوڭقۇر جىلغىدىن
ئىبارەت ئۇزۇنلۇقى 20 كىلومېتىر بولغان، پەقەت مۇشۇ 3
كىچىك تۈزۈلمىلا (ستروكتورا) بار، ئۇلارنىڭ تىپى ئانچە
پەرقلەنمەيدۇ دەپ ھېسابلىنىغانىدى. ھازىر جەنۇبىي قارا-
ماي تاغدا ئىككى قۇدۇقتىن ماي چىقىپ، باشقا ئىككى
تۈزۈلمىنى بۇرغىلاپ چارلاش ئىرادىمىز تېخىمۇ ئاشتى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈن مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى بىلەن بۇرغىلاش
باشقارمىسى چارلاش ئورۇنلاشتۇرۇشنى قايتىدىن تەرتىپكە
سېلىپ، يەنە تۆت بورۋاينى يېڭى رايونغا يۆتكىۋەتتى، 2-، 3-
ئايلاردا قاراماي تاغ رايونى يەنىلا ئاق قار-كۆك مۇز

ىد گازىدىن ھۆشىدىن كەتتى، ئۇمىگباۋ ھۇشىدىن كەتكەندىن كېيىن قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئاندىن خەتەردىن قۇتۇلدى. مۇشۇنداق ھۇشىدىن كەتسىمۇ، مەغلۇپ بولسىمۇ قايتا - قايتا بۆسۈپ كىرىپ، ئاخىرى 3 - كۈنى بولغاندا بۇ سۇ فونتانىنى بويسۇندۇردۇق.

فونتان بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىنكى خىزمەت بۇ 40 مېتر ئېگىز كېلىدىغان مۇز تاغنى يۆتكەۋېتىش ئىدى. بەزىلەر مىلتىق بىلەن مۇزنى ئېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزىلەر قۇدۇق مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا پارتلاتقۇچ دورا كۆمۈپ پارت- لىتىش ئارقىلىق ۋىشكىدىكى مۇزلارنى تەۋرىتىپ چۈشۈ- رۈشنى ئېيتتى. بۇ تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىنى تەجرىبە قىلغان بولساقمۇ، ئەمما كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. پۈتۈن ئەترەتتىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاز - ئازدىن كولىدى. ئاخىرى سوۋېت مۇتەخەسسىسى مىخايلوۋ بىلەن مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك 7 - دىۋىزىيىدىن بىر تۈركۈم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىۋاتقان جىنايەتچىلەرنى ئەكىلىپ مۇزنى كولاتتۇق. شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە كولىغان بولساقمۇ، قۇدۇق مەيدا- نىدىكى مۇز ئازايمىدى. بۇنىڭدىن كۆپچىلىك ئىنتايىن تىت - تىت بولاتتى. مىخايلوۋمۇ تاقەتتى - تاق بولۇپ «زاگراچاۋنى موناۋكى ئازاگرا چاۋنى موناۋكى!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە تۇردى. كۆپچىلىك تېخى ئۇنى ئاچچىقلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاشتى، كېيىن تەرجىمان ئارقىلىق ئاندىن بىلدۇقكى، ئۇ ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىن كەلگەن ئادەملەرنىڭ ئازلىقى- دىن ئاغرىنىپ، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئەترىتىدىن كۆپ- رەك ئادەم كەلسۇن دەپتىكەندۇق. يولداشلار تەرجىماننىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن كۈلۈشۈپ

رامای تاغقا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىلى كەلدى. ئۇلار
يېڭى كونا گېئولوگىيە ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىپ، قا-
رامای تاغ رايونىغا يېڭى باھا بەردى. نېفىتلىك پۈتۈنلەي
بۇزۇلغان ئەمەس، گىرۋەكلىرىدىكى ئېچىلمىدىن سىرت، قال-
غانلىرى ساقلىنىپ قالغان دەپ ھېسابلىدى. بەزى يولداشلار
ئەندىلا بۇرغىلاپ پۈتتۈرۈلۈپ نېفىت سىناش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان
4 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ توك بىلەن ئۆلچەش ئىزاھاتىدىن
گۇمانلىنىپ، سۇ قاتلىمى دەپ ھېسابلاشتى. شۇ چاغدا مىنىستىر
ياردەمچىسى كاڭ شىئېن كېيىنكى ئورۇنلاشتۇرۇش لايىھەسىنى مۇزا-
كىرە قىلىش ئۈچۈن، مېنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە مايتاغقا قايتى-
شىمنى ئېيتتى. 4 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ مەسىلىسىنى مۇزاكىرە
قىلىش ئۈچۈن مەن ئۇلار بىلەن بىللە قايتالمىدىم. 4 - نومۇرلۇق
قۇدۇق، زادى سۇمۇ، مايمۇ، بۇنىڭدا تونۇشنى بىرلىككە
كەلتۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، پۈتكۈل چار-
لاشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئىرادىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىغا
مۇناسىۋەتلىك ئىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە، مەز-
كۇر قۇدۇقتىن گۈرۈلدەپ ماي چىقىپ كىشىنى تازا خۇشال
قىلدى. پىشقەدەم شوپۇر يولداش جاڭ لياڭ مېنىڭ دەرھال
مايتاغقا بارىدىغانلىقىمنى بىلىپ، ماشىنىنى بۇرۇنلا تەييارلاپ
قويۇپتۇ. مەن ئەترەتنىڭ ئەۋرىشكە ئالىدىغان ئىككى بوتول-
كىسىغا تولدۇرۇپ نېفىتنى قاچىلاپ، ناھايىتى تېزلىكتە
بۇرغىلاش ئەترىتىدىن مايتاغقا يۈرۈپ كەتتىم. مايتاغقا يېتىپ
بارغان چېغىمدا، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. يولداش
كاڭ شىئېن گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى كۆرۈپ، گېئولوگىيە
ماتېرىياللىرىنى تەھلىل قىلىۋاتقانىكەن. ئىككى بوتولكا
قاپ - قارا نېفىتنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويىۋىدىم، ئۇ خۇشاللى-

بولسىمۇ، ماي چىققانلىق خوش خەۋىرى ھەر مىللەت ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلغانىدى. بۇرغىلاش ئەت-
رەتلىرى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يېتىپ كەلدى، ماچاڭ-
گاۋ بۇرغىلاش ئەترىتى غەربتىكى «4 - نومۇرلۇق قۇدۇق»نى،
لى شىشۇن بۇرغىلاش ئەترىتى شىمالدىكى «7 - نومۇرلۇق
قۇدۇق»نى، ۋېي زىيى بۇرغىلاش ئەترىتى ئىككىنچى كى-
چىك نېفىت جىلغىسىدىكى «8 - نومۇرلۇق قۇدۇق»نى، ھېسامىددىن
ئەترىتى 3 - تۈزۈلمىدىكى چوڭقۇر جىلغا «18 - نومۇرلۇق»
قۇدۇقنى بۇرغىلىدى. قوشۇن ناھايىتى تېزلىكتە ئۇزۇنلۇقى
20 كىلومېتىرگە يېتىدىغان تۈز سىزىق شەكىللىك جىندىنى
ئىگەللىدى. ئىككىنچى ئاينىڭ ھاۋا رايىدا، تېمپېراتۇرا يە-
نىلا ئۆزلىمىگەن بولۇپ، ئاخشىمى ئەمەلىي تېمپېراتۇرا نۆلدىن
تۆۋەن 42 گىرادۇس ئەتراپىدا بولاتتى، تېلېگىرامىچى سۇ××
ھەركۈنى ھاۋارايىنى ئەپسىل خاتىرىلەپ، ئىدارە رەھبەر-
لىرى ۋە بۇرغىلاش باشقارمىسىغا يوللاپ تۇراتتى. مۇشۇنداق
قاتتىق سوغۇقتا، دىزېل ماتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ناما-
يىتى تەس ئىدى. ماشىنىنى ئوت ئالدۇرالمىسا، ۋىشكىنى
يۆلىيەلمىسە، پۈتۈن ئەترەتنىڭ خىزمىتى توختاپ قالاتتى.
مىخانىزىم تېخنىكى يولداش چېيۇفۇمىن ناھايىتى تەقەززا
بولاتتى. ئۇ جىددىي پەيتتە ئەقىل تېپىپ، ئىككى ماي
تۇڭىغا بىر دېيومىلوق زاددۇشكىنى سۇۋاركىلاپ، ئۇنىڭغا
رېزىنكا تۇرۇبىنى ئۇلاپ، سۇنى بىر ئاتموسفېرا بېسىم بىلەن
قاينىتىپ، ماشىنىنى قىزىتىپ، دىزېل ماتورنى ئوت ئالدۇردى،
يېڭى كەلگەن بۇرغىلاش ئەترەتلىرىنىڭ ھەممىسى بۇرغىلاشنى
باشلىۋەتتى. 4 - ئايدا مىنىستىرلىق ياردەمچىسى كاڭ شىئېن بىر تۈركۈم
مىنىستىرلىك ئىدارە رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەرنى باشلاپ قا-

كالڭ شىشىن ئىسپاتلانغان گېئولوگىيە ماترىياللىرى ۋە زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ پىكىرىگە ئاساسەن، بۇرغىلاش بەلگىلىنگەن بىر نەچچە تۇزۇلمىلەرنى چىلىك تۇتقاندىن باشقا، يەنە قىسقا مەزگىل (3، 4 ئاي) تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، «تورنى كەڭ يېيىپ چوڭ بېلىق تۇتۇش» لايىھەسىنى تۇزۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق يۈرەكلىك تەساۋۋۇر لايىھەسى ئەينى چاغدىكى دۆلىتىمىزنىڭ نېفت سانائىتى تارىخىدا تېخى كۆرۈلمىگەن بولۇپ كىشىلەر قەلبىنى تازا ئىلھاملاندۇراتتى. بۇ زور لايىھەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مايتاغ، نۇرباغ ئورگانلىرى (باشقۇرۇش ئىدارە ئورگىنى) ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەممە كىشى بۇ لايىھە ئۈچۈن كۆپەرەك تۆھپە قوشۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشتى، 1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، قاراماي تاغ چارلاش رايونىنىڭ ئىسمى «قاراماي تاغ بۇرغىلاپ چارلاش باشقارمىسى» دەپ ئۆزگەرتىلدى، چىن فېڭ، جې جىنياۋ قاتارلىق رەھبىرى يولداشلار كېلىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى. ترانسپورت باشقارمىسىدىن ۋىي پېڭخىي ترانسپورت ئەترىتىنى؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقارمىسىدىن يولداش لىۋ يېن قۇرۇلۇش لايىھەلەش خادىملىرىنى؛ يولداش ليۇشىتيەن تۇرمۇش تەمىنلەش قوشۇنلىرىنى باشلاپ، ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. 5 - ئايدىكى قاراماي تاغ رايونىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەنىلا بىرقەدەر تۆۋەنىدى. يېڭى چارلاش رايونىدا، ئازساندىكى گەمىلەر بولغاندىن تاشقىرى، باشقا ئۆيلەر يوق ئىدى. يېڭى كەلگەن يولداشلاردىن ئاز ساندىكىلىرى ئەسلىدىكى گەمىلەردە ئوز-ئارا قىستىلىپ ياتقاندىن باشقا، كۆپلىگەن يولداشلار ئاتلىق ھالدا تالادىكى چىرادىن شامال تەگمەيدىغان يېرىدە كېچىنى

قىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاياجانلانغان ھالدا: «ھەي، ھەق-قەتەن نېفىت قاتلىمى ئىكەن — ھە!» دېدى. ئەھۋاللارنى ئۇ قىسقىچە سورىغاندىن كېيىن، «تېز بېرىپ يولداش دۈبرمىننى چاقىرىپ كېلىڭلار» دېدى. مەسئۇل باش گېئولوگ دۈبومىن ۋە بىر نەچچە نەپەر سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ ھەممىسى كەلدى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ھاياجانلىق بىلەن ئىككى پوتولكا نېفىتكە قايتا-قايتا سەپ سېلىپ قاراپ، قوللىرى بىلەن تۇتۇپ، پۇراپ باقتى، بەزىلىرى قەغەزگە سۈركەپ، كۆيدۈرۈپ باقتى، بىرنەچچە قېتىم تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىردەك «ياخشى ماي» ئىكەن دېيىشتى.

كەچتە، مىنىستىرلىق رەھبەرلىرى ۋە سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىنى كۇتۇۋېلىش زىياپىتى باشلاندى، مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ ھەممىسى كەلدى، مىنىستىرلىق رەھبەرلىرى ۋە مۇتەخەسسىسلەر-نىڭ ھەممىسى قەدەھ كۆتۈرۈپ قاراماي تاغنى چارلاشنىڭ دەسلەپكى نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەشتى، ئەھۋالنى تەھلىل قىلدى. كېلەچەككە نەزەر سېلىپ، ماي بار رايون-نىڭ يالغۇز قاراماي تاغدىلا ئەمەسلىكىنى كۆرسۈتۈپ بەردى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئۆز ئارا ئىلھام بېرىشىپ، بۇندىن كېيىنكى چارلاش خىزمىتىدە تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئورتاق تىلەكداشلىق بىلدۈردى.

مىنىستىرلىق رەھبەرلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئىككىن-چى كۈنى يېڭى چارلاش لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىش باش-لاندى. يىغىندا چوڭ ئاتلىنىش ۋە كىچىك ئاتلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل پىكىر چۇشتى، بەزىلەر ئالدى بىلەن بۇرغىلاش ئە-ترەتلىرى بۇرغىلاۋاتقان بىرنەچچە جايلارنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن چوڭ ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەڭ ئاخىرى يولداش

لاندۇردى ۋە ئۇيغاتتى، كۆپچىلىك ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ بىردەك بۇ 3 تۈزۈلمە ھەرقايسىسى يەككە - يېگانە ئەمەس، ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئالاقىلىشىش قۇدۇقلىرىنى قېزىپ، تۇتاشقان - تۇتاشمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقا بولىدۇ دەپ ھېسابلاشتى. گېئولوگ يولداش ۋۇخۇايۈەن، ۋە ئۆلچەش تېخنىكى يولداش تيەن يوڭشۇ، جەنۇبىي قاراماي تاغ بىلەن جەنۇبىي كىچىك نېفت جىلغىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش قۇدۇقى — 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقنى، جەنۇبىي كىچىك نېفت جىلغىسى بىلەن چوڭقۇر جىلغا ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلىشىش قۇدۇقى 12 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ ئورنىنى تېزلىكتە بېكىتىپ چىقىپ، جەنۇبىي قاراماي تاغنىڭ نېفتى بار يەر كۆلىمىنى داۋاملىق كېڭەيتىش بىلەن بىللە، كىشىلەر ئۈمىد كۈتەۋاتقان بىرنەچچە ئالاقىلىشىش قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاپ چارلاش باشلاندى. ئەگەر ماي چىقىدىغان بولسا، قاراماي تاغنىڭ چارلاش ۋەزىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولاتتى، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

ھەرقايسى تۈزۈلمىلەردىكى بىرنەچچە قۇدۇقلاردىن ماي چىققاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ رەھبەرلىرى قاراماي تاغ رايونىنى چارلاشقا ئىنتايىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە ئەھمىيەت بەردى. 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئاپتونوم رايونى سودا نازارىتىدىكى يولداش گاۋشۇشەن ئۆمەك باشلىقى بولغان 8 نەپەر نازارەت ئىدارە رەھبەرلىرىدىن ۋە مىللىي ناخشا ئۇسۇل ئۆمىكىدىن تەركىب تاپقان ھال سوراش ئۆمىكىنى چارلاش رايونىغا ئەۋەتتى، ئۇلار ئورگان، قۇدۇق مەيدانلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن سەمىمىي قىزغىن ھال سورىدى.

ئۆتكۈزدى. كۆپچىلىكنىڭ بىرلا ئورتاق نىشانى — بالدۇرراق
يېڭى نېفىتلىكنى قولغا كەلتۈرۈش بولغاچقا، ھېچكىم
زارلانمىدى. قوشۇن گەرچە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن كەلگەن
بولسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئىناق، ناھايىتى
تەشەببۇسكار بولدى. ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەتكە ئېھتىياجلىق
بولسىلا ئاكتىپلىق بىلەن تالىشىپ تۇرۇپ ئىشلىدى. بىرنەچچە
بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ بۇرغىلاشنى تېزلىكتە باشلىشى ئۈچۈن
سۇ ئىنتايىن ئېھتىياجلىق ئىدى. ئەمما بۇ بىپايان چۆللۈكتە
قەيەردىنمۇ سۇ ئىزدەش كېرەك. ماناس دەرياسىنىڭ يۇقىرى
ئېقىنىدىن سۇ توشۇغاندا، بېرىپ - كېلىشكە بىر كۈن ۋاقىت
كېتەتتى. بىر ماشىنا ئېلىپ كەلسە ئاران ئۈچ كۇب مېتىر
كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئادەم ۋە ماشىنىلار ئېھتىياجلىق سۇنى
قانداق تەمىنلىگىلى بولىدۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا، كادىرلار
بۆلۈمىنىڭ باشلىقى جاۋشىڭ، تۇرمۇش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
ياڭ بىڭ قاتارلىق يولداشلار باتۇرلۇق بىلەن سۇ ماشىنىلىرىنى
باشلاپ، 20 كىلومېتىر سىرتتىكى چۆچقۇر جىلغا قاتارلىق
جايلارغا سۇ ئىزدەپ باردى. ئۇلار يەنە ئېرىپ بولمىغان
قار مۇزلارنى ماشىنا بىلەن قۇدۇق مەيدانىغا ئېلىپ كېلىپ
ئاندىن بۇرغۇ ماشىنىلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن نورمال
ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. 5 - ئايلارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا،
جەنۇبىي كىچىك نېفىت تۈزۈلمىسىدىكى 8 - نومۇرلۇق قۇدۇق
چۆچقۇر جىلغا تۈزۈلمىسىدىكى 18 - نومۇرلۇق قۇدۇقلار ئارقا -
ئارقىدىن قېزىلىپ پۈتۈپ ماي چىقتى، جەنۇبىي كىچىك قا-
راماي تېغىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى 7 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن-
مۇ ماي چىقتى. بۇ كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان
خۇشخەۋەر، رەھبەرلىك ۋە گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنى ئىلھام-

بىر ئىچمۇلمشنى ئارزۇ قىلىشاتتى، بىراق سۇ ئاز ئادەم كۆپ بولغاچقا، يەنە ئۆزئارا ئۆتۈنۈشۈپ ئاستا - ئاستا بىرنەچچە يۇتۇمدىن ئىچىپ سۇنىڭ لەززىتىنى تېتىشتى. سۇ ئىچكەندە سۇ مەنبەسىنى ئۇنتۇماي، كىشىلەر يەنە غولغولا قىلىشقىلى تۇردى، ئەڭ ئاخىرى تېخىمۇ يىراق يەرلەردىن سۇ ئىزدەشكە بەل باغلىدى. پەشقەدەم شوپۇر جاڭ لياڭ سۇ توشۇش ماشىنىسىنى ھەيدەپ، ئۆلچەش ئەترىتىدىن جاڭ لىسىڭ بىر تال مىلتىقنى ئېلىپ (بۆرىدىن ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن ھەم ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن) بىر دانە گۈرجەكنى ئېلىپ، تۇرالغۇ جايىدىن 40 — 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شەرق، جەنۇب، غەرب 3 تەرەپكە بىرنەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى، نەچچە ئون كىلومېتىرلىق قۇملۇقنى، چەكسىز كەتكەن سۆكسۆكلىكتىن ئۆتۈپ، ماشىنىنى نەچچە قېتىم پاتۇرۇپ قويۇپ، ھەربىر قۇم دۆۋىلىرىدىن سۆكسۆكلەرنى چاقنىڭ ئاستىغا قويۇپ يۇرۇپ ئاران ئۆتكەن، گەرچە چەكسىز جاپا تارتقان بولسىمۇ بىر تامچە سۇ تاپالماي، پەقەت، نۇرغۇنلىغان، جەرەن، قىرغاۋۇل، ياۋا توشقانلارنى ئۇچۇرىتىپتۇ، سۇ بولمىسا ئادەم قانداق تۇرمۇش كۆچۈرىدۇ، قۇدۇقنى قانداق قازىدۇ؟ كىشى ھەقىقەتەن تىت - تىت بولاتتى. شوپۇر يولداش جاڭ لياڭ، «ئاڭلىشىمچە شۆگەيدە ھەربىيلەرنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانى بار ئىكەن، ئادەم ئەۋەتىپ كۆرۈپ باقمامدۇق» دېدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ئىككى نەپەر ئىشچىنى (ئىسمى ئېسىمدە قالماپتۇ) بىر سۇ ماشىنىسى بىلەن سىناپ بېقىش مەقسىتىدە شۆگەي تەرەپكە ئەۋەتتۇق. 7 - ئايدا ھاۋا تونۇردەك ئىسسىق ئىدى، ماشىنا قىزىل تاغ ئېغىزىدىن ئانچە يىراققا بارمايلا، رادىياتورى قايناپ كېتىپتۇ،

## سۇ — نېفتىلىكنىڭ جېنى

قاراماي‌غا دەسلەپتە كەلگەندە ئۇچرىغان بىرىنچى چوڭ مەسىلە سۇ مەسىلىسى بولدى. ئادەملەر سۇ ئىچىشى كېرەك، قۇرۇلۇش قىلىشقا سۇ ئىشلىتىش كېرەك بولۇپ، سۇ نېفتىلىكنىڭ جېنى ئىدى. ئەمما بىپايان بۇ چۆللۈكنىڭ نەرىدە سۇ بولسۇن؟! بىز غەربىي شىمالدىكى كىچىك جىرادىكى يولغۇنلۇقتىن ئازراق سۇ تاپتۇق. سۇ يېشىل رەڭلىك بولۇپ، سۇ ئىچىدە كىچىك قىزىل قۇرۇتلار مىڭلاپ تۇراتتى. ئىچەيلى دېسەك، زەھەرلىنىپ قېلىشتىن قورقاتتۇق، ئىشلەتمەيلى دېسەك، كۆزىمىز قىيمايتتى. ھېچ ئامال قىلالماي ئاخىرى تەۋەككۈل قىلىپ قاينىتىپ سىناق قىلىپ ئىشلەتتۇق، بۇنى ئىچكەندىن كېيىن كۆپچىلىكنىڭ قورسىقى ئاغرىپ، بەزىلەرنىڭ كۆڭلى ئېلىنىپ قۇسقىلى تۇردى، بەزىلەرنىڭ ئىچى سۈرۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ماشىنىست يولداش لىيۇ بىڭيەن (قاراماي تاغدىكى ئىككىنچى ئايال يولداش) شوپۇر بىلەن سۇ تۇڭىنى، كارۋاتنىڭ كىرلىكىنى ئېلىپ، چىڭگىس تېغىنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى چوڭقۇر ساي ئىچىدىكى ئېرىپ بولمىغان قارنى ئەكېلىپ ئېرىتىپ ئىشلەتتى. سۇ ئالماشقاندىن كېيىن قوساقمۇ تېزلا ئاغرىمايدىغان بولدى. بىر نەچچە سوۋېتلىك بۇرغىلاش مۇتەخەسسىسى مايتاغدىن قايتىپ كېلىپ، يولداشلارنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە (ياغاچ ئۆي) قەدەم كۆتۈرۈشكە تەكلىپ قىلدى، كۆپچىلىك تېخى مۇتەخەسسىس ھاراققا تەكلىپ قىلغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى، بىراق ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ 7، 8 بوتولكا سۈپ - سۈزۈك سوغاق سۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا قويدى؛ كۆپچىلىك ئىنتايىن خوشال بولۇشۇپ، تازا قانغىچە

سۇنىڭ جىددى كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن كەلگەنلىگى-
نى ئېيتقاندىن كېيىن، ھەربىيلەر بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش
چەكچىلىرى ناھايىتى تەسىرلىنىپ، دەرھال چىلەكلەرنى ئېلىپ،
سۇ كۆلچىكىنىڭ بويىغا باشلاپ بېرىپ ناھايىتى تېزلىكتە چىلەكلەپ
بىر ماشىنا سۈپ-سۈزۈك سۇ توشقۇزۇپ بېرىپتۇ. (ئۈچ كۈپ)
ئۇلار يېرىم كېچىدە تۇرالغۇ جايغا يېتىپ كەلدى. كۆپچىلىك ئىنتايىن
خوشال بولۇشتى، بۇ يالغۇز سۇنىڭ ئېلىپ كېلىنگەنلىكى ئۈچۈن
ئەمەس تېخىمۇ مۇھىمى سۇ مەنبەسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈندى.

قاراماي تاغدا سۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشلىقتىنمۇ قىممەت-
لىك ئىدى، مايتاغ-دا ۋودىپورۋوت سۈيىنى ئىشلىتىپ ئادەت-
لىنىپ كەتكەن كىشىلەر ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ چەكلەش بولاتتى.
ئەمما كۆپچىلىك ناھايىتى ئاڭلىق بولۇپ، ئىقتىسات قىلىشقا
ئىنتايىن دىققەت قىلاتتى. ھەربىر ئادەم بىر سۇنى تۆت
نەرسىگە ئىشلىتەتتى. (يەنى، يۈز يۇيۇش، پۇت يۇيۇش،
كىيىم يۇيۇش، يەرگە سېپىش) بىر تامچە سۇنىمۇ ئىسراپ
قىلمايتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىدىن سۇ توشۇش ۋاقىتلىق
سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسىنىلا ھەل قىلالايتتى، مەسىلىنى تۈپتىن
ھەل قىلىش ئۈچۈن، داۋاملىق سۇ ئىزدەشكە توغرا كېلەتتى.
تۇرالغۇ جايدىن 120 كىلومېتىر يىراق بولغان دەم دەريا-
سىدىن بىر قەدەر ياخشى سۇ مەنبەسىنى تاپتۇق. بىراق
ئارىلىق بەك يىراق ئىدى، بورۋاي بىلەن يەر ئاستى
سۈيىنىمۇ قازدۇق، كۆپ قۇدۇق قازغان بولساقمۇ،
چىققان سۇدا ھىدروگېن سۇلفىد ناھايىتى يۇقىرى
ئىدى. بىراق بۇمۇ قۇرۇلۇشقا سۇ مەسىلىسىنى ھەل
قىلدى. تۇرمۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى يەنىلا
يۈز كىلومېتىردىن يىراق جايدىن توشۇشقا توغرا كەلدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ كىتەيلى دېسە، سۇ قاچىلىمىسا ما-
شىنىنى ھەيدىگىلى بولماپتۇ، بۇ بىرنەچچەيلەن يول بويىد
يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ ئۆزلىرىنى، قۇتقۇزۇۋېلىشىنى ساق-
لاپ تۇرۇپتۇ، بىرنەچچە سائەت ساقىلىغان بولسىمۇ، ماشىنى-
نىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ. رادىياتوردا قالغان ئازراق سۇنىمۇ
ئىچىپ بولۇپتۇ. ئەگەر يەنە ساقلاۋەرسە، تېخىمۇ خەتەرلىك
بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، شوپۇرنى ماشىنىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ
ئىككى ئىشچى يولداش تېزلىكتە دوكلات قىلىشقا قايتىپتۇ.
ئۇلار 40 كىلومېتر چۆللىكتە جىددىي مېڭىش ئارقىلىق، چۈش-
تىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئاشقاندا تۇرالغۇغا يېتىپ كەلدى.
ئۆيگە كىرىپلا بىر ئېغىز گەپ قىلالماي ھوشىدىن كەتتى.
بەزى يولداشلار «سۇنى تېز ئەكىلىڭلار دېيىشتى» چوڭ بىر
قاچا سۇنى ئىچىپ، بىر دەم ئارام ئالغاندىن كېيىن، ئۇلار
ئاندىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرىنچى
ئېغىز سۆزى بىز ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالمىدۇق دېيىش بولدى.
كۆپچىلىك ئۇلارنىڭ ئالدىرىماي سۆزلىشىنى ئېيتتى. شۇ چاغ-
دىلا ئاندىن ئۇلار رادىياتوردا سۇ قالمىغانلىقىنى، ماشىنىنىڭ
قىزىل تاغ ئەتراپىدا قالغانلىقىنى ئۇقتۇرالىدى. بۇ چاغدا
كۆپچىلىك تازا تەقەززا بولۇشۇپ كەتتى، بۈگۈن سۇ ئەك-
لەلمىسە ئەتە بارلىق يولداشلار تالقان يەيدىغان گەپ، سۇنىڭ
يوقلۇقىدەك خەتەرلىك ئەھۋالدا كادىرلار، ئىشچىلار ئادەملەر-
نى قۇتقۇزۇپ سۇ ئەكىلىشنى تالىشىپ تەلەپ قىلدى، 5 — 6
يولداش ئالدى بىلەن بىر يۈك ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ،
ئىككى چوڭ تۇڭ سۇنى ئېلىپ يولغا چىقتى. تەخمىنەن كەچ
سائەت 11 لەردىن ئاشقاندا ئاخىرى ئۇلار ھەربىلەرنىڭ بوز
يەر ئۆزلەشتۈرۈش دېھقانچىلىق مەيدانىنى تېپىپتۇ، ئىشچىلار

ئۆزىنىڭ يولنى خاتا ماڭغانلىقىنى بىلگەن. چارلاش رايونىنىڭ ئىچىدە كېلىپ - كېتىدىغان ماشىنىلار كۆپ بولغاچقا، يېڭى كەلگەن شوپۇرلار دەرھال پەرقلەندۈرەلمەيتتى، ئەگەر كان رايونىدىن مايتاغقا، ئۈرۈمچىگە بېرىشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم ماشىنا ئۆتۈپ 46 - نومۇرلۇق قۇدۇقنىڭ غەرب تەرىپىگە باشلاپ ئاپىرىپ قويۇپ، يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن قايتىپ كېتەلەيتتى. ھەتتا بۇرغىلاش ئەترەتلىرىدە دىجورنى بولغان ماشىنىلارمۇ بەلگىلەرگە سەللا دىققەت قىلمىسىلا يولدىن ئېزىپ كېتەتتى. بازىدىن چوڭقۇر جىلغىدىكى 18 - نومۇرلۇق قۇدۇققا بېرىشتا چوقۇم ئالدى بىلەن جەنۇبقا مېڭىپ نېفىت ئاققۇزۇش پونكىتىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن چىقىپ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ شىمالىدىن نېفىت ئېلىش 3 - زاۋۇتقا بېرىپ ئاندىن شىمالغا مېڭىپ ناھايىتى چوڭ ئايلانغاندىن كېيىن قۇدۇق رايونىغا بارغىلى بولاتتى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، يول ئېگىز پەس بولغانلىقتىن يەنىلا دائىم ماشىنا پېتىپ قالاتتى. قاتناشنىڭ قولايسىز-لىقىدىن ئىسراپ بولىدىغان ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئۇسۇل - چارە ئىزدەپ، بازىدىن قاراماي تاغ تەرىپىكە مېڭىشتا 12 - نومۇرلۇق، 8 - نومۇرلۇق. 3 - نومۇرلۇق قۇدۇقلاردىن ئۆتكەندە ھەم تۈز ھەم يېقىن بولاتتى. بىراق يولدا توسالغۇلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بىز تىراكتورنى ئاساسلىق يول ئاچقۇچى قۇرال قىلىپ، بىر ئاددىي تاشيول— قارامايدىكى بىرىنچى نېفىتلىك تاشيولنى ئاچتۇق. بۇ يول كېيىنكى تېز سۈرئەتتە چارلاشقا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

تاكى 1956 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇق قىلىشى بىلەن، قىسمەن دېھقانچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نېفىتلىكنى چارلاش خىزمىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماناس دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى نەچچە يۈز كىلومېتر جايدىن، سۇ قويۇپ بېرىشنى بەلگىلىدى، 30 كىلومېتر «8» تۇرۇبا لىنىيىسى ئارقىلىق جۇڭگەيدىن كان رايونىغا ئېلىپ كەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە سۇ ئىشلىتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق.

## قارامايدىكى بىرىنچى يول

بىپايان چۆللۈكتە سۆكسۆك، قامغاقلار ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، دەسلەپ كەلگەندە نىشاننى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ماڭاتتۇق، كېيىن، ماشىنا چاقىنىڭ ئىزلىرى كۆپىيىپ كېتىپ، گىرەلىشىپ كەتكەن «يول»لار كېيىن كەلگەن شوپۇرلارغا ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەردى. چۈنكى ئۇلار ماشىنا چاقىنىڭ ئىزى بىلەن مېڭىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە، بىر قېتىم بىر مال ئېلىپ كەلگەن ماشىنا 46 - نومۇرلۇق قۇدۇق ئەتراپىدا بىر كېچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، تاڭ ئاتقاندا ئاران توغرا يولغا چىقىپتۇ، يەنە بىر ماي ماشىنىسى، نىشاندىن ئادىشىپ قاپتۇ ھەم ماشىنا چاقىنىڭ ئىزلىرى كۆپ بولغاچقا، مايتاغقا قايتقاندا ئەسلىدە غەربىي جەنۇپ تەرەپكە مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، بىراق ئۇ شەرقىي - شىمال تەرەپكە كېتىپ قېلىپ، ماشىنىنى تاكى قارامايدىن 100 كىلومېتر يىراق بولغان ئايران كۆلىنىڭ بويىغا ھەيدەپ بارغاندا ماشىنا پېتىپ قالغان. شۇ چاغدىلا ئۇ شوپۇر

تۇسۇپ، ئۈستىگە بىرزىنتنى يېيىپ كېچىلەرنى ئۆتكۈزەتتى. ئۇ چاغلاردا قارامای تاغىنىڭ ئەتراپىدا ھەممىلا يەردە كۆچمە ياغاچ ئۆي، چېدىر، كەمە، يېرىم كەمە، لاپا لارنى كۆرگىلى بولاتتى. يېڭى كەلگەن بىر شوبۇر ماشىنىنى ھەيدەپ، قارامای تاغىنىڭ ئەتراپىدا چۆگىلەپ يۈرگەندە، باشقىلار نېمە ئىزدەيدىغانلىقىنى سورىسا، ئۇ «قارامای تاغ چوڭ كوچىسىنى ئىزدەيمەن» دەپ جاۋاپ بەرگەن، كۆپچىلىك قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپ، «سىز ئاللىقاچان چوڭ كوچىدىن كەلدىڭىز. تېخى تاپالمىدىڭىزمۇ» دېگەن.

ۋەزىيەت تەرەققى قىلدى، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئۆي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بەرگۈچى قۇرۇلۇش 3-تۈەنى سۇچىلىق 3-تۈەنى كەلدى. ئۇلار چۆللىكنىڭ تۈپىسى بىلەن كېسەك قۇيۇپ، ئۆي سالدى. ياكى تام سوقۇپ ئۆي ياسىدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى ۋە بىڭتۈەن رەھبەرلىرىنىڭ قوللىشى ۋە ئۆي ياسىغۇچى يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، 1956-يىلى قىش كىرگەندە كۆپىنچە يولداشلار يېڭى ئۆيلەرگە كۆچۈپ كىردى. بۇرغىلايدىغان قۇدۇقلار بارغانسېرى يىراقلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئورقۇ، ئاقبۇلاق، جەرەنبۇلاق، جۇڭگەي، قىزىل تاغ قاتارلىق يېڭى چارلاش رايونلىرىنىڭ ئارقا-ئارقىدىن قېزىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇرغىلاش چارلاش ئىشچىلىرى يەنىلا كەمىلەردە، چېدىرلاردا ياتاتتى. قارامای نېفىتلىكى دەل مۇشۇنداق جاپا-مۇشەققەتلىك موھىتتا ئۆزلەشتۈرۈلۈشكە كىرىشكەنىدى. چۆل باياۋان قۇملۇقتا، بوران چىقسا، قۇم شېغىللار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاز بولمىغان يولداشلار بۇنىڭدىن ھەققەتەن ئەنسىرەشەتتى. 5-ئاينىڭ ئىچىدە،

## «قاراماي تاغ چوڭ كوچىسى» دا قىزىق ئىشلار كۆپ

بىرلەشمە جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى يەنە بىر قىيىنچىلىق تۇرالغۇ ئۆي ئىدى. بۇرغىلاش ئەترىتى مايتاغدىكى ۋاقىتتا ھەممىسى پارۋاي بار ئۆيلەردە ئولتۇراتتى، ئەمما قارامايغا كەلگەندىن كېيىن ئۇنداق بولمىدى. بىرنەچچە دانە چېدىر ۋە بىرنەچچە دانە ياغاچ ئۆيلەردىن باشقا، ھەممىسى گەمە ئىدى. ياز كۈنلىرى گەرچە ئىسسىق بولسىمۇ، ئەمما بىرقەدەر ياخشىراق ئىدى. ئەمما قىش كۈنلىرى، بولۇپمۇ، كېچىسى نۆلدىن تۆۋەن 40 گىرادۇسقا چۈشكەندە، توڭلاپ ھالى قالمايتتى. قوماندانلىق شتاب ئورگىنى ۋە تېلېگىراف تەخمىنەن 10 كۋادىرات مېتىر كېلىدىغان ياغاچ ئۆيدە تەسىس قىلىنغان. ئىككى دانە كارۋات، بىر تېلېگىراف، بىر مەش بىلەن ئۆي پۈتۈنلەي توشقانىدى. ئۇخلايدىغان چاغدا، مەشنى قىزىتىۋەتسەكمۇ، ئۇخلىغانسېرى ئۆي مۇزلاپ كېتەتتى. يېرىم كېچە بولغاندا، توڭلاپ دۈگدۈيۈپ كېتەتتۇق، تاڭ ئاتقاندا قارايدىغان بولساق، تۆمۈر تاختا ۋە بولتا بېكىتكەن جايلار مۇز تۇتۇپ كېتەتتى. گەمىدە ياتسا گەرچە ياخشىراق بولسىمۇ، بىر ئادەم دىجۇرنى تۇرۇپ ئوت قالىغاندىن سىرت، يەنە يوتقاننىڭ ئۈستىگە ئېغىر چوۋىلارنى يېپىپ كېچىنى ئۆتكۈزەتتۇق. بەزىلەرنىڭ يېپىنىۋالغان يوتقانلىرى ئون نەچچە جىڭ ئېغىرلىقتا ئىدى. 1956 - يىلىنىڭ بېشىدا، چارلاش رايونىغا كەلگەن كىشىلەر بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، گەمىلەرنى تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. بەزى يولداشلار ياتىدىغان يەر تاپالماي دالدا بولىدىغان ئورەكلەرنى تېپىپ ئىككى بېشىنى

ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدىكى ئەڭ دادىيەن، شىڭ دالۇ قاتارلىق يولداشلار دائىم يولداشلارنى تەشكىللەپ ناخشا ئېيتىپ، ھېكايە ئېيتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ، كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتىنى جانلاندۇراتتى. يولداشلار ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئارتۇقچىلىقى بار ئىدى. شىڭ دالۇ ناھايىتى قارشى ئېلىناتتى. بىكار بولۇپ قالسىلا، كۆپچىلىك ئۇنى ئورۇۋېلىپ، ئۇنى بىرنەچچە ئېغىز سۆزلەتەتتى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، قاراماي تاغ چارلاش رايونىدا، قۇراشتۇرۇش، نېفىت سىناش، بۇرغىلاش، سۇ بورنۇيى قاتارلىق قوشۇنلار ھەم تۇرمۇش مۇلازىمەت ۋە ترانسپورت قاتارلىق بولۇپ 150 كىشى قاراماي تاغدا بىرىنچى يېڭى يىلنى ئۆتكۈزدى. بەزى ئۆيى مايتاغدا بولغان ئىشچىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشاتتى، بىراق چوڭ نېفىتلىكنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چارلاش رايونىنىڭ رەھبەرلىرى، ھەرقايسى ئەترەتلەردىكى كادىر ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى ئىش ئورۇنلىرىدا چىڭ تۇرۇپ، بىرمۇ ئادەم كەتمىدى. 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاخشىمى، كانرايونى ئىۋەتكەن بۇرغىلاش باشقارما ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئىمىن، كىنو ئاپپاراتىنى ئېلىپ ھال سوراش يۈزىسىدىن كىنو قويۇپ بېرىشكە كەلگەنىدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى، بىر قەدەر چوڭراق گەمىگە يىغىلىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، پاراڭ سېلىشىپ، يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇشتى. قۇدۇق ئۆۋاچەش ماشىنىسىدىكى كىچىك گېنېراتورنى ھاۋا بەك سوغاق بولغانلىقتىن ئوت ئالدۇرالماي، كىنو قويۇلمىدى.

بىر تۈركۈم شاگىخەيلىك قىزلار نېفىتلىكنىڭ قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن. دەسلەپتە ئۇلار ئۆيلىرىنى ئويلاپ، قىيىنچىلىقتىن قورقاتتى. كېيىن بارا - بارا ئەينى ۋاقىتتىكى جاپادىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، ئاكتىپلىق بىلەن ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇۋاتقان ھەرىسلەت نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي روھىدىن ئىلھاملىنىپ، ئاستا - ئاستا ھېرىپ - چارچاشتىن قورقۇش ئىدىيىسىنى يەڭدى. بىر قېتىم، ماجىبىن، مومىيەن، بەي لچى، لى لاۋلەن قاتارلىقلار سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن قاراماينىڭ شىمالىدىكى 60 — 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چۆكقۇر جىلغىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدا دالا ساياھىتىگە بارغاندا، ئېقىن بويىدىكى دەرەخنىڭ قېشىدا رەسىمگە چۈشمەكچى بولغان. باشقىلار ئۇلاردىن نېمىشكە بۇ يەردە رەسىمگە چۈشىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇلار ئاتا - ئانىسىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا سۇ — دەرەخ بار رەسىمنى ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ چۆل - باياۋاندا تۇرىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىرەتمەسلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقان. شاگىخەيلىك قىزلار بۇ جاپانىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەردى، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن ياشلار ۋە باشقا يولداشلارمۇ تېخىمۇ جاپىرجەم خىزمەت قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا بىر بۇرغىلاش ئەترىتىدە، ھەتتا بىر چارلاش رايونىدا بىرمۇ رادىئو يوق ئىدى، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى بۇيۇملىرى تېخىمۇ ئاز ئىدى. چەكسىز چۆل - باياۋاندا، ئىشقا چىقىشتىن باشقا، ھېچقانداق بارىدىغان ئورۇن يوق ئىدى. سەككىز مىللەتتىن بولغان قوشۇننىڭ، تۇرمۇش ئادەتلىرى ھەرخىل ئىدى، كەچكىچە ئولتۇرۇشۇپ ھەسرەت بەكمۇ زېرىكىشلىك ئىدى. پارتكوم

مېھمانى تەرى سىڭگەن، چەكسىز چۆل - باياۋانلارنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇلارنىڭ ئىزى خوشال كۈلكىلىرى ۋە ناخشا ئاۋازلىرى قالغان.

## شانلىق بىر سەھىپە

1956 - يىلىنىڭ 7 -، 8 - ئايلىرى ئارىلىقىدا، بىر تۈركۈم چارلاش قۇدۇقلىرى ۋە ئالاقىلىشىش قۇدۇقلىرىدىن، بىر-سىنۇ قالماي ھەممىسىدىن ئارقا - ئارقىدىن ماي چىقىپ، ۋەزىيەت كىشىلەرنى ئىنتايىن خوشاللاندۇردى. خەلق گېزىتى باش ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ياخشى ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلدى. ھەمدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى بۇ يېڭى نېفىت رايونىغا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى يولداش كاڭ شىيېننىڭ شىنجاڭدا تۈزگەن «تورنى كەڭ يېيىپ، چوڭ بېلىق تۇتۇش» دېگەن فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلدى. يۇمىندىن جاڭ يۈنچىڭ بۇرغىلاش ئەترىتى، مايتاغدىكى چوڭ ئوتتۇرا بورىۋايلار ئارقا - ئارقىدىن چارلاش رايونىغا كەلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قاراماي كان ئىشلار ئىدارىسى قۇرۇلدى. بۇرغىلاش باشقارمىسى، سىناپ نېفىت ئېلىش باشقارمىسى، ترانسپورت باشقارمىسى، ماشىنىسازلىق زاۋۇتى، سۇ ئېلېكتىر ستانسىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىق زاۋۇت باشقارمىلارمۇ قۇرۇلدى. يېڭى چارلاش لايىھەسى بويىچە، قاراماي كان رايونىدا نېفىت بار كۆلەمنى داۋاملىق كېڭەيتكەندىن تاشقىرى، نەچچە ئون، چوڭ تىپتىكى بورىۋايلار ئارقا - ئارقىدىن چېپەيزىدىكى بىرىنچى كەسمە يۈزدىن باشلاپ ئورقۇ، ماناس كۆلىنىڭ شىمالىغىچە، 12 چوڭ كەسمە يۈزگە ئورۇنلىشىپ،

جەرەن ئوۋلاش ناھايىتى قىزىقارلىق ئىدى. دەسلەپتە
قاراماي تاغ رايونىدا سۆكسۆك ناھايىتى كۆپ بولۇپ
جەرەنلەر توپ-توپ يۈرەتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن
ئوۋ ئوۋلاش ھەۋەسكارلىرى يېقىن ئەتراپتا، ئوۋ ئىزلەيتتى.
بىرنى ئېتىپ ئالسىلا، كۆپلىگەن يولداشلار ھەممىسى توپ-
لىشىپ بېرىپ، كۆتۈرۈشۈپ كېلەتتى. بىر قېتىم ئوۋ ئوۋلاش
بىلەن يولداشلار بىر ۋاقىتلىق ھېزىللىك كاۋاپ يەيتتى، بۇنىڭ
بىلەن تۇرمۇشىمۇ ياخشىلىناتتى، بەدەنمۇ چېنىقاتتى، تۇرمۇشىمۇ
كۆڭۈللۈك بولاتتى.

قاراماي تاغ چارلاش رايونىدا ئىش باشلىنىپ ئۇزۇن
بولمايلا، مايتاغ كانرايونلۇق خەلق بانكىسى، يولداشلار-
نىڭ پۇل ئامانەت قويۇش-ئېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ
بېرىش ئۈچۈن، بىر يولداشنى قارامايدا خىزمەت قىلىشقا
ئەۋەتتى. ئۇ كۆپچىلىك بىلەن تاماق، يېتىپ-قوپۇشتا بىللە
بولۇپ، ئىشچىلارنىڭ كېچە-كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك قىلىۋات-
قانلىقىدىن تەسىرلىنىپ، ئۆزىنى ھەرگىزمۇ سىرتىنىڭ ئادىمى
دىمەي، يالغۇز بانكا كەسپىنى بېجىرىپ قالماستىن، كۆپ-
چىلىك ئېھتىياجلىق بولسىلا، ھەممە ئىشنى قىلاتتى، مەسىلەن،
ۋاكالىتەن ماركا سېتىپ، خەت سېلىپ يەنە قۇدۇق مەيدانىدا
كىچىك ماگىزىن ئېچىپ، يولداشلارنىڭ قىزغىن قارشى
ئېلىشىغا ئېرىشكەن، كۆپچىلىكنىڭ پاراۋانلىق جەھەتتىكى
كۆڭۈلدىكى كىشىسى ئىدى. قارامايدىكى كېيىنكى بانكا،
ماگىزىن، پوچتا ئىدارىسى دەل مۇشۇ يولداشتىن باشلانغانىدى.

جاپالىق كۈنلەر قىسقا ۋاقىتلىق، ئىنقىلابىي تۆھپىلەر
بولسا مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. قاراماينىڭ تېپىلىشى، تەرەققىي
قىلىشىغا سانسىزلىغان نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ

ئايرىلمىدى، بەزى ماتىروسلار دىزېل ماتورنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۆملەپ يۈرۈپ، ماتور ئۆيىگە كىرىپ ئىش ئورنىنى قاتتىق ساقلىغان. بىر ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئەترىتى جەرەنبۇلاقتا خىزمەت قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇتۇن ئەترەتتىكى كىشىلەرنى قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپ، شامال بىلەن 30 نەچچە كىلومېتىر كېتىپ قالغان. بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن يۈتۈپ كېتىپ ئەتىسى ئانىدىن تېپىپ كەلگەنىدى. قىزىل تاغ، شۆگەيدىكى چېدىرلارنىڭ ھەممىسىنى بۇزىۋەتكەن، ئون نەچچە بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ يەيدىغان تامىقى، تۇرىدىغان ئۆيى قالمىغان. ئەمما بىر ئادەممۇ زارلانمىغانىدى. مانا مۇشۇنداق ئاسمان، يەر بىلەن كۆرەش قىلىش، تۇرالغۇ قىيىنچىلىقلار بىلەن كۆرەش قىلىش ئارقىلىق، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، نەچچە يۈز كۋادرات كىلومېتىرلىق چوڭ نېفىتلىك بارلىققا كەلگەن، ھەمدە سىناق قىلىپ نېفىت ئېلىش جەريانىدىلا دۆلەت ئۈچۈن نەچچە ئون توننا نېفىتنى تۆھپە قىلغانىدى.

1957 - يىلى، قاراماينى چوڭ كۆلەمدە چارلاش داۋاملىق ئېلىپ بېرىلدى، نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش خىزمىتىمۇ باشلاندى، ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرىلەپ، خۇشخەۋەرلەر تارقىلىپ، بىرىنچى بەش يىللىق پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى ۋە كېيىنكى خەلق ئىگىلىكى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىدى.

قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئۆزلەشتۈرۈلۈشى دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت سانائىتى تەرەققىيات تارىخىدىكى شانلىق سەھىپىدۇر.

1982 - يىلى دېڭىز - ئوكيان نېفىت چارلاش ئىدارىسىدا يېزىلدى

ئابدىخۇپۇر تەرجىمىسى

كسەك كۆلەملىك نېفىت چارلاشنى باشلىۋەتتى. لېكىن 150 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى، 30 كىلومېتىر كەڭلىكتىكى بەش چارلاش رايونىدىكى نەچچە ئونلىغان بورىۋايلارنىڭ نۇرغۇن-لىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى ۋە ئون مىڭ كىشىلىك-تىن كۆپ قوشۇنغا ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى جىددى ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مايتاغ ترانسپورت باشقارمىسىدىكى يولداشلار ۋە چارلاش رايونىغا كېيىن كەلگەن دۇنخۇاڭ ترانسپورت شىركىتىنىڭ قىسمەن كالونلىرى، ئۈرۈمچى 2 - كالون قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى رايونغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن قىيىنچىلىقتىن، ھېرىپ - چارچاشتىن قورقماي، جان دىلى بىلەن بىرىنچى سەپكە كاپالەتلىك قىلىش ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇن-دىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھازىر ئەسلەيدىغان بولساق، يېڭى نېفىت رايونى ئاچقان قوشۇن گەرچە ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى بۇيرۇققا بويسۇنۇپ، قوماندانلىققا ئىتائەت قىلىش، قەيەرنى كۆرسەتسە، شۇ يەرگە بېرىش، قىيىنچىلىقتىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي، ئاكتىپ، تەشەببۇسكار بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش ئىدى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا، تەسەۋۋۇر قىلمىغان قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، قۇم بارخانلىرى كۆچۈپ بوران چۆللۈكتە ئېرىق پەيدا قىلىپ، قۇم شېغىللار ئۇچاتتى. ئىشچىلار بورغىلاش سۇپىسىدا تورمۇزنى تۇتۇپ مەشغۇلات قىلغاندا، ئورۇندا ئۆرە تۇرالماي قالغاندا تورمۇزنىڭ ئۈستىدە يېتىپ قالسىمۇ، ئىش ئورنىدىن

ئېتىلىپ چىقتى. بۇ رازۋېدكا قۇدۇقلىرى قارامايدا مول نېفىت بايلىقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ چاغدا، شىنخۇا ئاگېنتلىقى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا قارامايىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ خەۋەر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت ئېتىبارىنى جەلب قىلدى. نېفىتتا كەمبەغەل دۆلەت دېگەن ئېغىر قالپاقنى كىيىۋالغان جۇڭگو خەلقى، ئاخىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ بىرىنچى ئۇمرالىك نېفىتلىكىنى تېپىپ چىققان تۇرسا نېمىشكە پەخىرلەنمىسۇن ۋە خۇشال بولمىسۇن؟ مىليون يىللار قاتتىق ئۇيقۇدا ياتقان چۆل باياۋان – قاراماي، بىراقلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆز تىكىدىغان يەرگە ئايلاندى. «نېفىت ئۈچۈن، قارامايغا بارىمىز» دېگەن سادا پۈتۈن مەملىكەتتە ياڭرىدى. خەت – چەكلەر، ئىرادىنامە، ئىلتىماسلار خۇددى قار ئۇچقۇنلىرىدەك قارامايغا كەلگىلى تۇردى. زور تۈركۈمدىكى تېخنىك ئىشچىلار، كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىلەر، زىيالىي ياشلار كەينى – كەينىدىن كەلگىلى تۇردى. قاراماي ئۈنۈمدىكە، ئېچىتقارلىققا ۋە قاينام – تاشقىنلىققا تولغان كۈنلەردە مەن بىر ئاخبارات خىزمەتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بەختىمگە يارىشا بۇنداق خىلمۇ – خىل تەسىرلىك مەنزىرىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

مەن شۇ يىلى 5 – ئايدا قارامايغا كەلگەنىدىم. ئەينى ۋاقىتتا قاراماي نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرۈش جەڭ مەيدانى ئەندىلا ئېچىلغانىدى. بۇرغىلاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش، نېفىت ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى تېخنىكا ماتېرىياللىرى، ئۈسكۈنىلەر ۋە ياردەم بېرىشكە كەلگەن

# ئۆنتۆلماس ئىگىلىك يارىتىش روھى

## خەن ۋېنخۇي

ھەربىر كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆنتۆلماس خاتىرىسى بولىدۇ. ۋاھالەنكى بۇ خاتىرە دائىم كاللىسىدا قايتا - قايتا ئەكس ئېتىدۇ. ھەر قېتىم بۇ خاتىرە ئېسىگە كەلگەندە، ئۆزىگە كۈچ قۇۋۋەت ۋە ئىلھام بېرىدۇ. قاراماي نېفىتلىكىنى بەرپا قىلىشتىكى جەڭگىۋار تۇرمۇش، مېنىڭ مىڭەمدە قايتا - قايتا ئەكس ئېتىدىغان بىرخىل گۈزەل خاتىرىدۇر. ۋاقىت گەرچە 27 يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇنداق تەسىرلىك مەنزىرىلەر، تەسىرلىك ئىشلار، ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان روھلار، ھېلىمۇ ئېسىمدە تۇرماقتا، ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا تۈنۈگۈنكىدەكلا تۇرۇپتۇ.

27 يىلنىڭ ئالدىدىكى ياز، يەنى 1956 - يىلى يازدا، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىمىز قۇرغان بىرىنچى نېفىتلىك — قاراماي نېفىتلىكى دۇنياغا كەلدى. بىرىنچى تۈركۈم ئىگىلىك ياراتقۇچىلار جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنىڭ غەربىي - شىمال گىرۋىكىدىكى چۆل - جەزىرىدە، تالادا يېتىپ - قوپۇپ، يېرىم يىلدىن ئارتۇق جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن 20 نەچچە رازۋېتكا قۇدۇقى قازغان، نېفىت سىناش ئارقىلىق بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن نېفىت

تىكلەش ھەقىقەتەن تەسكەن» دىگەندىن ئىبارەت.

مەن قاراماي‌غا كېلىشىم بىلەنلا، ماڭا ئالدى بىلەن تەسىر قىلغىنى ئۇسسۇزلۇقنىڭ تەھدىتى بولدى. ماشىنا قىزىق ئاپتاپتا، ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا بىر كۈن دېگۈدەك ماڭغاچقا، ئاللىبۇرۇنلا تىلىم قۇرۇپ چىدىيالماي قالغاندىم. ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئىچىدىغان سۇ ئىزدىدىم. كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىش بويىچە، ناھايىتى تېزلا سۇخانىنى تاپتىم، بۇ قايناقسۇخانا دېگەن جايدا ئۆيىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى، پەقەت بىر پارچە تاشلىقتا چوڭ ئوچاق بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدە 4 قازان ئېسىقلىق ئىكەن. ئوچاقتا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى، قازاندىكى سۇدىن ئەندىلا ھور چىقىشقا باشلاپتىكەن. قازان بېشىنىڭ قېشىدا نەچچە ئون نەپەر يولداشلار قوللىرىدا قاچا - چوكىلىرىنى تۇتۇپ ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇپتۇ، ئۆچىرەتتە تۇرغانلار تاماق يەپ بولۇپ، سۇ ئىچىشنى ساقلاپ تۇرغانلار ئىدى. ئوتتەك قىزىپ كەتكەن بىپايان چۆللۈكتە، تاماق يەپ بولۇپ، سۇ ئىچىشكە ئۆچىرەت تۇرۇش، ھەقىقەتەن بىر مەسىلە ئىدى! مەن دەرھال ئازىراق جىددىيلەشتىم، مەن ئۆچىرەتتە تۇرغانلارنىڭ چىرايىغا نەزەر تاشلىدىم. خىيالىمدا، ئۇلار چوقۇم تېرىكىپ تۇرىدۇ ۋە نارازى بولىۋاتىدۇ، ھەتتا تازا ئاچچىقى كېلىۋاتقاندۇ دەپ ئويلىغانىدىم، دەرۋەقە مېنىڭ كۆرگىنىم باشقىچە بىرخىل ئەھۋال بولدى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تىپ - تېنىچ پاراڭ سېلىشىپ تۇرغان بولسا، بەزىلىرى قىزغىنلىق بىلەن قاراماي نېفىتلىكىنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى. ھەربىر ئادەمنىڭ چىرايى ناھايىتى تەبىئىي، ھالبۇكى خوشاللىق چىقىپ تۇراتتى،

قوشۇن، ھەركۈنى ئەتىگەندىن تارتىپ ئاخشامغىچە ئايغ،
ئۈزۈلمەستىن قاراماي‌غا كېلىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا قاراماي
نىڭ ئالدىدا تۇرغان زىددىيەت بولسا: مەركەزدىكى نېفىت
-مىنىستىرلىقى تېزلىكتە قارامايدا كەڭ كۆلەمدە، بۇرغىلاش
ئەترەتلىرى، گېئولوگىيە چارلاش ئەترەتلىرىنى ئاتلاندۇرۇپ
قارامايىنىڭ نېفىت بار كۆلىمىنى تېزلىكتە چارلاپ ئېنىقلاپ
چىقمىش، لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن تېخنىكا ماتېرىياللىرى ئۈس-
كۈنلەر ئېغىر ھالدا كەمچىل بولۇش، ترانسپورت كۈچى جىددى
بولۇش، تېخنىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقى
مەۋجۇد ئىدى. بولۇپمۇ زور تۈركۈمدىكى بۇرغىلاش، چارلاش
قوشۇنى بىراقلا كېلىش بىلەن، ياتىدىغانغا ياتاق يوق ئىدى
تاماق يەيدىغان ئاشخانا يوق ئىدى. ئەسلىدە قارامايدىكى پەقەت
بىرنەچچە كۆچمە ياغاچ ئۆيلەر ۋە بىرنەچچە كەمىلەرلا بار بو-
لۇپ، ئۇنچىلىك ئاددىي تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرى، كۆز ئالدىمىزدىكى
چوڭ بىرلەشمە جەڭنىڭ ئېھتىياجىغا ھەرگىزمۇ ئويغۇنلىشالمايتتى
ھەركۈنى نۇرغۇنلىغان چېدىرلار تىكىلىپ تۇرغان بولسىمۇ
جىددىي كۆپىيىۋاتقان قۇرۇلۇش قوشۇنىنى سىغدۇرۇشقا يەنىلا
ئامالسىز ئىدى. ئەڭ كەسكىن زىددىيەت يەنىلا سۇ ئىدى
بۇ قۇرغاق چۆل - باياۋاندا، بىر تامچە سۇمۇ يوق ئىدى
بۇرغىلاش ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان
زور مىقداردىكى سۇ، پۈتۈنلەي 40 نەچچە كىلومېتىر
يىراقلىقتىكى شۆكەيدىن توشۇپ كېلىنەتتى. يول يوق
چۆل - باياۋاندا، ماشىنا پەقەتلا قوڭغۇز ئۆمىلىگەندەك
ماڭاتتى. بىر قېتىم سۇ توشۇش ئۈچۈن ئاز دېگەندە ئۈچ
سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت كېتەتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە
كىشىلەرگە بېرىدىغان كۈچلۈك تەسىرات شۇكى «ئىگىلىك

ئۇلارنىڭ سىچۇەندىن كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بۇ بىر توپ ياشلار تازا قىزىپ كەتكەندە ئىككى چوڭ قازاندىكى سۇ قاينىدى. قولىغا چۈمۈش تۇتقان يولداش سۇ بۆلۈشكە باشلىدى. مەيلى چىنە بولسۇن ياكى جاۋىر بولسۇن، ھەربىر ئادەمگە بىر چۈمۈشتىنلا بېرەتتى. قايناق سۇ ئالغان يولداشلارنىڭ بەزىلىرى يەردە ئولتۇرۇپ، ھوزۇرلىنىپ ئىچىشەتتى، بەزىلىرى كۆتۈرۈپ كېتىشتى. بەزىلىرى يېرىم چىنە ئىچىپ، ئېشىپ قالغىنىنى، باكولىشكىغا قۇيۇۋاتاتتى. ئۆچرەتتە تۇرغانلارنىڭ بىرسىمۇ ئىككى چۈمۈش بېرىشنى تەلەپ قىلمايتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، قەلبىم ناھايىتىمۇ ھاياجانلاندى، ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆزۈمدىن چىققان يېشىمنى تۇختىتىپ ئالالمىدىم. ئۇسسۇزلۇقىمۇ بېسىلىپ قالغاندەك بولدى. مەن قايتىپ ياتاقنى ئۇقۇشماقچى بولدۇم، ئەينى ۋاقىتتىكى رەھبەرلىك ئاپپاراتى قاراماي تاغ چارلاش قوماندانلىق شتابى دېيىلەتتى. قوماندانلىق شتابىدىكى يولداشلار ماڭا ناھايىتى زور ئېتىبار بېرىپ، قوماندانلىق شتابىنىڭ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ مېھمانخانا تەخمىنەن 20 نەچچە كۋادرات مېترلىق گەمىدە بولۇپ، ئىچىدە 5، 6، دانە قوش كىشىلىك كارۋات بار ئىكەن. بايىقى قايناقسۇخانىدىكى ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدى-
غان سورۇننىڭ ماڭا بولغان تەسىرى ۋە تەربىيىسى تۈپەيلىدىن، گەرچە بۇ مېھمانخانىنىڭ ئاددىيلىقىدىن جوزا، ئورۇندۇق، چايدان، لامپۇشكىلار بولمىسىمۇ، ئەمما مەن ناھايىتى رازى بولدۇم. مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، بۇ يەردە ھەرقانداق ئارتۇقچە تەلەپنى قويسا، ۋىجداننىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايتتى، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ جاپا - مۇشەق-

زېرىككەش، نارازىلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. بۇنداق مە
ئادەمگە ئۆچمەت تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى كۈتۈش ن
هادىسە، ئەسقەلغا مۇۋاپىق بولۇپ، بىر مەرسىدىن ئاغرىنى
هاجىتى يوق دېگەن تەسىراتنى بېرەتتى، مەن ئۆزەم
بايىقى ئەندىشە ۋە جىددىيلىشىشىنىڭ پۈتۈنلەي ئارت
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

قايناقسۇخانىنىڭ قېشىدىكى بوش يەردە، نە
ئون نەپەر ئۈستى - بېشى چاڭ - توپا باسقان ئوغۇل -
ياشلار ئولتۇرۇپتۇ، قارىغاندا ئۇلار ھەممىلا ئىچكىرىد
كەلگەن ئوخشايدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا پاراڭلىشىپ، كۈلۈشۈ
ئويىنىشىپ ئولتۇراتتى. بىرسى توساتتىن بىر قىزغا ھوج
قىلىپ، ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئۇنى ناخشا ئېيتى
بەرسۇن دەپ ۋارقىرىدى، پۈتۈن مەيداندىكىلەر تەڭلا ئاۋ
قوشۇپ، چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى. ئۇ قىز تەخمىنەن
18 ـــ 19 ياشلاردا ئىدى، كۆپچىلىكنىڭ رايىنى قايتۇرۇشنىڭ
تەسلىكىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ ئېيتقان
بىرىنچى ناخشىسى «شىنجاڭ ياخشى» دېگەن ناخشا ئىدى.
بۇ ناخشىنى مەن بۇرۇن نەچچە مىڭ قېتىملاپ ئاڭلىغان
بولساممۇ، ئەمما بۈگۈن ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلاندى. ئۇنىڭ
ياڭراق ئاۋازى، سەممىمىي ھېسسىياتى، مەندە چوڭقۇر تەسىرات
قالدۇردى. چۆل - باياۋاندا، ئۇسسۇزلۇققا چىداپ، تولۇپ -
تاشقان ھېسسىيات بىلەن جۇملىمۇ - جۇملە ئېيتقان «بىزنىڭ
شىنجاڭ ياخشى جاي، تيانشاننىڭ جەنۇبىي - شىمالىي بەكمۇ
چىرايلىق ...» دېگەن ناخشىسى، ئادەمنى بەكمۇ تەسىرلەن-
دۈرەتتى. ناخشا تۈگىشى بىلەنلا دەرھال «يارايدۇ، يەنە
بىرنى» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تەلەپۇزىدىن قارىغاندا،

گە شۇنى ئۇقتۇردىكى بۇ يەرنىڭ چوڭ نېفىتلىك ئىكەن-
لىكىدە شەك يوق ئىدى. بۇ چاغدا، مەن قاراماي تاغ
دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ئۇنىڭ نېفىت چىقىش ئىستىقبالىغا تولىمۇ
ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قاراماي تاغ پەقەت
ئالقانچىلىك يەر نامىغا قاراپ مەنىسىنى بىلگەندىمۇ ھەم
بۇنىڭ پەقەت بىر كىچىك دۆڭلۈكتە بايقالغان نېفىتلىك
بولۇپ، ھېچقانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇردۇ. بۇ
ئىسىمدا شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ، سالاپىتىمۇ يوق ئىدى.
ئۇيغۇر تىلىدا «黑» نى قارا دەيدۇ، «油»نى ماي دەيدۇ.
بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، مەندە («خې يۇشەن» قاراماي تاغ)
نى قارامايغا ئۆزگەرتىش ئويى پارلىققا كەلدى. مەن بۇ
ئويۇمنى ئەينى ۋاقىتتا باش قوماندانلىقنى ئۆتەۋاتقان
يولداش چېن فېڭغا ئېيتتىم، ئۇ شۇ ھامان بۇ تەكلىپىمنى
پارتكومنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنىدىغانلىقىغا ماقۇل بولدى.
كېيىن پارتكوم بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلىپ، قاراماي تاغنى
(黑油山) قارامايغا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ،
قاراماي قارامايتاغ (黑油山) ئورنىنى ئېلىپ، جۇڭگو ۋە
چەت ئەللەرگە نامى تارقالدى.

بۇرۇن كىچىك كۆلەمدە ئىشلىگەن چاغدا، گەرچە
ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن زىددىيەت ئانچە كۆپ
ئەمەس ئىدى، ھازىر تەنزە بارغانسېرى چوڭايغىلى تۇردى،
بۇ ئەلۋەتتە، گۈللەپ ياشناۋاتقان ياخشى ئىش ئىدى. بىراق
قىيىن مەسىلىلەر ھەققەتەن كۆپ بولۇپ، ئەڭ جىددىي بولغىنى
يەنىلا سۇ ئىدى. بۇرغىلاش ئەترەتلىرى ئاتلىنىشى بىلەنلا،
كۆپ مىقداردا سۇ بىلەن تەمىنلەش زۆرۈر ئىدى. ماتورلۇق
ئۈسكۈنىلەرنى سوۋۇتۇشقا سۇ كېرەك ئىدى، بۇرغىلاشتا

قەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش پەزىلىتى بىلەن قىلچە
ماس كەلمەيتتى.

نېفىتلىكنى ئۆزلەشتۈرۈش جەڭ مەيدانى ئېچىل
بىلەنلا، غەلىبە خەۋەرلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگىلى تۇر
ئۇ چاغدا، ئىككى، ئۈچ كۈندە دېگىدەك ماي ئېتى
چىققانلىق خوش خەۋەرلىرى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ھەقىقە
كىشىلەر قەلبىنى ھاياجانلاندۇرىدىغان كۈنلەر ئىدى.
قۇدۇقتىن ماي چىققانلىقىنى تەبرىكلىگەن داقا ـ دۇمب
ئاۋازى تارقىماي تۇرۇپلا، يەنە بىر قۇدۇقتىن ماي چ
قانلىق خوش خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە كەلگەن داقا ـ دۇمب
ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. كىشىلەر قاراماي نېفىتلىكىن
پەيدا بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، ھەر بىر چارلاش قۇد
قىدىن ماي چىققانلىقىغا تەنتەنە قىلاتتى، نېفىتلىك
ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ غەلىبىسى كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇراتت
ۋاھالەنكى كىشىلەرنىڭ. پىداكارلىق بىلەن ئۆزىنى بېغىشلاش
روھى تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى.

قاراماي دېگەن بۇ ئىسىم دەل مۇشۇ چاغدا دا
چىقارغانىدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئايدا 1 ـ نومۇرلۇق
قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن تارتىپ 56 ـ يىلى يازغىچە، ب
يەر ئىزچىل «قاراماي تاغ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى
بۇ گېئولوگىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ دۆڭلىكتە قارامايىنىڭ ئېقىپ
چىقىپ تۇرغان ھالىتىگە قاراپ قويۇلغان ئىسىم ئىدى
ئاخپارات خەۋەرلىرىدىمۇ بۇ ئىسىمنى قوللانغان. 6 ـ
ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىرلەشمە جەڭ مەيدانىنىڭ ئېچىلىشى
بىلەنلا، ماي چىققانلىق خوش خەۋەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن
كەلگىلى تۇردى، كىشىنى خوشاللاندۇرىدىغان ۋەزىيەت كىشىلەر ـ

كىشىنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايتتى. بىر قېتىم مەن بىر بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ سۈيى تۈگەپ قالغىنىغا ئۇچراپ قالدىم. دىزېل ماتورنى سۇۋۇتىدىغان سۇ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ماتور قىزىپ كەتكەن بولسىمۇ ئەمما ئۇلار ماتورنى توختىتىشنى خالىمىدى. بىر ئىشچى ئۆزىنىڭ باكۇلۇشكىسىدىكى سۇنى دىزېل ماتورنىڭ ئۈستىگە بىر تامچە - بىر تامچىدىن چاچتى، قاچىدىكى سۇنى چېچىپ بولغان بولسىمۇ، سۇ توشۇيدىغان ماشىنا يەنىلا يېتىپ كىلەلمىدى. بۇ چاغدا، بىرنەچچە يولداش ماتور ئۈستىگە سىيىپ دىزېل ماتورنى سۇۋۇتتى. تاكى ماشىنا سۇ ئېلىپ كەلگىچە داۋاملاشتۇردى. ماشىنا قۇدۇق مەيدانىغا كەلگەندە، يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرغىلاشنى توختاتمىغانلىق غەلبىسىدىن خوشال بولۇشۇپ تەنتەنە قىلىشىپ كەتتى. بىر كۈنى مەن بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ دوكلات قىلىش يىغىنىدا مۇنداق ئەھۋالنى ئاڭلىدىم: بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر بۇرغىلاش ئەترىتىدە سۇ تۈگەپ قالغاندا، تۇيۇقسىز قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپتۇ. بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار ھەممىسى بىردەك ھەرىكەتلىنىپ، چېلەك، جاۋۇلارنى كۆتۈرۈشۈپ، قۇدۇق مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى ئازگال ئورەكلەردىن يامغۇر سۈيىنى يىغىپ، داۋاملىق بۇرغىلاپتۇ. بۇ ئىشلارنى ھازىر ئاڭلىسا، بەلكىم بەزىلەر ئىشەنمەسلىكى مۇمكىن، لېكىن، بۇ قىل سىغمايدىغان ئەمەلىيەتتۇر.

سۈنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى بەك چوڭقۇر، ئۇ تىلغا ئېلىنىسلا، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئېسىمگە كېلىدۇ.

شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن،

راستۇۋور ياساش ئۈچۈن سۇغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ھەربىر بۇرغا ماشىنىغا ھەر كۈنلۈكى قانچىلىك سۇ كېتىدىغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەشقىلىپ نەچچە توننىدىن كەم ئەمەس ئىدى. سۇ توشۇش ماشىنىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما يول يىراق، يول يامان بولغانلىقتىن، م- يەنىلا تەلەپنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. بەزى بۇرغىلاش ئەترەتلىرى، ئامالسىزلىقتىن بۇرغىلاشنى توختىتىپ، سۇنى كۈتەتتى. بۇرغىلاشنى توختىتىپ سۇنى كۈتۈش، بۈگۈن قارىماققا، ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە تېگىشلىك كىچىك ئىش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يىنى ۋاقىتتا ئادەمنى تازا تىت - تىت قىلىدىغان چوڭ ئىش ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار ئاتلىنىش بىلەنلا، بىر كۈندىلا بىر قۇدۇقنى بۇرغىلاپ پۈتتۈرۈپ، يەر قاتلىمىدىن نېفىت چىقارغۇسى كېلەتتى. ئەگەر ئۇلارنى بۇرغىلاشنى توختىتىپ دەم ئالدۇرىدىغان بولسا، ئۇلار ھەممە يەرگە بېرىپ مۇراجىئەت قىلاتتى، تەلەپ قىلاتتى، ھەتتا تىت - تىت بولۇپ يىغلىۋېتەتتى. ھەر قېتىم قايسى بىر بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ سۈيى تۈگەي دېگەندە، بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلارنىڭ تىت - تىت بولۇپ خاتىرجەمسىزلىنىشى، خۇددى قاتتىق بوراندىن كېيىن ئاتا - ئانا، خوتۇن - باللىرىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا تۇرۇپ بېلىق تۇتۇپ قايتىپ. كېلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەككە - دۈككە بولۇپ ئەنسىرىشەتتى. ئۇلار بىردەم - بىردەم بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا كۆز تىكەتتى، چۆللۈكنىڭ ئۇ چېتىدىن تېزرەك سۇ توشۇش ماشىنىسىنىڭ كۆرۈنۈشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ دۆلەت ئۈچۈن نېفىت تېپىش ئارزۇسى، ھەقىقەتەن

كېلەتتى. ئەينى ۋاقىتتا قارىغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، مايتاغ دوختۇرخانىغا ئېۋەتىش، ئۇنى گۆرگە ئۇزىتىش بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى خۇاڭ يىجۇك بىلەن تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ۋاڭ جىڭجاڭ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي ئۆز جايىدا ئوپېراتسىيە قىلىشنى قارار قىلدى. ئۇلار ئۆز جايىدا ئوپېراتسىيە قىلسا ھايات قېلىشتىن ئۈمىد بار، مايتاغقا ئېۋەتسەك چوقۇم يېرىم يولدا ئۆلۈپ كېتىدۇ دەپ ھېسابلاشتى.

بىر مەيدان جىددىي قۇتقۇزۇش جېڭى بىر تار كىچىك ياغاچ ئۆيدە باشلاندى. ترانسپورت باشقارمىسىدىكى ئىشچىلار ۋاڭ شۈيىنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا قان لازىم ئىكەنلىكىنى ئاڭلاش بىلەنلا، كېچىلىك ئىسمېنىغا چىقمىغان يولداشلاردىن بىرئاقلا نەچچە ئونى كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەنزۇلار ھەم ئۇيغۇرلارمۇ؛ ئىشچىلار ھەم كادىرلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ياغاچ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا، ۋاڭ شۈيىگە قان بېرىشنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇ چاغلاردا يولداشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق سەممىي بولۇپ، كىشىنى ھەقىقەتەن تەسىرلەندۈرەتتى! كىچىك سېستىرا ئىشىكنى ئېچىشىغىلا، سىرتتىكى نەچچە ئون بىلەك ئۇنىڭغا سوزۇلۇپ، «مېنىڭكىنى ئېلىڭ»، «مېنىڭكىنى ئېلىڭ» دەپ ئۆتۈنگەن ئاۋازلار تەڭلا ياڭراپ كەتتى. كىچىك سېستىرا ئادەمنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇنداق مەنزىرىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ تەسىرلەنگىنىدىن كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، «ئالدى بىلەن قانىنى تەكشۈرۈپ، كىمنىڭ قېنى توغرا كەلسە، شۇ كىشىنىڭ قېنىنى ئالىمىز» دېدى. ئۇ شۇنداق دېگەندىن كېيىنلا

قاراماي ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ شوپۇرى ۋاڭ شۇيى سۇ توشۇۋېتىش يولىدا، كەبىنكىنىڭ ئىچىدە ھوشىدىن كەتكەندىن كېيىن، داۋالاش ئورنىغا جىددىي قۇتقۇزۇشقا ئېلىپ كېلىندى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن بىرىنچى نۆۋەت سۇ ئەكەلگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئاشقازىنى ناھايىتى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن. بىراق ئۇ قاتتىق ئاغرىققا چىداپ يەنە بىر قېتىم 40 نەچچە كىلومېتر يىراقلىقتىن ئىككىنچى قېتىم سۇ ئەكىلىشكە ماڭغان، يول ئۈستىدە بەزىدە قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن تەر بېسىپ كەتكەن ئۇ بىر قولىدا قورسىقىنى تۇتۇپ يەنە بىر قولىدا ناھايىتى تەسلىكتە ماشىنا ھەيدىگەن، ئۇ ئازگال، چوڭقۇر، توپىلاڭ يولدا تىرىشىپ - تىرمىشىپ ماشىنىنى ھەيدەپ قۇدۇق مەيدانىغا كەلگەندە، ئاغرىق ئازاۋىدىن شوك بولۇپ قالغان. دوختۇر تەكشۈرۈش ئارقىلىق ۋاڭ شۇينىڭ ئاشقازىنىنىڭ تېشىلىپ قان چىققانلىقىنى، بەلكى يېگەن تاماقنىڭ قوساق بوشلۇقىغا چىقىشقا باشلىغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ھاياتى خەۋىپ ئىچىدە بولۇپ، دەرھال ئوپېراتسىيە قىلىش زۆرۈر بولدى. قەيەردە ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك؟ بۇ داۋالاش ئورنى 20 كۋادرات مېتر كەلمەيدىغان ياغاچ ئۆيدە تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۈسكۈنىلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولغانلىقتىن، پەقەت ئادەتتىكى كېسەللەرنىلا داۋالىيالايتتى، ئېغىر كېسەللەر ۋە تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيە قىلىنغانلار بىردەك مايتاغ كان رايونلۇق دوختۇرخانىغا ئەۋەتىلەتتى. ئەمما قاراماي بىلەن مايتاغنىڭ ئارىلىقى 100 نەچچە كىلومېتر، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاش يول قايتىدىن ياسىلىۋاتقاچقا، نۇرغۇنلىغان ئارىلىقتا، ئېگىز - پەس يوللاردا مېڭىشقا توغرا

ئوپېراتسىيە قىلىشقا تەييارلىق قىلدى. بۇ بىر ئاخشام چىققان بوران خۇددى شەيتان ئازدۇرغاندەك، ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىگە قەستەن بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقاندەك، توپتوغرا بىر ئاخشام چىقتى. تاكى تاڭ سۈزۈلگەندە ئوپېرات-سىيە ئوڭۇشلۇق ئورۇندالغاندا، بورانمۇ توختىدى.

تېببىي داۋالاش خادىملىرىنىڭ بىر كېچە جىددىي كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، ۋاڭ شۇي، خەتەردىن قۇتۇلۇپ هاياتى قۇتقۇزۇپ قېلىندى. بۇ قارامايدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيە بولدى. ئىشتىن كېيىن نۇرغۇنلىغان يولداشلار: «بۇنداق ئاددى ۋە قىيىنچىلىق شارائىتتا، قۇر-ساق ئوپېراتسىيىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش، بىر مۆجىزە» دېيىشتى. بۇ ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى. بۇ مۆجىزىنى دوختۇر سېستىرا خادىملارنىڭ يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە يولداشلارنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقى ياراتقانىدى.

بىپايان قارامايدا، يەر ئۈستىدە بىر تامچىمۇ سۇ يوق. ھالبۇكى چوڭقۇر يەر قاتلىمىدا، زور مىقداردا يەر ئاستى سۈيى ساقلانغان. بۇنداق غەيرىي نورمال ئەھۋال بۇرغىلاشقا دائىم قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرەتتى. قاراماي 2 - نومۇرلۇق چارلاش قۇدۇق ، يەر ئاستىدىكى يۇقىرى بېسىملىق سۇ قاتلىمىغا دۇچ كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار يەتكىدەك جاپا تارتتى. شۇ يىلى 1 - ئايدا، بۇرغىلاپ دولتا نەچچە يۈز مېتىر چوڭقۇر-لۇقتىكى يەر قاتلىمىغا بارغاندا 2 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن تۇيۇق-سىز سۇ فونتانلاپ كەتتى. يەر ئاستى سۈيى كۆكرەپ چىققىلى تۇردى، سۇ نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىككە ئېتىلىپ چىقتى. ئەينى، ۋاقىتتا تامچە سۇ يەرگە چۈشكىچە مۇز توڭلايدىغان

كۆپچىلىك تالاش - تارتىش قىلىشمىدى.

قىپقىزىل قان ئەينەك شىشىگە ئېلىندى. لابورانت جىددىي قان تېمىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، كۈتۈلمىگەن ئىش پەيدا بولدى، بوران كۆپ چىقىدىغان قاراماي‌دا، بوران تۇيۇقسىز كۈچىيىپ كەتتى. قاتتىق بوران، ياغاچ ئۆينىڭ كىچىك دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ، قۇم شېغىللار ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شامال ئوپېراتسىيە تەخسىسىنىڭ ئۈستىدىكى داكىنى، دورا پوتولكىلىرىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئوپېراتسىيە سايمانلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشكەن قۇملار جاراڭشىپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئوپېراتسىيە ئۆيى بىردەمدىلا چېچىلىپ كېتىپ، ئوپېراتسىيىنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرى پۈتۈنلەي كاردىن چىقتى. تېببىي داۋالاش خادىملىرى قاتتىق بوراندىن ناھايىتى ئاچچىقى كېلىپ، بوراننىڭ بۇنداق رەھىمسىزلىكىنى، مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە ئۇلارغا پاراكەندىچىلىك سالغانلىقىنى تىللىشاتتى. بايا ئوپېراتسىيىنى تەييارلىغاندا، توك سىمىنى بوران ئۈزۈۋەتكەنلىكتىن نۇرغۇن ۋاقىتقا تەسىر يەتكۈزگەنىدى، ھازىر يەنە ئوپېراتسىيىنىڭ بارلىق تەييارلىقلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار ئوپېراتسىيە كارۋىتىدىكى كېسەلنىڭ بىخەتەرلىكىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەشتى. لابورانت ئەينەك پارچىنىڭ ئۈستىدىكى قاننىڭ پاتقاقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا يىغلىۋەتتى. بەختىگە يارىشا ئۆينىڭ سىرتىدا قان بېرىشنى ساقلاپ تۇرغان يولداشلار بار ئىدى. سېستىرالار باشلىقى مىڭ چىڭگىنۇ بىر يوتقاننى ئېلىپ كەلگەنتى، ئۆينىڭ ئىچى - سىرتىدىكىلەر بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ يوتقاننى، دېرىزىگە مىقلىدى. كۆپچىلىك باشقىدىن ئوپېراتسىيە سايمانلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ،

ئىچىپ، سوغۇققا ۋە سوغۇق سۇغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇردى. ھاراق كۆپچىلىكنىڭ ئىسسىقلىقىنى ۋە غەيرىتىنى ئاشۇردى. بىرنەچچە كۈن كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، فونتان سۇ توختىتىلدى، ئەمما، سۇ نۇرغۇنلىغان قۇم - شېغىللارنى يەر ئۈستىگە ئېتىپ چىقارغاچقا، قۇدۇق تېمىنى بۇزۇۋېتىپ، بۇ قۇدۇقنى داۋاملىق بۇرغىلاشقا ئامال بولمىدى. قۇدۇق يېرىم يولدا كېرەكتىن چىققان بولسىمۇ، ئەمما يولداشلارنىڭ جان پىدالىق بىلەن، قاتتىق سوغۇق ۋە سوغۇق سۇ بىلەن نەچچە كېچە - كۈندۈز كۈرەش قىلىش روھى ھازىرغىچە نېفىت سېپىدە مەدھىيىلىنىپ يۈرمەكتە. قاراماي كۆرگەزمىخانىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان چوڭ بىر پارچە رەسىم بار، ئۇنىڭدا، ئون نەچچە نەپەر بېشىغا بىخەتەرلىك قالپىقى، ئۈچىسىغا يامغۇرلۇق چاپاننى كەيگەن، ئۈستى - بېشىغا مۇز پارچىلىرى چاپلىشىپ كەتكەن كىشىلەر — دەل ئىككىنچى نومۇرلۇق قۇدۇقنى فونتانلاشتىن قۇتۇلدۇرغان يولداشلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشچىلار، ھەم بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ۋە جىداۋيۈەنلەر بار، بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش ماجىشياڭمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بار. ئۇلارنىڭ ئۈستى - بېشىدىكى مۇزلار ئىشچىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش. بۇ بىر پارچە قىممەتلىك ھەم كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان رەسىم، قارامايلىقلارنىڭ ئەينى يىللاردا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك ياراتقانلىقىنىڭ سىمۋولىدۇر.

1983 - يىلى 3 - ئاي ئۈرۈمچىدە يېزىلدى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدىغوپۇر ئابدۇللا

قاتتىق سوغۇق پەسىل بولغاچقا، قوم - شېغىل ئارىلاش چىقا يەر ئاستى سۈيى ۋىشكىغا ئۇرۇلۇپ بىر قەۋەت مۇز قاتتى مۇز بارغانسېرى قېلىنلاپ، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن ۋىشكا نەچچە ئون مېتىر ئېگىزلىكتىكى مۇز مۇنارغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن قۇدۇق فونتانلاشتىن كېيىن، بۇرغىلاش ئەترىتىدىكى يولداشلار جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۇغا قارىماي تۆشۈك ئېچىپ، بۇرغىلاش سەھنىسىنىڭ ئاستىدىكى زاۋۇشكىنى تاقىماقچى بولدى. قۇدۇقتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان قوم - شېغىل ۋە سوغاق سۇنىڭ دەستىدىن كۆز ئاچقىلى بولمايتتى، دەھشەتلىك لاي - سۇ ئۇستى بېشىنى ھۆل قىلىۋەتسىمۇ، ئۇلار قىلچە قورقماستىن ۋە قىلچە باش تارتماستىن، بىرىنچى تۇركۇمى كىرىپ تاقىيالمىسا، ئىككىنچى تۇركۇمى دەرھال كىرىپ ئالماشتى. ئۇلار قاتتىق سوغۇققا، جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق سۇغا، لاي قۇمنىڭ ئۇرۇشىغا چىداپ، قايتا - قايتا ئالمىشىپ كۈرەش قىلدى، ئاخىرى يەر ئاستىدىكى بېسىمنىڭ بەك كۈچلۈك بولغانلىقىدىن تاقىيالمىدى. ئىككىنچى كۈنى بۇرغىلاش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ماجىشياڭ مايتاغدىن نەق مەيدانغا يېتىپ كەلدى، ئۇلار كىلىشتە. نۇرغۇن ھاراق ئالغاچ كەلگەن. ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئىسسىنىۋېلىشى ئۈچۈن بىرنەچچە يۇتۇمدىن ئىچكۈزدى. ئاندىن كېيىن گەمىدە ئەھۋاللارنى تەھلىل قىلىپ، ئۇسۇل - چارىلەرنى مەسلىھەتلەشتى. باشقارما باشلىقى ماجىشياڭ ئاددەملەرنى بىرنەچچە گۇرۇپپىغا ئايرىدى. گۇرۇپپىلارنى نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ، شەخسەن ئۆزى قاتناشتى ۋە قوماندانلىق قىلدى. ئىشقا چىقىشتىن بۇرۇن بىرنەچچە يۇتۇم ھاراق

كىرىلىنگەن هالدا كېڭەيتىپ قېزىپ چارلاشقا ئەرزىيدۇ دەپ قارىدى. 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، رەھبەرلىك كېيىنكى كۆزقاراشتا خىزمەتنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قېزىپ چارلاش كۈچى-نى تېز سۈرئەتتە كۈچەيتىپ، نېفىت چىقىۋاتقان قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدىكى بىرنەچچە قىسمەن ستروكتۇرانىڭ يۇقىرى نۇقتىسىدا ئايرىم - ئايرىم كىرست شەكىللىك كەسمە يۈز ئۇسۇلى بويىچە چارلاش قۇدۇقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، نېفىت بار دائىرىنى كونترول قىلىشنى بەلگىلىدى، بىرىنچى تۇر-كۈمدىكى چارلاش قۇدۇقىدىن تەخمىنەن 20 قۇدۇق بولۇپ، بۇ قۇدۇقلارنىڭ نېفىت چىقىشى كېيىنكى بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى رايونلارنى ئۆزلەشتۈرۈشنى شەكىللەندۈردى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، شىركەت شتابىدىكى باش گېئولوگ دۇبومىن ماڭا ۋەزىپە چۈشۈرۈپ: ئۆلچەش گۇرۇپ-پىسىدىن بىرنى نەق مەيدانغا ئاپىرىپ، بۇ بىر تۈركۈم قۇدۇقلارنىڭ ئورنىنى ئەمەلىي ئۆلچەش گۇرۇپپىسىنىڭ باش-لىقى شىركەت قارمىقىدىكى گېئولوگ باشقارمىسىدىكى يولداش تيەن سۇگ-شۇ ئىكەنلىكىنى، ئۆلچەش خادىمىدىن بىرنى ئاپىرىشنى، ئۆلچەش ئىشچىلىرىنى مايتاغ كان ئىشلار ئىدا-رىسىنىڭ ئېۋەتىدىغانلىقىنى، مېنىڭ مەجبۇرىيىتىم شىركەت شتابىنىڭ گېئولوگىيە باشقارمىسىغا ۋاكالىتەن نەق مەيداندا ئۆلچەش نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ، قۇدۇق ئورنىنىڭ توغرى-لىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ ھەمدە يەر شەكلىنىڭ قۇدۇق ئورنىغا تەسىر قىلىش ئەھۋالىنى بەلگىلىگەن چاغلاردا، قۇدۇق ئور-نىنى يۆتكەش دائىرىسىنى نىشانلىق گېئولوگىيىلىك چارلاش يېرىگە يېتىشكە كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، مۇددىتى بىر ھەپتە دېدى. ئاخىرىدا باش گېئو-

# قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتىن ماي چىققاندىن كېيىنكى قۇدۇق ئورنىنى ئۆلچەش خاتىرىسى

ۋۇ خۇايۈەن

1955 - يىلى 10 - ئايدا، قاراماي 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقىدىن نېفىت ئېتىلىپ چىقىپ، قاراماي نېفىتلىكى بايقالدى. شۇ چاغدىكى شىنجاڭ نېفىت شىركىتى دەرھال بۇ رايوندىكى نېفىتلىكنىڭ نېفىت چىقىش ئىستىقبالىنى ئېلىپ ئىسپاتلاش بىلەن باھا بېرىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مۇزاكىرىگە نېفىت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ رەھبەرلىرى ۋە گېئولوگىيە مۇتەخەسسىلىرىدىن سىرت يەنە يېقىلغۇ مېنىستىرلىقى بىلەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرىمۇ بار ئىدى. ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىككى خىل كۆز قاراش بولۇپ: بىرى يەر ئاستى نېفىت ئۇۋىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، قاراماي تاغدىكى (كونا قاراماي) نېفىت كۆلى بىلەن ئورقىدىكى ئاسفالت تومۇرى(ئىمپولىتى) بۇنىڭ ئىسپاتى، قېپقالغان ماي - گاز ئانچە كۆپ ئەمەس دەپ قارىدى؛ يەنە بىرى قىسمەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان نېفىتلىكنىڭ كىچىك نېفىتلىك بولۇشى ناتايىن ھەمدە بۇ يەرنىڭ نېفىت ساقلىنىش تېپىز، مەھسۇلاتىمۇ يامان ئەمەس، تېخىمۇ ئىل-

مامۇق بۇيۇملىرى يوق ئىدى. ئۇنچىدە پەقەت بىر ئازلا پاختا بار ئىدى)، بىز تۆتەيلەن، چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچىدىن يولغا چىقىپ، مايتاغقا كەلگەن چاغدا كەچ بولۇپ كەتتى. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، مەن ئاۋال مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ دىرېكتورى يولداش چېن فېڭنى ئىزدىدىم. يەك-شەنبە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگىلا بېرىپ، ئاۋال ئۇنىڭغا شىركەت شتابىنىڭ بىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپىسىنى دوكلات قىلىپ ھەمدە ئۇنىڭغا ئىككى ئۆلچەش ئىشچىسى بىلەن بىر دالا مەشغۇلات ئاپتوموبىلىنى تەيىنلەپ بېرىشنى تەكلىپ قىلدىم. يولداش چېن فېڭ دەرھال مېنى ئىشخانىغا باشلاپ كېلىپ، خىزمەتنى بىر - بىردىن ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ھەمدە بىزگە قىشتا دالىدا چوقۇم دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بەزى ئىشلارنى تاپىلىدى. بۇ ئىشتىن كېيىن مەن بۇنچىۋالا ئەتىگەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىزدەپ بارمىسام بوپتىكەن دەپ ھېس قىلدىم. ئۇ ئەتىگەنلىك تا-مىقىنى يېمەيلا كەلگەنىدى. چۈشتىن كېيىن، مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى تەيىنلىگەن گاز 69 ئاپتوموبىلى بىلەن ئىككى نەپەر ئۆلچەش ئىشچىسىمۇ تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ ئىشكاللىق سىزغۇچ، ئالا تاياق (بەلگە تاياق) قاتارلىق ئىشلىتىش ئەسۋاپلىرىنى ئېلىپ كەلدى. بىز بىرلىكتە يولغا چىقىپ، قارامايغا كەلگەندە تېخى قاراڭغۇ چۈشمىگەنىدى.

شۇ چاغدا، قارامايدا پەقەت، قارامايىنىڭ 1 - قۇدۇ-قىنى بۇرغىلاش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بۇرغىلاش ئەترىتى بولۇپ، يەنىلا بۇرۇنقى جايدىكى دالا مەشغۇلات ئۆيىدە ئىدى. بىز ئاۋال بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ كادىرلىرى بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر كونا

لوگ دۇبومىن مېنى تيەن سۇگشۇغا تونۇشتۇرۇپ، يۈز كۆ-
رۈشكەندىن كېيىن يولغا چىقىش كۈنىنى مەسلىھەتلەشتى. يول
چىقىشقا تەييارلىنىش ئۈچۈن لاۋتيەن ئۆلچەش ئاپپاراتى
بىلەن دالىدا خىزمەت قىلىشقا لازىمەتلىك بۇيۇملىرىنى تەي
يارلاش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. مېنىڭ ئىشىم ناھايىتى ئاددىي
ئىدى، قۇدۇق ئورنىنى لايىھىلەيدىغان ستروكتورا خەرىتىسىنى
ئالغاندىن سىرت پەقەت ماشىنا ئېلىپ يولغا چىقىشقا كاپالەت-
لىك قىلسام بولاتتى. مەن باش گېئولوگنىڭ تەستىق قەغىزى-
نى ئېلىپ ترانسپورت باشقارمىسىغا باردىم، دىجورنىلىق
قىلىۋاتقان مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىمۇ ناھايىتى ئىتىبار
بېرىپ، ئۇ دېسپېتچېرغا ماشىنا ئەھۋالى بىرقەدەر ياخشى
بولغان گاز 69 دالا جىپ پىكاپتىن بىرنى تاللاتقۇزۇپ بەر-
دى، شوپۇر لاۋ جياڭ بىزنىڭ بۇ گۇرۇپپىمىز ئىچىدىكى
بىردىن - بىر پارتىيە ئەزاسى ئىدى. بىز ئەتە چۈشتىن
كېيىن يولغا چىقىشقا كېلىشتۇق.

12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شەنبە ئىدى. ئەتىگىنى يۈك-
تاقنى رەتلىدۇق. مەن شۇ يىلى يازدا ئۈرۈمچىگە ئەمدىلا
كەلگەچكە، تېخى شىنجاڭنىڭ قىش كۈنلىرىنى باشتىن كە-
چۈرۈپ باقمىغانلىقىم ئۈچۈن سوغاقتىن مۇداپىئەلىنىش
كىيىملىرىمنى دىگۇدەك تەييارلىمىدىم دەپ مۆلچەرلى-
گەنىدىم. بىراق دالىدا مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشقا تېرە
تۇماق كەم بولسا بولمايدىغۇ دەپ ئويلاپ ماگىزىنغا بېرىپ
ئىچى - تېشى پۈتۈنلەي قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن قۇلاقلىق
تۇماقتىن بىرنى ئېلىپ، ئىچى قوي تېرىسى بىلەن ئەستەرلەن-
گەن ھەربىيچە بەتىنكە كىيىپ، مەخسۇس دالا تۇرمۇشىغا
ئىشلىتىدىغان ئۇخلاش خالتىسىنى ئېلىپ (ئۇ چاغدا تېخى

لاۋجاڭ پارتىيە ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن سىياسىي سەپەر-ۋەرلىك قىلدى. يەر تار بولغاچقا، كۆپچىلىك بىر يەرگە قىستىلىپ، سۆكسۆك قالانغان مەشىنىڭ ئەتراپىدا ئەمدىلا ئۆچۈلگەن چاغدا، توڭلىغاندەك ھېس قىلمايتتۇق. بىراق يېرىم كېچە بولغاندا قاتتىق توڭلاپ، بولۇپمۇ دىزمىلىرىمىز بەك توڭلىغاندەك ھېس قىلىپ، پەقەت ئۇيان - بۇيان ئۆرۈ-لۈپ، تاڭ ئاتقۇزدۇق. شوپۇرمۇ ئۆزىنىڭ توڭلاپ كەتكەن-لىكىنى ئېيتتى. سەۋەبىنى ئانالىز قىلساق، ئىشىك تۆشۈكلىرىنىڭ پۇختا ياپقىلى بولماسلىقىدىن سىرت، ئاساسلىقى ئاستىمىزغا سالغان كۆرپىنىڭ نېپىز بولغانلىقى ئۈچۈن، سوغاق داۋا كار-ۋاتنىڭ ئاستىدىكى بوشاۋقلاردىن ۋىژىلداپ كىرىپ، ئۈستىمىزگە قانچە قېلىن يېپىنساقمۇ بىرئازمۇ دالدىسى بولمايدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىككىنچى كۈنى كەچتە ياخشىلاش تەدبىر-لەرنى قوللىنىپ، لاۋجاڭ چوغدانىنى كارۋىتىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئۇنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئاستىغا سالغان بىر قىسىم نېپىز كۆرپىلىرىنى ماڭا يوتقان ئورنىدا يېپىنىشقا بەردى. مەن ئەسلى يوتقان قىلىپ يېپىنىۋاتقان تېرە جۇۋىنى، پالازنىڭ ئاستىغا كۆرپە ئورنىدا سېلىپ، گەرچە كىيىملىرىم نېپىزدەك بولسىمۇ، شامالغا دالدا بولغىدەك بولدى. مۇشۇنداق «تەڭشەش» ئارقىلىق بىز ئىككىمىز كېيىنكى بىر-نەچچە كېچىنى زورمۇ - زور ئۆتكۈزدۇق.

12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئەتىگەندە، ھەممەيلەن ئىش مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە چىقتۇق. شۇ چاغدا جۇ كىرگەن ناھايىتى قاتتىق سوغاق بولغان كۈنلەر ئىدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ ھەممە مەنزىرىلىرىنى، ئاپپاق قېلىن قار قاپلاپ كەتكەچكە كۈن نۇرى چۈشكەندە كۆزنى چاقنىتاتتى. ياخشى،

قارامايدىكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكۈچىلەر ياتقان يەردىكى بىرنەچچە قۇرۇق. «گەمە» (يېرىم گەمە) دە ياتتۇق، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتكۈچىلەرنى باشقۇرۇش ئورنى بىزنى ئايرىم-ئايرىم ئۆزلىرى كۆرسەتكەن ئۈچ قۇرۇق گەمىگە يېتىشقا بۇيرىدى. مەن شوپۇر لاۋجاڭ بىلەن بىللە ياتتىم، بىرىنچى كۈنى كەچتىلا، مەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ ناھايىتى سوغاق بولىدىغان رايونلىرىدىكى قىش كۈنلىرىنىڭ قانداق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ئالدىنقى بىرنەچچە يىلدا مەن شىمالىي شەنشىدە بىرنەچچە قىشنى ئۆتكۈزگەن بولسامۇ بىراق كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆي ئىچىدە ئىدىم. كەچلىرى ئوچاقلىرىغا ئوت يېقىلغان ئوبدان ھىملاشقان ئۆيلەردە ياغاچ كارىۋاتتا ئۇخلايتتۇق، بەزى چاغلاردا يوتقاننىڭ ئۈستىگە چوڭ تېرە جۇۋىلارنى ياپاتتۇق. بۇ قېتىم بۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، بۇ گەمىنىڭ تۆشۈكى بولسىمۇ لېكىن ئىشىك ئورنىتىلمىغان بولۇپ، پەردە ئۇچۇن شامالنىلا توساشقا تارتىپ قويۇلغان مەلەگزىسى ئەلۋەتتە قاقاس تالادىكى گۈكۈرەپ چىقىۋاتقان قاتتىق بوراننى توسالمايتتى. گەمە ئىچىدىكى مەشنىڭ ئىسسىقلىقىمۇ ئۇزاق ساقلىنالمايتتى. تۆمۈر كارىۋاتتا ئۇخلايتتۇق، پالازنىڭ ئىچىدە نېپىز بىر قاتلا تور پاقتا بولغانلىقتىن سۆگەكتىن ئۆتكىدەك سوغاقتا دالدىمۇ بولمايتتى. بۇ شارائىتنى ھەتتا دالا تۇرمۇشىغا تەجرىبىسى بولغان لاۋ تيەن ۋە باشقا يولداشلارمۇ بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغان تۇرسا، مېنىڭدىن گەپ ئېچىشقا تېخىمۇ بولمايتتى.

يېتىشتىن ئىلگىرى، يىغىن ئېچىپ لاۋتيەن ئىشنى تەقسىم قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن ئىلگىرىلەش پىلانىنى تاپشۇرۇپ، ئېنىق تەلەپ ئوتتۇرىغا قويدى...

مەزمۇنىمۇ تېخىمۇ كۆپ بولاتتى.

كەچتە، ئۆلچەش گۇرۇپپىسى ئىشتىن چۈشۈپ ياتاققا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، كىرسىن چىراق ئاستىدا ئەمەلىي ئۆلچەنگەن نەتىجىنى ھېسابلاپ چىقىپ، تەكشى كۆرۈنۈش ئىسخېمىسى ئۈستىگە بەلگە قوياتتى. مەن قايتا سېلىشتۇرۇپ، ھېسابلاپ چىققان نەتىجىنى ھەمدە تەكشى كۆرۈنۈش سخېمە-سىمىدىكى قۇدۇقنىڭ ئورنىنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىنى تەكشۈرەتتىم، لاۋتيەن بولسا يەنىلا ئىككىنچى كۈنى ئۆلچەيدىغان قۇدۇق ئورنى بىلەن ئۆلچەش بەلگىسىنىڭ مۇناسىۋىتى (ئورنى، ئارىلىقى) نى ھېسابلاپ چىقاتتى. ئىچىمىزدە ئەڭ ئالدىرىشى ئۇ ئىدى.

بىز ئارىيەتكە ئېلىپ ئولتۇرغىنىمىز جىنايەتچىلەرنى سولايدىغان تۈرمە ئۆيى بولغاچقا، ئەلۋەتتە جىنايەتچىلەر بىزگە خوشنا ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ بىر تۈركۈم جىنايەتچىلەرنى ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش جەريانىدا ھەرقايسى جايلاردىن تۇتۇپ كەلگەن ئەكسىلئىنقىلابچى جىنايەتچىلەر ئىكەن. ئۇلارنىڭ جىنايىتى قانچە ئېغىر بولسا جازامۇ شۇنچە ئېغىر بېرىلىپ، بىرمۇنچىسىغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىپ كېچىكتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشقا ياكى مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلار ئىكەن، بەزىلىرى ھەر كۈنى پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنىپ، كۈندۈزى سىرتتا ئەمگەك قىلىپ (سۆكسۆك ئوتۇن كۆتەرگەن) چاغلىرىدا، نۇرغۇنلىغان جىنايەتچىلەرنىڭ پۇتلىرىدىكى كىشەنلەر ھەر بىر قەدەم ماڭغىنىدا چاراق-چۇرۇق قىلىپ ئاڭلىناتتى. كەچلىرى جىنايەتچىلەر تەزەتكە چىققىنىدا ئالدى بىلەن «باۋگاۋ» دەپ توۋلايتتى. پوس رۇخسەت قىلغاندا ئاندىن گەمىدىن چىقاتتى.

لاۋتيەنلەر ئۆز رايوننىڭ يولى ۋە نىشانىنى بىرقەد
ئېنىق بىلەتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن بايقاپ يۈرۈپ قار قاپلا
كەتكەن ئاپتوموبىل يولىنى تېپىپ، يەنە بىر تەرەپتە
ئۆلچەش بەلگە — ئۈچ بۇلۇڭلۇق نۇقتىنى ئىزدەيتتى. چۈنك
ئۆلچەش بەلگىسى ناھايىتى ئاز. ئۈچ بۇلۇڭلۇق نۇقتىنىڭ
ئارىلىقى ناھايىتى يىراق بولغاچقا، خىزمەت قىلىش ناھايىت
تەس ئىدى.

كېيىنكى ئۈچ كۈندە قۇدۇق ئۆلچىدۇق، يەنى كونترو
قىلىنغان نۇقتا ئاز، قۇدۇقنىڭ ئارىلىقى يىراق بولغانلىقتىن
ئەمەلىي ئۆلچەش ئىشى ناھايىتى تەس تۇختىغانىدى. ت-ۋ
نەپەر ئۆلچەش خادىمى قاتتىق سوغاقلارغا قارىماي سىرت
مەشغۇلات ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى جاپالىق ئەجىر سىڭدۈردى
بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مېنىڭ ھەر كۈنى سىرتقا چىقىشىمن
زۆرۈرىيىتى بولمىغاچقا، كۆپ ساندىكى كۈندۈزى ۋاقىتلارد
بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ دىژورنى ئورنىدا قاراماي 1 - نومۇر
لۇق قۇدۇقنىڭ گېئولوگىيىلىك ماترىياللىرىنى كۆرۈپ، مۇش
ئەترەتنىڭ گېئولوگ خادىمى يولداش ۋاڭ چۈمىڭدىن بى
قۇدۇقنىڭ نېفىت چىقىش ئەھۋالى بىلەن نېفىت چىقىش
جەريانىنى ئىگەللەپ ھەمدە بىر قىسىم شىنجاڭنىڭ تارىخى
مەدەنىيىتى بىلەن جۇغراپىيىلىك ساۋاتلىرى ئۈستىدە پاراڭ
لاشتۇق. ئۇ 1954 - يىلى يازدا شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ،
داۋاملىق سىرتتا ... قىلاتتى. بۇ يەرگە نىسبەتەن
ئېيتقاندا ئۇنىڭ كۆرگەن - بىلگىنى ئەلۋەتتە مېنىڭكىدىن
كۆپ ئىدى. بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ ماستىرى لۇمىڭباۋ
بىلەن مەن جەزۇبلۇق، ئۇنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ۋاقتى نا-
ھايىتى ئۇزاق بولغاچقا، بىزنىڭ ئارىمىزدا پاراڭلىشىش

راسا يۈيۈپ، شۇ كۈنلۈك ھاردۇقىمىزنى چىقاردۇق. كەچلىك تاماقتىن كېيىنلا ئۇخلىدۇق، بۇ چاغدا مايتاغ مېھمانخانىسى بىر ھەپتە ئالدىدىكىگە تۈپتىن ئوخشىمىغاندەك ھېس قىلىپ، ناھايىتى ئازادە بىلىندى، بۇ بىرنەچچە كۈنلۈك جاپا - مۇشەققەتنى ئۆتكۈزمىگەن بولساق، نەدىمۇ بۇ پەيتنىڭ لەززىتىنى بۇنداق يېقىملىق ھېس قىلاتتۇق، ھەرقانداق ئىشنى بىر - بىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندىلا بىلگىلى بولىدۇ.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئەتىگەندە، مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسىدا دىرېكتور چىن فېڭنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭغا خىزمەت جەريانى ۋە نەتىجىسىنى دوكلات قىلدىم، ئۇ ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن دەرھال بۇرغىلاشتىن ئىلگىرىكى تەييارلىق خىزمىتىنى تەشكىللەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بىز قايتا گېئولوگىيە بۆلۈمىگە بېرىپ ۋەزىپىنى بىللە ئورۇنلىغان ئىككى ئۆلچەش ئىشچىسى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتۇق، چۈشتىن كېيىن، بىز بىللە كەلگەن تۆت كىشى يەنىلا ئۆزىمىزنى ئەكەلگەن ماشىنىدا ئۈرۈمچىگە ماڭدۇق. مانا بۇ كۈن 1955 - يىلىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى بولۇپ قالغانىدى. مايتاغ كان ئىشلار ئىدارىسى بىلەن قاراماي بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ قوللىشى ۋە ياردىمىدە، بىز بۇ قېتىمقى قۇدۇق ئورنىنى ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ۋاقتىدا ئورۇنلىدۇق.

قايتىش يولىدا، ماشىنا مايتاغ كان رايونى دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇزاق ماڭمايلا، ماي تورمۇز يولىدىن بىر ئاز چاتاق چىقىپ پۇت تورمۇز ئىشلىمەي قالدى. ماشىنا ئۈرۈمچىنىڭ بولغاچقا، ئەگەر مايتاغدا رېمونت قىلساق، ئىككىنچى كۈنى يېڭى يىل بولغاچقا، ناھايىتى قولايسىز ئىدى. شۇڭا، شوپۇر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەيدەپ كېتىپ،

شۇڭا كەچلىرى «باۋگاۋ» دېگەن ئاۋازنىڭ چىقىشىغىلا، ج
جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتۇق، كەچلىرى ئۇقۇشماسلى
بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن تالاغىمۇ چىقمايتتۇق، ئۇخلاشتى
ئىلگىرى «باۋگاۋ» ۋە «چىق» دەپ جاۋاپ قايتۇرغانى
ئاڭلىغان چاغدا، ئىختىيارسىز ھالدا پوستا تۇرغان ئازادلى
ئارمىيە جەڭچىلىرىگە ئەدەپ بىلەن ھۆرمەت بېغىشلايتتۇق
ئۇلارنىڭ خىزمەت شارائىتى ھەقىقەتەن «ئىنتايىن مۇشكۇل
دېيىشكە بولاتتى. نۆلدىن 20 ـ 30 سېلسىيە گرادۇس سوغا
لاردا سىرتتا ئىككى سائەت تۇرۇش، ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، قۇدۇق ئورنىنى پۈتۈنلە
ئۆلچەپ بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتە ئۆلچىگەن نەتىجىنى ھېسا
لاپ چىقىپ، لايىھە چىرتيوژىنى سىزىشتۇرۇپ چىقتۇق، 12
ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بۇرغىلاش ئەترىتىنى
كادىرلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ ھەرقايسى قۇدۇقنىڭ ھەقىق
ئورنىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزىۋالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ماتېرى
ياللارنى يەتكۈزۈش بۇرغا ئىستانوكىنى ئورنىتىپ بۇرغىلاشتى
ئىلگىركى تەييارلىق خىزمىتىگە قولايلىق ياراتتى. بۇ رايون
نىڭ يەر شەكلى تۈز، بىراق يەنە بىر قىسىم كىچىك ساي
ۋە ئازگاللار بار ئىدى. بەزى قۇدۇقلارنىڭ ئورنىنى ئىش
باشلاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 10 ــ 20 مېتىر يۆتكىسىمۇ
ئارىلىقى ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان قۇدۇقلارغا نىسبەتەن
ئېيتقاندا ھېچقانچە چوڭ تەسىرى بولمايتتى. چۈشتىن كېيىن
بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ، ئارىيەتكە ئالغان
سايماتلارنى قايتۇرۇپ بېرىپ، بۇرغىلاش ئەترىتىدىكىلەر
بىلەن خوشلىشىپ، مايتاغقا قايتتۇق. مېھمان كۈتۈشكە ئورۇن-
لىشىپ بولغاندىن كېيىن، يۈز ـ كۆز، پۇت ـ قوللىرىمىزنى

# نېفىتلىكنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى سودا خىزمىتى

## ليۇ شياۋفېڭ

دېرىزە ئالدىدا جىم ئولتۇرۇپ، قاراماي نېفىتلىكىنى چارلاش ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەنزىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇ چاغدا، جەسۇر نېفىت ئىشچىلىرى قاتتىق بوران - چاپقۇن، تومۇز ئىسسىق ۋە قەھرىتان سوغۇققا تاقابىل تۇرۇپ، ئېغىر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىپ، چەكسىز كەتكەن، ئادەمزات ئاياق باسمىغان قاقاسلىق قۇملۇقتا كۈرەش قىلغانىدى. قارامايتاغ-دىكى ۋاقىتتا، مەيلى پوچتا - تېلېگىراف خەۋەرلىشىش بولسۇن، كىتاب ۋە گېزىت - ژۇرنال تارقىتىش ۋە بانكا قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىش بولسۇن ياكى بىز سودا مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر بولسۇن ھەممە-مىزنىڭ قەلبى بىرىنچى سەپتىكى نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ قەلبى بىلەن زىچ چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، «كەلگۈسىمىز گۈزەل» دېگەن ئىنتىلىشتە ئىدۇق.

1219 - ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتىنىڭ قارامايغا كېلىشىگە ئەگىشىپ مايتاغ كانرايونلۇق سودا شىركىتى ئەۋەتكەن ئالتە كىشىلىك بىر سەييارە سودا گۇرۇپپىسى، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان لازىمەتلىكلەر

قايتىپ بارغاندا رېمونت قىلماقچى بولدى. تورمۇزى يوق ماش
قانداق ماڭىدۇ؟ بىرى ئۆۋەن خوتقا سېلىپ ئاستا مېڭىپ
يەنە بىرى قول تورمۇزىنى كۆپرەك ئىشلىتىش، شۇڭا
يول بويى «شاگىرت» بولدۇم. ماشىنا سۈرئىتى ئاستىلى
چاغدا، مەن شوپۇرنىڭ ئىشارىتى بىلەن قول تورمۇز
تارتاتتىم، بولۇپمۇ ئايلانما داۋانلاردىن چۈشكەندە ئا
ھىدە دىققەت قىلدىم. ياخشىسى ئۇ چاغلاردا تاش يوللاردا ماش
نىلار ناھايىتى ئاز ئىدى. بىز ئاخىرى ئۈرۈمچىگە ساق
سالامەت يېتىپ باردۇق. شۇ چاغدا بىز تۆتىلىمىز بويت
ئىدىق. ئۆيلىرىمىزمۇ ئۈرۈمچىدە ئەمەس ئىدى، بىراق ق
داقلا بولمىسۇن «ئۆيگە كېلىپ بايرام ئۆتكۈزگەندەك» ھې
قىلاتتۇق.

ئىسمايىل قاسىم تەرجىمىسى

قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاش، قاراماي سودا ئورگان-
لىرىنى قۇرۇش ۋە تەشكىللەش، شتات لايىھەسىنى
ئوتتۇرىغا قويۇش، سودا تورلىرىنىڭ تىجارەت باشلىشىنى
ئىمكانىيەتىنىڭ بارىچە تېز ئورۇنلاشتۇرۇپ، نېفىت سانائىتىنىڭ
تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، يولداش ۋاڭ يۇ بۇنىڭدىن
سىرت يەنە ماڭا يولۇققۇش ئېھتىمالى بار قىيىنچىلىقلار
توغرىسىدا سۆزلىدى. ئۇ يىللىرى يېشىم ئەمدىلا 30 دىن
ئاشقان بولۇپ، تازا چېنىقىشقا ئىگىشلىك ۋاقتىم ئىدى.
جاپالىق بولۇش ھېچقانداق قورقۇنۇشلۇق ئەمەس. ئەنسىرەي-
دىغىنىم بۇ ئىككى ۋەزىپىنى قانداق ئورۇنلاشتا ئىدى. مەن
قاراماي تاغىدىكى ماگىزىنغا كەلگەن كۈنى ئاخشىمى، چېدىردا
ماگىزىننىڭ مۇدىرى يولداش خاۋشىشياڭنىڭ تونۇشتۇرغان
خىزمەت ئەھۋالىنى ئاڭلىدىم. مۇئاۋىن مۇدىر خەن مەنچۈن
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيەۋى ئەھۋالىنى سۆزلەۋاتقان
چاغدا شىددەتلىك بوران چىقىپ كېتىپ، قۇلاقنى پاڭ
قىلىدىغان بوران ئاۋازى بىلەن چېدىرنىڭ پولات جاھازلىرى-
نىڭ بىر - بىرىگە سۈركەلگەن ئاۋازلىرى ئارىلىشىپ، ۋارقىراپ
سۆزلەشمىسەك ئامال بولمىدى يەنە بىر چېدىردىكىلەر بىز
ئۇچەيلەننى جاڭجاللىشىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپتۇ. ئەتىسى
ئەتىگەن مەن ئۇلارغا: تۈنۈگۈن كېچىدە مەن داۋانچىڭدىن
باشلاپ كەلگەن بوران بىزنى جاڭجالغا سېلىپ قويدى دېدىم.
70 كۇۋادرات مېتىر كېلىدىغان زېمىلەنكە ماگىزىن، تىجارەت
ئۆيى بەشتىن تۆت قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئارقا تەرەپتىكى
بىر كىچىك ئۆي كەسپىي بۇغالتىرنىڭ ئىشخانىسى، يەنە بىر
كىچىك ئۆي ئىككى شاڭخەيلىك قىزنىڭ ياتىقى. باشقا
پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياشلار بولۇپ يىگىرمە نەچچە

بىلەن تەمىنلەشكە باشلىغانىدى. 1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، مانا بۇ تەبرىكلەشكە ئەرزىيدىغان بىر كۈن بولۇپ، بىرىنچى قۇدۇق بۇرغىلاشنى تاماملاپ نېفىت چىقق كىشىلەر خوشاللىقتا چۆمگەن كۈنىدى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەن، نېفىت مىنىستىرلىقى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ئىنتايىن زور زوق بىلەن قاراماي نېفىتلىكىنىڭ ئېچىلىشىغا پۈتۈن دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىپ، ئۇنىڭ پەرۋاز قىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانىدى. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ئارقا سەپ كۈچى بولغان ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى قول سېلىپ قاراماي سودا ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغانىدى. مايتاغ كانرايونى سودا شىركىتى قاراماي تاغدا ماگىزىن قۇرۇپ، سودا خىزمەتچىلىرىنى پەيدىنپەي كۆپەيتىپ، تەمىنلەش خىزمىتى تەدرىجىي كۈچەيگەنىدى.

1956 - يىلى يازدا، مەن قارامايغا كېلىشتىن ئىلگىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، قوشۇمچە ئاپتونوم رايونلۇق سودا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ پۇ، كادىرلار بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ما جېن مېنى تېپىپ سۆزلەشتى ھەمدە ماڭا ئاساسلىق ئىككى ۋەزىپە تاپشۇردى، بىرىنچىسى: نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە نېفىت ئىشچىلىرى ئۈچۈن تاۋار بىلەن تەمىنلەش، خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، بەش مىڭ نېفىت ئىشچىسىنىڭ ئوزۇقلىنىش، كىيىم - كېچەك ئېھتىياجلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش؛ ئىككىنچىسى: شۇ يىلقى بىر مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدىغان ئاساسىي

تېزدىن كۆپەيتىپ، سودا قۇرۇلمىسىنى تەسىس قىلىپ، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇشنى ئېيتتى. كانرايون ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان شىنجاڭ نېفىت شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى فەن زىجيۇ ۋە باشقارما باشلىقى لۇي پىن بىزنىڭ خىزمىتىمىزگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بىرنەچچە كۈندىلا، شۇ يىلقى بىر مىليون يۈەنلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

مەن ماگىزىندىكى يولداشلارغا چارلاش رايونى پارتكومىدىكى رەھبەر يولداشلار بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىدىكى رەھبەر يولداشلارنىڭ يولىيورۇقلىرىنى يەتكۈزگەن چاغدا، ئىلگىرى سەييارە تەمىنلەش بىلەن شۇغۇللانغان يولداشلارنى ئالاھىدە تەغدىرلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ سەييارە تەمىنلەشتىكى تەسىراتلىرىنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردۈم. مۇزاكىرە جەريانىدا «سەييارە تەمىنلەش» نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ماسلىشىشچانلىقى ناھايىتى ياخشى بىر خىل مۇلازىمەت شەكلى ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «سەييارە تەمىنلەش» بىزنىڭ نېفىت سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ، نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ بىپايان قۇملۇقتا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىشتەك ئىنقىلابىي روھىدىن ئۆگىنىدىغان ياخشى دەرسخانىمىزغىمۇ ئايلىنىپ قالدى. بىزنىڭ سەييارە گۇرۇپپىمىز بىر قانچە يىلدىن بۇيان ھەممىلا جايدا ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. ئىشچىلار بىزنىڭ ماللىرىمىزنى چۈشۈرۈشكە ياردەملەشتى، بىزگە چاي ـ تاماق ئەكىلىپ بەردى. رەھبەرلەر كېلىپ بىزدىن ھال ـ ئەھۋال سورىدى، بەزى چاغلاردا

كىشى ئىككى چېدىرنىڭ ئىچىدە قىستىلىشىپ ياتاتتۇ
گۆرۈچ، ئۇن، سۇماي، تاماكا - ھاراق ۋە ھەرخىل ماللار
ھەممىسىنى تالاغا دۆۋىلەپ قويۇپ، سىمتۆمۈر بىلەن قۇر
ساندۇقلارنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ چەمبەرچەس ئى
لاندۇرۇپ يۆگەپ قوياتتۇق. خىزمەت شارائىتى كەر
چاپالىق بولسىمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ كەيپىياتى
كۆتىرەڭگۈ بولۇپ، ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى ياخشى ئىدى
ھەر كۈنى ئەتىگەنكى تاماقتىن ئىلگىرى ئىككى سائە
ئۆگىنىش قىلاتتۇق. سەككىز سائەت ھىدىرلىماي تىجارە
قىلىش سىرتىدا، خېرىدارلار قاچان كەلسە تىجارەت قىلىۋېرەت
تۇق. نېفىت ئىشچىلىرى بىلەن مۇلازىمەت كەسىپدىك
ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىرلىكتە چوڭ ئاشخانىدىن تاماق يەپ
پۈتۈنلەي كوللېكتىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزەتتى. ماگىزىندا چوڭ
ئاشخانىنى ئاساسلىقى گۈرۈچ، ئۇن، سۇماي، قوي - كالا ۋ
چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەيتتى، كۆكتاتلارنى ئاشخانا ئۆزى
يىراق جايلاردىن توشۇپ ئەكىلەتتى. گۈكىرىدىغان بوران
كۆپ، ياغىدىغان يامغۇر ئاز، يىگىتلەر كۆپ، قىزلار ئاز،
ئائىلە تەۋەلەر كەلمىگەن، بوۋاقلار تېخىمۇ يوق. دېگەندەك
شارائىتتا جولغانلىقتىن بىز تەمىنلەيدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرىمۇ
بىر قەدەر ئاددى ئىدى. شۇ چاغدىكى رەھبىرى يولداشلار
بىزنىڭ تەمىنلەش خىزمىتىمىزدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن-
لىكلىرىنى، ئېيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىزگە يەنە قاراماي
كان ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئېلان
قىلىنىدۇ ھەمدە نېفىت ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىغا ئۆتىدۇ،
ماڭا يەنە يۇقىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلارغا بۇ يەر-
نىڭ ئەھۋالىنى كۆپىرەك ئىنكاس قىلىپ تۇرۇشنى، ئادەمنى

ئۈستىمىزگە ئالدۇق. ئۇ چاغلاردا ئاشلىق ۋە سۇمايلار بىلەن پىلان ئارقىلىق نورمىلىق تەمىنلەش تېخى يولغا قويۇلمىغان بولۇپ، ئاشلىق مەنبەئىمىز تولۇق بولغاچقا ۋاقتىدا تەمىنلىنەتتى. گۆش بىلەن تەمىنلەشتە توڭلىتىپ ساقلاش مۇئەسسەسەلىرى يوق بولغانلىقتىن، قىيىنچىلىق بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، 300 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقتىكى چۆچەك، ئالتاي چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن، بەزىدە 700 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى غۇلجا قاتارلىق يەرلەردىن قوي - كالىلارنى قارامايغا تىرىك ھەيدەپ كېلىپ، كۈندىلىكنى كۈندە سويۇپ تەمىنلەپ تۇرغان. ئۇزۇن يول مېڭىش ئارقىلىق چارۋا ماللار ياداپ، سېمىزلىرى ئورۇقلاپ، سويغاندا گۆش نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن، بىز چۆچەك رايونى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېمەكلىكلەر شىر-كىتىگە بېرىپ، تولى چارۋىچىلىق رايونىدىكى يىگىرمە نەچچە پادا چارۋا ماللارنى باققىلى بولىدىغان ئوتلاقنى بىزگە بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، ئون مىڭدىن ئارتۇق چارۋا مالنى ئوبوروت قىلغىلى بولىدىغان چارۋىچىلىق مەيدان قۇردۇق. يۆتكەپ كېلىنگەن چارۋا ماللارنى بېقىپ سەمىرتىش مۇددىتى بولۇپ ھەركۈنلۈك ئېھتىياجغا قاراپ، سېمىزلىرىنى تاللاپ سويۇپ تەمىنلەپ تۇردۇق. يولداش شۆفۇمىڭ چارۋىچىلىق مەيداننىڭ باشلىقى بولدى، ئۇ چۆچەك، ئالتاينىڭ بىپايان يايلاقلىرىدا كۆپ يىل چېپىپ يۈرۈپ، مال يۆتكەشنى تەشكىللىدى. 60 - يىلدىن ئىلگىرى ھەر يىلى چارۋا ماللارنى قىشتىن چىقىرىپ كۆكلەمگە كۆچۈرىدىغان مەزگىللەردە، ئۇ مېنى ھەمىشە ئۆزى بىلەن بىللە چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ بىراز ۋاقىت تۇرۇپ، چارۋا ماللار كۆكلەمگە

بىزنى يەنە نەق مەيداندا ئىش ئۈستىدە رەسىمگە تارتى
ئۇلار بىزگە سىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگىنىڭلار نەرسە - كېر
بۇيۇملىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پارتىيە ۋە خەلقنى
نېفىت ئىشچىلىرىغا بولغان غەمخورلىقى ۋە مېھىر - شەپقىتىنى
ئېلىپ كەلدىڭلار دېيىشتى ھەمدە پارتىيە ۋە خەلقنى
ئۈمىدىنى يەردە قويماي ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇنلايدىغا
لىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى، مانا بۇ سۆزلەر بىزگە ناھايىتى ز
ئىلھام بېرىپ بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى تېخىمۇ تېزلەتتى. كېي
يىمەك - ئىچمەك، جامائەت ئۈچۈن خىزمەن قىلىش تارماقلىر
خىزمەتنى قانات يايدۇرغاندىن كېيىن، ئاشخانا، ساتىراشخا
رەسىمخانا، موزدوز ۋە سەيپۇڭخانىلارمۇ قەرەلسىز سەييار
مۇلازىمەتنى ئېلىپ باردى. بۇ خىل سەييارە تەمىنلەش
مۇلازىمەتلىرى ئۇدا بىر نەچچە يىل داۋاملاشتى، ئون يىل
قالايمىقانچىلىق مەزگىلىدىمۇ، نېفىت ئىشچىلىرى بار بولغان
بەلكى، سودا تورى يوق يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدە
سەييارە گۇرۇپپىسىنىڭ ئاياق ئىزلىرى قالغان.

بىر مەزگىللىك تىجارەت قىلىش ئارقىلىق كانىرايو
نىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىزدىن بىرىنچى
يىمەكلىك، ئىككىنچى كىيىم - كېچەك، ئۈچىنچى ئىستىمال
بۇيۇملىرى تۆتىنچى مۇلازىمەت قىلىش كەسپىي تەرتىپ
بويىچە ھەم مۇھىم نۇقتىسى بولغان ھەم تۈرلۈك كەسپلەرنى
ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇشنى ماسلاشتۇرۇپ
ئوخشاش قەدەمدە ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلغانىدى.
مۇھىم نۇقتا تەبىئىي ھالدا «يىمەكلىك» مەسىلىسى بولۇپ.
قارامايدا ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇشتىن
ئىلگىرى، ئاشلىق ۋە سوماي بىلەن تەمىنلەشنى بىز قوشۇمچە

بىلەن شۇغۇللىنىشىڭلار كېرەك. بۇ گۆش يېمەكلىكلەردىنمۇ قىيىن، تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ، ياخشى پىلانلاپ تەشكىللەڭلار» دېدى. سودا نازىرى سەي خەنشىڭنىڭ بۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆزى دەل بىزنىڭ ئاجىز يېرىمىزنى كۆرسىتىپ بەردى. يولداش فۇجىنجاڭ ئىككىمىز ئالتە-يەتتە يىل سودا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بولساقمۇ، بىراق ئىككىمىز كۆكتات بۇيۇملىرى بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللىنىپ باقمىغان ئىكەنمىز. شۇ يىلى سەي نورىسى ۋاقچە ياسلىپ كېچىكىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەچكە، سەي نورىسىغا ئازىراقلا كۆكتات كىرگۈزۈلدى. 1956-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، كان رايوندا كۆپ مىقداردا ئۆي-جاي سېلىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى كەينى-كەينىدىن كانغا كەلدى. ئىككىنچى يىلى كۆكتات كامچىل مەزگىل كەلگەندە، گەرچە يېقىن ئەتراپتىكى بىگتۈەننىڭ ھەرقايسى تۈەن-مەيدانلىرى بىلەن شىنخۇ ناھىيىسى ياردەم قىلغان بولسىمۇ، بىراق تەلەپنى قاندۇرالماسلىقتەك ئەھۋال دائىم يۈز بېرىپ تۇردى. ئادەم بېشىغا ھەركۈنى بىر جىڭ كۆكتات بىلەن تەمىنلەش پىلانلانغان، 25% بىخەتەرلىك كۆئېففىتسىيېنتىنى (پاخوتىنى) چىقىرىۋەتكەندە، ھەر ئادەمگە سەككىز سەرى كۆكتات بىلەن تەمىنلەش كۆرسەتكۈچىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك ئىدى، ئىشلەپچىقىرىش سېتىۋېلىش، توشۇش، ساقلاش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولغانلىقتىن، تۇراقلىق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. كېيىن بىگتۈەن دېھقانچىلىق يەتتىنچى دىۋىزىيە چېپىيەزىدىكى تۈەن مەيدانىدىن كانغا كېلىپ تەمىنلەشكە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يەنە بىر

بىخەتەر كۆچۈپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكەندىن
كېيىن، سەممىي ساداقەتلىك مېھماندوست قازاق چارۋىچىلىرى
خوش چىراي بىلەن بىزنى ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيىدىن
ئۇزۇتۇپ قوياتتى. چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەشكە كەلسەك
ئاساسلىقى قىش پەسلىدە كۆپ مىقداردىكى توڭلىتىلغان
چوشقا گۆشىنى يۆتكەپ كېلەتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە
1957 - يىلى 11 - ئايدا، كىشى بېشىغا ئالتە كېلودىن ئارتۇق
چوشقا گۆشى بىلەن تەمىنلەپ، شۇ مەزگىلدىكى ئىقتىسادتا
تەرەققىي تاپقان فېدېراتسىيە گېرمانىيەنىڭ ئىستېمال سەۋىيە-
سىدىن ئېشىپ كەتكەن. لېكىن باھار، ياز ۋە كۈز پەسىللىرى.
بولۇپمۇ تىرىك چوشقا سېتىۋېلىش قىيىن بولىدىغان پەسىلدە
ئىلى رايونىدىن ماشىنا بىلەن ئۇزۇن يول بېسىپ تىرىك
چوشقىنى توشۇشقا، قىيىنچىلىق كۆپ بولغانلىقتىن، تەڭرۈك
تەمىنلەش تەسكە چۈشەتتى، تا 1961 - يىلى توڭلىتىش
ئامبىرى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىنلا
بۇ مەسىلە ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولدى.

1956 - يىلى 10 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە -
ھۆكۈمەت ھال سوراش ئۆمىكى بىلەن بىللە قارامايغا كەلگەن
سودا نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش سەي خەنشىڭ كان
رايونىدىكى يولداش چىن فېڭ بىلەن سودا خىزمىتى
توغرىسىدا سۆھبەتلەشكەن چاغدا، يولداش چېڭ فېڭغا:
«ئېسىڭىزدە باردۇ؟ بىز تەيخاڭشەن تېغىدا پارتىزانلىق
قىلغان مەزگىلدە، بىر مەزگىل جەڭچىلەر كۆكتات يېيەلمەي،
ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا تەسىر يەتكۈزگەنىدى» دېدى.
ئۇلاپلا ماڭا قاراپ: «كېلەر يىلى سىلەرمۇ كۆكتات تىجارىتى

تورت بىلەن يەپ-ئىچىپ بولۇپ، ئاندىن «ۋەتەنگە نېفىت تەقدىم قىلىمەن...» دېگەن ناخشىنى غىڭشىپ ئېيتقاچ، ياتاققا قايتىپ دەم ئالاتتى.

كان قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئىشلىتىدىغان سۇ ئىنتايىن قىس ئىدى. نەچچە مىڭ كىشىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىشلىتىلىدىغان سۇنى، جۇڭگۇەيدىن ئاپتوموبىل بىلەن توشۇپ كېلەتتى، بەزى چاغلاردا سۇنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى چەكلەش ئامالىنى قوللانماي بولمايتتى. ئېسىمدا قېلىشىچە 1956-يىلى 8-ئايدا، سۇ يوق بولۇپ قالغان بىر كېچىسى، ئىشچىلار ماگىزىنغا تۇركۇم-تۇركۇملەپ كېلىپ چىشۈي سېتىۋالغاچقا بىر سائەتكە قالماي، 100 ساندۇقتىن ئارتۇق چىشۈي پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى. بەزى ئىشچىلار چىشۈي ئالغان بولسىمۇ، ئادەم كۆپ قىستا-قىستاڭ بولغاچقا پۇلنى بېرەلمىگەنلىرى ئىككىنچى كۈنى كېلىپ تولۇقلاپ تاپشۇرغان ھەمدە كەچۈرۈم سورايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرگەن. مانا بۇ ئىش ئارقىلىق نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ئېسىل پەزىلىتى بىزنى تەسىرلەندۈرۈپلا قالماستىن بەلكى كەسپىي نۇقتىدىن (تەرەپتىن) بىزنىڭ كۆپىرەك مېڭە ئىشلىتىپ، كۆپىرەك ئەھۋال ئىگەللەپ، شۇ چاغدىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىگەللىشىمىزگە تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئالاھىدە جىددىي تېلېگراممىلار ئەۋەتىپ، ئېچىملىكلەرنى، ئۇسسۇلۇقلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئامبارلاردا ساقلاش مىقدارىنى كېڭەيتتۇق، يەنە بىر تەرەپتىن مېۋە-چېۋىلەرنى يۆتكەپ كېلىپ تەمىنلەشنى كۈچەيتتۇق. مەن كانرايون پارتكومى ئاچقان بىرىنچى قېتىملىق ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا، بۇ ئىشنىڭ جەريا-

جەھەتتىن بىز قۇرۇتقان كۆكتات ئارقىلىق كەم يەر
تولۇقلاشقا چاممىز نىڭ يېتىشىچە تەشكىللىدۇق. 1957 - يى
كۈزدە، مەن كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدا
باشلىقى خۇ شۇجىن بىلەن باشقارما باشلىقى لىۋشىتيەنك
ئەگىشىپ دېھقانچىلىق يەتتىنچى دېۋىزىيىسىگە كېلى
دېۋىزىيە باشلىقى ۋە سىياسىي كومىسسارلار بىلەن مەسلىھ
لىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرغان چاغ
كۆكتات تېرىش كۆرسەتكۈچىمۇ چۈشۈرۈپ قاراماي
كۆكتات مەنبەئىسىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدۇ
1958 - يىلغا كەلگەندە، كۆكتات يېتىشمەسلىك ۋەزىيە
پەيدىن - پەي ئوڭشالدى. بىراق كانرايون ئاشخانىلىر
ئىشلىتىلىدىغان كۆكتاتلارنى كانرايون تۇرمۇش مۇلازىمە
تارماقلىرى ئۇدا ئۆزى توشۇپ ئەكىلىپ تۇردى، بىز پەقە
بازارنى تەمىنلىدۇق.

50 - يىللاردا، باشقا يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلەش
بىر قەدەر كەمچىل، ھەرخىل قەن - گېزەك، پېچىنە - پىرە
نىكلەر كۆپ بولۇپ، نىمە دېسە شۇ بار ئىدى. ماۋتەي
ھارىقىنى ئېيتساق ئالمىغاندا، باشقا ھەرخىل داڭلىق ھاراق
لارنى ھەمدە داڭلىق تاماكىلارنى يەنى داجۇڭخۇا، شۇاڭشى
مۇدەن، فېڭخۇاڭ قاتارلىقلارنى ھەممە ۋاقىتتا ئېختىيارىي
سېتىۋالغىلى بولاتتى. سۇ ماي، تۇز، جاڭيۇ، ئاچچىقسۇ
چاي قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەشتە مەسىلە يوق ئىدى.
«كېچىلىك ئىسمىنىغا چىققان ئىشچىلار 24 سائەت ئوچۇق
تۇرىدىغان» كەچلىك ماگىزىنىمىزغا كېلىپ، بىر نەچچە سەر
پىشۇرۇلغان مىزىلىك كالا گۆشى ياكى مايغا پىشۇرۇلغان
دادۇر، بىر ئىستاكان ئاق ھاراقنى كەلتۈرەتتىدە، بىر پارچە

ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، مال مەنبەئىنى بىرقەدەر مول بولغانلىقتىن، تەمىنلەشتە تەلەپنى قاندۇرالماسلىقتەك ھادىسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئىشلىتىش بۇيۇملىرى جەھەتلەردە، ئۇ چاغدا ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئەسۋاپلىرى قاتارلىق ئالىي سورتلۇق بۇيۇملارنى ھېچكىممۇ ئويلىمايتتى. رادىئو ئاران 50 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا راۋاج تاپقانىدى. ئۇ چاغدا قارامايىنىڭ ھاۋا رايى، ياز پەسلى ھازىرقىدىنمۇ قاتتىق ئىسسىق، قىش پەسلى ھازىرقى ۋاقىتتىنمۇ كۆپ سوغۇق ئىدى. بىزنىڭ سودا كەسپ ئەھلىمىز يولداش فۇجىڭجاڭ يازدا پەقەت ئىككى ئايال يولداشنىڭلا «پىلاتى» ئۇزۇن كۆينەك كىيگەنلىكىنى بايقىغان، بەلكى قىش پەسلى كەلگەندە مەيلى ئۇ قانچە كېلىشكەن، قانچە پوزۇر سالاپەتلىك قىز بولسىمۇ، بىر جۈپ پىمىنى كىيىۋالغاندا، ئاندىن پۈتۈن تېنىدىكى ئىسسىقلىق ھارارىتىنى ساقلاپ قېلىشقا ياردىمى تېگەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇدا ئىككى قىشتا، پىما بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى ھەمىشە قاندۇرالمىدى، بولۇپمۇ پاسونى ياخشىراق ئۇچى ئۇچلۇقراق يېنىك چوسۇنكىلا تېپىتكىسىنىڭ، بازىرى تېخىمۇ ئىتتىك بولدى. كۈندىلىك ئىشلىتىلىدىغان كىچىك بۇيۇملارغىمۇ سەل قاراشقا بولمايتتى. بىر قېتىم پارتكوم يىغىنىدا بىر كىشى بەزى ئايال يولداشلار تازىلىق قەغىزىنى سېتىپ ئالالمىغاچقا، ئامالسىزدىن گېزىت ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ سېمونت قەغىزىنى ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى، بۇنداق بولغاندا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىرى بولىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىز دەرھال ئۈرۈمچىدىكى مال سېتىۋالغۇچىغا تېلېفون بېرىپ: ئۇ مالنى كېچىلەپ يۆتكەپ، تېزدىن

نىنى دوكلات قىلغان چاغدا، رەھبىرىي يولداشلار بىز:
ئىلھام بېرىپ: «سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا ئىلگىرلە
ناھايىتى تېز بولدى، نېفىت ئىشچىلىرى سىلەرگە رەھمە
ئېيتىدۇ» دېدى. سودا باشقۇرۇش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتى
سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىش، ئامباردا ساقلاشتىن ئىبارە
ئۈچ چوڭ ھالقىنىڭ ھەرىكەت جەريانىدۇر. ئوخشاش بو
مىغان دەۋردە، ئوخشاش بولمىغان جايلارنىڭ ئالاھى
ئەھۋالىغا ئاساسەن سېتىۋېلىش، سېتىپ بېرىش، ساقلاش
قانۇنىيىتىنى ئىگەللەش، ھەقىقەتەن بىر پەن بولۇپ، نەز
مەيدانىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلمىسا، ئەمەلىي ئۈچ-ئۈز
ئېرىشكىلى بولمايدۇ. خىزمەت ئاساسىمۇ پۇختا بولمايدۇ.
بىز ھەرخىل ئوخشاش بولمىغان زىددىيەت ئىچىدە، بۇنداق
ئادەتتىكى شەھەرلەرگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىستېمال
قانۇنىيىتىنى تەدرىجىي ئىگەللەپ ھەم ئۇنى بىزنىڭ تىجارەت
قىلىش ئىدىيىمىزگە ۋە پروتوكول كەسپىي پائالىيىتىمىزگە
يېتەكچىلىك قىلدۇق. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ
مۇئاۋىن باش دىرېكتورى چيەن پىڭ ھەر قېتىم بىزنىڭ
ماگىزىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ھەمىشە: «سىلەرنىڭ بۇ كىچىك
ماگىزىنىڭلار ھەركۈنى چوڭىيىپ، ماللارمۇ كۈندىن - كۈنگە
كۆپىيىۋاتىدۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەستە» دەيتتى.
بىرىنچىدىن ئۇزۇقلۇق، ئىككىنچىدىن كىيىم - كېچەك
ئۈچىنچىدىن ئىشلىتىش بۇيۇملىرى تۆتىنچىدىن مۇلازىمەت
قىلىش جەھەتلەردە، نېفىت ئىشچىلىرى جاپا - مۇشەققەتكە
چىداپ، ئاددىي - ساددا ياشىغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئاپتونوم رايونلۇق ھەرقايسى كەسپىي شىركەتلەر تاۋارلارنى
(بۇيۇملارنى) تەقسىم قىلغاندا قارامايغا ئالدى بىلەن

ئىستانىسىدىن بىر تۈركۈم ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كېلىپ
ئىش ئىزدەپ چىققان ئادەملەرنى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر
ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچكىرىدىكى پەرزەنت-
لىرىدىن بىر تۈركۈمنى قوبۇل قىلىنىپ، ھەر تەرەپتىن بولۇپ
جەمئىي ئىككى، ئۈچ يۈز كىشى توپلاندى. يېڭىدىن قۇرۇلغان
ماگىزىنلار ۋە مۇلازىمەت كەسىپلىرىدىكىلەر ئارقا - ئارقىدىن
ئىشنى باشلىۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا شىركىتىنىڭ
مۇئاۋىن جىڭلىيى گو شاڭخۇ مەخسۇس قارامايغا كېلىپ،
قاراماي كانرايونلۇق سودا شىركىتى قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە
مايتاغ كانرايونلۇق سودا شىركىتىدىن ئاپپاراتلىرىنى
ئايرىپ، ئاپتونوم رايونلۇق سودا شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە
بىۋاستە تەۋەللۇق بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. 1958 - يىلىغا
كەلگەندە شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، شەھەرلىك
سودا ئىدارىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، تۆۋەندە مايتاغ رايونلۇق
سودا ئىدارىسى بىلەن ئۇرقۇ سودا شۆبە شىركىتى تەسىس
قىلىندى. قاراماي سودا ئاپپاراتلىرى يوقلۇقتىن بارلىققا،
كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا تەدرىجىي زورىيىش جەريانىنى بېسىپ
ئۆتتى. بىزنىڭ كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىمىز بىلەن خىزمەتتىكى
چىقىش نۇقتىمىز باشتىن - ئاخىر ئايدىڭ بولدى. ھەر قېتىم
بىر تۈركۈم ئىشچى - خىزمەتچىلىرىمىز كۆپەيگەندە،
بىز نېفىت سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش ۋە
نېفىت ئىشچىلىرىغا خىزمەت قىلىش ھەققىدە بىر قېتىم
تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، سېتىپ بېرىش، سېتىپ ئېلىش،
يۆتكەش - ساقلاش قاتارلىق ھەرقايسى كەسىپتىكى ھالقىلىق
پائالىيەتلەرنى تەكىتلەپ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت
بۇ مەركەزنى زىچ چۆرىدەپ، تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەر

ماگىزىنغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپشىلىدۇق، كۆپچىلىك دېگەن ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىشىمىزمۇ تېز، سىلەرنىڭ مەسىلە ھەل قىلىشىڭلارمۇ تېز بولدى. بىز نېفىت ئىشچىلىرىنىڭ ھەقىقىي قەلبىداشلىرى ئىكەنسىلەر!» دېيىشتى.

1956 - يىلىنىڭ ئاخىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى پۈتۈپ پەيدىنپەي قۇرۇلۇشنى تاپشۇرۇشقا باشلىدى. تىيانشان، جۇڭغارىيە، 8 - مارت، ئورقا تۈرلۈك مال ماگىزىنى بىلەن شەرق شامىلى خەنزۇ ئاشخانىسى ۋە مۇسۇلمان ئاشخانىسى، يەنە سەيپۇڭخانا، سەتىراشخانا، رەسىمخانا، سائەت رېمونت قىلىش ماگىزىنى، قۇشخانا، تۆت كورپۇسلۇق ئامبار، 1000 كۋادرات مېتىرلىق سەي ئورىسى، بىر توڭلىتىش ئورىسى مىللىي - خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، تۆت كورپۇس سودا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ياتىقى ۋە سودا ئىدارىسى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 11 - ئايدا، بىز قاراماي‌تاغدىن يېڭى ئىشخانىغا كۆچۈپ كىرىپ ئىش باشلىدۇق. چېدىردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر خوشال - خورام يېڭى ياتاقلارغا كۆچۈپ كىردى.

11 - ئايدا، يولداش فۇ جىنجاڭ مېنى خىزمەتتىن دوكلات بېرىشكە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى بىلەن سودا شىركىتى قاراماي سودا قۇرۇلمىسى تەسىس قىلىش شارائىتىنى ھازىرلاپ بولدى دەپ قاراپ، بىزنىڭ يۇقىرىغا دوكلات قىلغان شتات لايىھەمىز بويىچە تايانچىلارنى سەپلەشكە باشلىدى. ئارقىدىنلا يەنە سىرتتىن بىر تۈركۈم كادىرلار ۋە سەيپۇڭ، ساتىراش، رەسىمچى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يۆتكەپ بەردى. ئۈرۈمچىدىن بىر تۈركۈم ئاشپەز ئۇستاملارنى قوبۇل قىلدۇق. ئۈرۈمچى يېزا

ئېرىشتۇق. بىز رەھبىرىي كادىرلار يەنە كادىرلارنى ئۇيۇشتۇرغان «نېفىت بىلىملىرى ھەققىدىكى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش» ئۆگىنىشىگە قاتنىشىپ، نېفىت مۇتەخەسسىسى، كان ئىشچىلار ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى يولداش ساۋ جىنكۇينىڭ نېفىتنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىسىنى ۋە قاراماينىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى ھەمدە نېفىتنىڭ شەكىللىنىشى ھەققىدە سۆزلىگەن دەرسىنى ئاڭلاپ، نېفىتلىك توغرىسىدا ئاساسىي بىلىمگە ئىگە بولدۇق. مانا بۇ بىز ئارقا سەپ ئەمىناتى مۇلازىمەت تارماقلىرىنىڭ خىزمىتىگە ناھايىتى زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش رولىنى ئوينىدى.

50 - يىللاردا، ماۋجۇشى لېنىننىڭ سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەريانىدىكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغانىدى. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىشتا سودا كارخانىسىغا قويۇلغان كونكرېت مەزمۇن: بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلىش پوزىتسىيەسى بىلەن خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى ياخشىلاشنى تەكىتلەش؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، تاۋار ئوبوروت پىلانىنى تىرىشىپ ئورۇنداپ، خىراجەت ئىشلىتىش سەۋىيىسىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن مەبلەغ توپلاش، ئالدىنقىسى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش، كېيىنكىسى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قوغلىشىش. ئۈچ يىل تىرىشىش ئارقىلىق، 1958 - يىلغا كەلگەندە، تەمىنلىگەن تاۋار تۈرلىرى يەتتە مىڭ خىلغا يەتكەن، ئېسىللىرى تاۋار - دۇردۇن، تۆۋەنلىرى سامساق -

بىلەن مال مەنبەلىرىنى تەشكىللەپ، تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ياكى شۇجى بولسۇن ھەم پىركازچىك ھەم مال سېتىۋالغۇچى بولالايدۇ؛ شىركەت دىرېكتورلىرى، بۆلۈم باشلىقلىرى ھەم پەزكەيدە تۇرۇپ مال ساتالايدۇ، ھەم ئاشخانىلاردا بېرىپ خېرىدارلار ئۈچۈن كۈتكۈچى بولالايدۇ. بىز مۇشۇنداق خىزمەت ئىشلەش جەريانىدا ئىككى ئاچقۇچلۇق مەسىلىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى سەزدۇق: بىرى بىرقەدەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يۆتكىلىپ كېلىپ توپلانغان ئىككى، ئۈچ يۈز ئىشچى-خىزمەتچىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيەسى ئېگىز-پەس بولۇپ، كەسپى ساپاسىمۇ يېتەرسىز ئىدى. يەنە بىرى ئالدىراشلىقتا تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان كارخانىدا، ھەرقايسى ھالقىلاردا ئىلمىي باشقۇرۇش تۈزۈمى كامچىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىز «نېفىتنى قولغا كەلتۈرۈش قاتتىق جېڭىگە ياردەم بېرىش»نى مەركەز قىلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىدىيىسى بىلەن كەسپى ساپاسىنى ئۆستۈش ۋە ئىلمى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تۇتتۇق. شۇ چاغدىكى كادىرلار بۆلۈم باشلىقى يولداش مالمىنيۈەن سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيە بىلەن مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى تۇتاتتى ھەمدە ھەم قىزىللىشىش ھەم مۇتەخەسسىسلىشىش مەكتىۋىنىڭ شىاۋجاڭلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. ھەرقايسى كەسپىي بۆلۈمدىكىلەر تۈزۈم ئورنىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىدىكى پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ قوغلاپ يېتىشىۋېلىشنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىشچى-خەزمەتچىلەر ئارىسىدا كەسپنى ئۆگىنىش، تېخنىكا ئۆگىنىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ماھارىتىنى ئۆگىنىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئۈنۈمگە

دېگەن بۇ بىر جۈملە سۆز، بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تەرىپىدىن رېئاللىققا ئايلاندى. گۈزەل ئوبيېكتىپ شەيئى. ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆپىيىپ كىشىلەرنىڭ ئالغا بېسىشىغا ئىلھام بەرمەكتە. 30 يىل جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ نېفىت مەھسۇلاتى كۆپ قېتىم قاتلىنىپ، «بىرىنچى بەش يىللىق» پىلانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىشلىنىغان نېفىت مەھسۇلاتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا 15 ھەسسە ئېشىپ، دۆلەت قۇرۇلۇشىنى شانلىق ماددىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. ھازىر 2000 ـ يىلغا يەنە 14 يىل بار، قارامايدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىدە ھاللىق ئائىلىلەر سەۋىيەسىگە يەتكەن ئائىلىلەر خېلىلا كۆپەيگەن. بۇ پەيتتە بىز ھۆرمەتلەش ھېسسىياتىمىز بىلەن، قاراماي تاغدىكى چوڭ ھەيكەلنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ بىپايان جاڭگاللىقتا قان ـ تەر ئاققۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلغان قەھرىمانلارغا سەمىمىي ئېھتىرام بىلدۈرەيلى! قەدىرلىك دوستلار، سىلەر ئۇنىڭدىن ئۇزۇنغىچە مېھرىڭلارنى ئۈزەلمەي، داڭ قاتقىنىڭلارچە، شېرىن خىياللار قاينىمىدا ئۇلارنى ئەسلىشىڭلار مۇمكىن …

1987 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى

رەھىم رەجەپ تەرجىمىسى

پىيازغىچە، بازارنىڭ تەلەپ ئېھتىياجلىرىنى ئاسا
جەھەتتىن قامدىدۇق. ئاپتونوم رايونى چۈشۈرگەن م
تۇراقلىق ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلىرىنى ئۈدا ئۈچ يىل ئاشۇر
ئورۇنداپ، تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سا
ھەسسىلەپ ئاشتى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ي
ئاپتونوم رايون بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتۇق. ئاپتو
رايونى بويىچە مالىيە - سودا سىستېمىسىدىكى قەھرىمانلا
نىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىدا، بىز «نېفىتنى قولغا كەلتۈرۈ
قاتتىق جېڭىگە ياردەم بېرىش» دېگەن تېمىدا. قارامايىنى
سودا خىزمىتىنى دوكلات قىلدۇق. ئەينى ۋاقىتتا بىز گەرچ
بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولساقمۇ، بىراق خىزمەت
جەريانىدا يەنىلا ئاز بولمىغان سەۋەنلىكلىرىمىزمۇ ۋە كەم
چىلىكلىرىمىزمۇ بولدى. تاۋار بىلەن تەمىنلەش جەھەتتىن
ئېيتقاندا، بۈگۈن سامساق - پىياز كام بولۇپ قالسا، ئەتە
يىپ - يىڭنە كام بولۇپ قالىدۇ. 1957 - يىلى بىز ئاپتونوم
رايونىمىزنىڭ يوليورۇقى بويىچە كېرەكسىز بۇيۇملارنى
سېتىۋېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردۇق. كانرايونىنىڭ
ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتمىغانلىقىدىن بەزى سەۋەنلىكلەر
يۈز بەردى، «سولچىللىق» ئىدىيەۋىي خاھىش تۈپەيلىدىن،
ئاتالمىش «ئاق بايراقنى يۇلۇپ تاشلاش» تەك ئوڭچىللىققا
قارشى كۆرەشتە ئاز ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ
كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىكىمىز، بىزنى قاتتىق خىجىللىق
ھېس قىلدۇرىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيا-
لىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكى ھەم جاپاغا چىداپ ئىگىلىك
يارىتىشتەك ئىنقىلابىي روھ بولغاچقا، «ئىستىقبالىمىز پارلاق»

پەيدى. شۇنىڭ بىلەن پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمەت تۈرلىرىمۇ
مۇناسىپ ھالدا كۈچەيتىلدى. 1956 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 -
كۈنى قارامايدا پوچتا - تېلېگراف پونكىتى قۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا
يولداش ماچېڭرۇڭ مەسئۇل بولدى. ئورنىنى كونا قارامايىنىڭ
ئېتىكىدىكى بىر گەمە بىلەن بىر چوڭ چېدىرغا ئورۇنلاشتۇردى.
ئۇنى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر «چېدىرلىق پوچتا - تېلېگراف ئىد-
ارىسى» دەپ ئاتىشاتتى. پوچتا - تېلېگراف ئىشچىلىرى ئىل-
گىرى - كېيىن بولۇپ تۆت كىشىگە كۆپەيتىلدى. ئۇلار ماچېڭ-
رۇڭ، شياۋ جىنچى، لۇ ۋەنيۇڭ، رىشىت توختى قاتارلىقلار ئى-
دى. بۇ پوچتا - تېلېگراف پونكىتى مايتاغ پوچتا - تېلېگراف
تارماق ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى.

1956 - يىلى 5 - ئاينىڭ 11 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلى-
قى دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا «قاراماي ناھايىتى ئۈمىدلىك چوڭ
نېفىتلىك» دەپ رەسمى جاكالىدى. نېفىتلىك ئىشلەپچىقىرىش
قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 6 - ئاينىڭ 18 -
كۈنى قاراماي پوچتا - تېلېگراف پونكىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ
پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى قىلىپ ئۆزگەرتتى. گۇ ئاڭنى
تارماق ئىدارە باشلىقلىقىنى ئۆتەشكە ئەۋەتتى. بۇ تارماق ئى-
دارە شىنخۇ ناھىيىلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇ-
رۇشىدا بولدى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىچى يولداش
چېن تيەنخۇا 55 تىپلىق بىر يۈرۈش تېلېگرامما ئەسۋابىنى
ئەكىلىپ گوكۇاڭ مەھەللىسىنىڭ 31 - كورپۇس 2 - ئۆيىگە ئو-
رۇنلاشتۇردى. 9 - ئاينىڭ بېشىدا قاراماي بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ
سىمسىز تېلېگرامما لىنىيىسى ئۇلىنىپ، قارامايدىكى جامائەت تې-
لېگراممىلىرىنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى. 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى
قارامايدا قاتتىق شامال چىقىپ تارماق ئىدارىسىنىڭ ئىشلەپچى-

# قاراماي شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

## لەن زوشيالىڭ

قاراماي نېفىتلىكى 1955- يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ كېئولوگىيىلىك بۇرغىلاپ چارلاش ئېلىپ باردى. بىرىنچى بۇرغىلاش ئەترىتى مايتاغ كانرايونىدىن تاللاپ ئەۋەتىلگەن ياشلار بۇرغىلاش ئەترىتى ئىدى. بۇرغىلاپ چارلاش خىزمىتى باشلانغاندىن كېيىن بۇرغىلاپ چارلاش خىزمىتىنىڭ كۈندىن - كۈنگە جىددىي ئېلىپ بېرىلىشى، تارىخ مۇساپىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشى بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەردە تەبىئىي ھالدا پوچتا - تېلېگراف مۇلازىمىتىگە بولغان ئېھتىياج تۇغۇلدى. شۇڭا مايتاغ پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى 1955 - يىلى 5 - ئايدا تۇنجى سەييارە مۇلازىمەتچى يولداش ماچېڭرۇڭنى نېفىت بۇرغىلاش ئىشچىلىرى ئۈچۈن پوچتا - تېلېگراف كەسپىنى ئۆتەشكە ئەۋەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يولداش ماچېڭرۇڭ ھەر ئايدا قاراماي‌غا بىر قېتىم كېلىپ سەييارە مۇلازىمەت قىلىپ تۇردى.

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قارامايىنىڭ بىرىنچى نېفىت قۇدۇقىدىن زور مىقداردىكى تەبىئىي نېفىت ئېتىلىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن نېفىتلىكنى بۇرغىلاپ چارلاش ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ ھەم كېڭىيىپ، نېفىت ئىشچىلىرى بارغانسېرى كۆ-

دارىسى تارماق ئىدارىسىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتا. قاراماي ئوتتۇرا تېپىلىك سىمسىز تېلېگراف ئىستانسىسىنى قۇرۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئورنى ھازىرقى سودا ئىدارىسىنىڭ پاختا ئىسسىق كىلاتىسىنىڭ ئورنىدا ئىدى.

شۇ مەزگىللەردە، قاراماي پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قوبۇقسارى ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئورقۇ پوچتا-تېلېگراف پۇنكىتىنى، ساۋەن ناھىيىلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى شۆگەي پوچتا-تېلېگراف پۇنكىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە جەرەنبۇلاق پوچتا-تېلېگراف پۇنكىتى، داگۇەي پوچتا-تېلېگراف پۇنكىتى، دۇڭفېڭ پوچتا-تېلېگراف پۇنكىتى قاتارلىقلارنى قۇردى. ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ سانى 45 كىشىگە يېتىپ، ئۈسكۈنىلەرمۇ بىر قەدەر كۆپەيدى ھەمدە بارلىق پوچتا-تېلېگراف كەسپلىرىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن قاراماي شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنى قۇرۇش شەرت-شارائىتى ئاساسەن پىشىپ يېتىلدى.

1958-يىلى 1-ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق قاراماي شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى رەسمىي قۇرۇلدى. بۇرۇنقى تارماق ئىدارە باشلىقى يولداش گۇ ئاڭ شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقلىقىغا، يولداش شياڭ جۇڭرېننى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مەخسۇس سېكرېتارلىقىغا ئۆستۈردى. قاراماي شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا-تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە قاراماي شەھەرلىك پوچتا-تېلېگراف ئىدارىسى، مايتاغ پوچتا-

قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان چوڭ چېدىرىنى شامال ئۇچۇرۇپ ئۆرۈۋەتكەنلىكىدىن بۇ پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسىنى كونا قاراماي‌دىن قاراماي‌غا يۆتكەپ كېلىپ، ئەمدىلا ياسىلىپ پۈتكەن بىر قەۋەتلىك بىر زاللىق كىچىك ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيگە تىجارەت قىلىشقا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 11 - ئايدا قاراماي پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسى ئۆزى يېڭىدىن سالغان بىر قەۋەتلىك ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئۆيىگە كۆچۈپ كىرىپ تىجارەت قىلدى. بۇ كورپۇسنىڭ ئورنى ھازىرقى جەنۇبىي شاڭيالىڭ مەھەللىسىنىڭ 4 - بىناسىنىڭ ئورنىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت ئورنى، خەت - چەك تارقىتىش ئىشخانىسى، يەتكۈزۈپ بېرىش ئىشخانىسى، تېلېگرامما، خەۋەر تارقىتىش ئاخبارات ئۆيى، ئۇنىۋېرسال ئىشخانا قاتارلىقلار تەسىس قىلىندى ھەمدە يەنە 40 مېتر يىراقلىقتا 10 كېلوۋاتلىق بېنزىن ماتورلۇق گېنېراتور ئۆيىدىن بىرنى سالدى.

1957 - يىلى 1 - ئاينىڭ بېشىدا ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف باشقۇرۇش ئىدارىسى قاراماي پوچتا - تېلېگراف تارماق ئىدارىسىگە RCA تىپتىكى 400 ۋاتلىق خەۋەر تارقىتىش ئاپپاراتىدىن بىرنى، خەۋەر قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىدىن بىرنى، خەۋەر قوبۇل قىلىش ئاپپاراتىدىن بىرنى، سىمسىز تېلېفون ئاپپاراتىدىن بىرنى، pF95 تىپلىق 10 كېلوۋاتلىق بېنزىن ماتورلۇق گېنېراتور گۇرۇپپىسىدىن بىرنى بىۋاسىتە يۆتكەپ ئېلىپ كەلدى ھەمدە سىمسىز تېلېگراف تېخنىك خادىمىدىن بىرنى ئەۋەتتى، ئانتېناسىنى تۇرغۇزۇپ قۇراشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن 3 - ئايدا قاراماي بىلەن ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنىڭ سىمسىز تېلېفونلىرى ئۇلاندى.

1957 - يىلى يازدا، قاراماي پوچتا - تېلېگراف تارماق ئى-

# تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىدىكى كۈرەش

## شيا گۇڭجۈن

تارىم ئويمانلىقىنىڭ يەر كۆلىمى 560 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، ئېلىمىزنىڭ چوڭ نېفىت، گاز بار ئويمانلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئويمانلىقنىڭ ئەتراپى 230 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان تاغ، چۆل - جەزىرە ۋە تۈزلەڭلىك بىلەن قورشالغان. ئوتتۇرا بۆلىكى 330 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان، سېلىشتۇرما ئېگىزلىكى ئىنتايىن چوڭ بولغان قۇملۇق رايون بولۇپ، ئويمانلىقتىكى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ. ئوتتۇرا بۆلەكتىكى قۇملۇق ئۇزۇندىن بۇيان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلمىغان بوشلۇق رايونىدى. شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك چارلاش باشقارمىسىدا 1957 - يىلى تارىمنى چارلاش دادۈيى قۇرۇلۇپ، ئۇلار قۇملۇققا ھۇجۇم قىلىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىدى. ئويمانلىقنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىدىكى چوڭ قۇملۇق تەكلىماكان بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرچە «كىرسەڭ چىقالمايسەن» دېگەن مەنىدىكى گەپ. ئۇنىڭ شەرقىي بىلەن غەربىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1000 كىلومېتىر، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكى 500 كىلومېتىر بولۇپ، ئەڭ چوڭ سېلىشتۇرما ئېگىزلىكى 200 — 300 مېتىر كېلىدۇ. يەر يۈزىدىكى تامچە

تېلېگراف ئارماق ئىدارىسىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋالدى.

قاراماي شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن پوچتا - تېلېگراف كەسىپلىرى نېفىت سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۇزلۇكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىر قەدەر تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا قاراپ راۋاجلاندى. 1958 - يىلى باھاردا، شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئوتتۇرا تىپلىق تېلېگرامما ئىستانسىسى پۈتۈپ، 1000 ۋاتلىق، 400 ۋاتلىق، 350 ۋاتلىق خەۋەر تارقىتىش ئاپپاراتلىرىدىن ھەرقايسىسىدىن بىردىن، 150 ۋاتلىق، 15 ۋاتلىق خەۋەر تارقىتىش ئاپپاراتلىرىدىن ھەرقايسىسىدىن ئىككىدىن قۇراشتۇرۇپ، قاراماي شەھىرى بىلەن بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە مايتاغ، ئاقسۇ، كونەس، ئورقۇ، شۆگەي قاتارلىق جايلارغا سىمسىز تېلېفون ۋە تېلېگرامما ئۇلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۇرنا مەھەللىسىدە $608m^2$ كېلىدىغان شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف بىناسىنى ۋە سىملىق ئۇزۇن يوللۇق دولقۇنلۇق تېلېفون بىلەن ئالاقىلىشىش ۋە شەھەر ئىچىدىكى تېلېفون بىلەن ئالاقىلىشىش تورلىرىنى قۇرۇشقا كىرىشتى. 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا شەھەرلىك پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تۇرنا مەھەللىسىدىكى بىناغا كۆچۈپ كىرىپ، سىملىق ئۇزۇن يوللۇق ئالاقىلىشىش بىلەن شەھەر ئىچىدىكى ئالاقىلىشىشنى تەڭلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈردى.

1987 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى

ئىسمايىل ئوبۇل تەرجىمىسى

پىي ئالىي مەكتەپ تۈگەتكەن تارىخقا ئىگە بولۇپ، تۆت يىل كىنولوگىيە دۇينىڭ دۈيجاڭى بولغانىدىم. دالا خىزمىتى جەھەتتىن مەلۇم تەجرىبەممۇ بار ئىدى. جاڭ يۈرۈك، يىزۇشۇنلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن شىنجاڭغا كېلىپ، جاپا - مۇشەققەتلىك رايوندا ۋەتەن ئۈچۈن نېفىت ئىزدەش قىزغىنلىقىغا ئىگە ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭمۇ دالا خىزمەت دۈيلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش تەجرىبىسى بار ئىدى. ساۋ رۈيمىڭنىڭ كېلىپ چىقىشى كەمبەغەل بولۇپ، تېلېگراما بېرەلەيدىغان بولۇپلا قالماستىن بەلكى مۇرەككەپ شارائىت ئاستىدا كاشىلىلارنى بىر تەرەپ قىلالايتتى. تۆت ئۈيغۇر ئىشچىسى ئاق كۆڭۈل، دىيانەتلىك، ئاددىي - ساددا، جاپا مۇشەققەتتىن ھېرىپ-چارچاشتىن قورقمايدىغان ئىنتايىن ياخشى ياردەمچىلەر ئىدى. شۇڭا ئېلىپ بارماقچى بولغان مۇشەققەتلىك خىزمەتكە نىسبەتەن ئىددىيىۋى تەييارلىقىمىز ۋە غەلىبىگە بولغان ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى.

دادۈينىڭ ماقۇللىقى بىلەن بىزنىڭ تاللىۋالغان چارلاش لىنىيىمىز «خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى، شەرقتىن غەربكىچە بولغان قۇملۇقتىكى لىنىيىسى» ئۆلچەش بولدى. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى بىز تەپسىلىي مۇزاكىرە قىلدۇق. قۇملۇققا كىرىپ كۆرۈپ چىقىش خەتەرلىك ئىش، چوقۇم ئالاھىدە تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. تۆگىنىڭ ئېلىپ ماڭالايدىغان يۈكى چەكلىك. ھەمدە ئوزۇقلۇق ۋە سۇ بىزنىڭ جان تومۇرىمىز. شۇڭا جەزمەن كۆپ ئېلىپ يۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا باشقا ئېغىرلىقنى مۇمكىن قەدەر ئازايتىپ، يېنىك يۈك بىلەن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. كىشىنىڭ روھى دۇنياسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بىر مەيدان قۇملۇقنى

سۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئىنسان دەسسەپ باقمىغان، ئەزەلدىن «مالائىكەت دېڭىزى» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. قۇملۇققا كىرىپ تەكشۈرۈش قىلغاندا ھەر قېتىم تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ بىر لېنىيىنى- ئۆلچەپ چىقىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت، كۆپ بولغاندا 4 — 5 ئاي ۋاقىت كېتەتتى. كۆڭۈلدە سان بولمىغانلىقتىن دادۇي قۇملۇقنى كۆرۈپ چىقىش گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكى را- يونلىرىغىچە چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەت ئىشلەپ بېرىشكە شارا- ئىتىنىڭ بار - يوقلىقىنى ئېنىقلەشنى قارار قىلدى. دادۇينىڭ گېئولوگى شيا گۇڭجۇن گۇرۇپپا باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەزالىرى 504 - دۇينىڭ دۇيجاڭى جاڭ يۈرۈڭ، 505 - دۇينىڭ دۇيجاڭى ئى زۇشۇن، خەۋەرچى ساۋ رۇيمىڭ، ئىشچى تۇردىلار- دىن تەركىب تاپتى. شۇنداقلا تۆگە كىرا قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا مەھەممەت، ئىبرايىم يەنە بىر كىچىك بالىدىن ئىبارەت، ئۈچ تۆگىچى ئالدۇق.

بىز تارىم ئويمانلىقىغا يېڭىدىن بارغانلىقتىن، قۇملۇقنىڭ ئەھۋالى توغرۇلۇق بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى ئاز ئىدى پەقەت شۋېتسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى (كېزىپ تەكشۈرگۈچى) سۋېن ھېدىننىڭ خېلى بۇرۇنلا ھەمراھلىرىنى باشلاپ تۆگە بىلەن كېزىپ تەكشۈرۈپ قۇملۇقتا سۇ بولمىغانلىقتىن ئۆزى قېچىپ چىقىپ، كۆپچىلىكنىڭ چىقالمىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. مەن بىزمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدىم. لېكىن مەن يەنە پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى جۇڭگو خەلقى ئەجداتلار ياكى چەت ئەللىكلەر ئىشلىيەلمىگەن ئىشلارنى ئىشلەپ كېتەلەيدىغانلىقىنى ئويلىدۇم. دادۇينىڭ كۆرۈپ چىقىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ ساپاسىغا بولغان تەلىپى ئىنتايىن قاتتىق بولدى. مەن كە-

بوشلۇق ئورۇن بولمىغانلىقتىن 100 — 200 كىلومېتر ئىگىزلىك-
لەركە بىۋاسىتە يامغۇر چىقىشقا توغرا كېلەتتى. تۆگىلەر
دۈمبىسىدە ئېغىر يۈك بولغانلىقتىن چىقالمايتتى. شۇنىڭ
بىلەن مەھەممەت يېتىلىسە، ئىبراھىم ئارقىسىدىن يۆلەيتتى.
ياكى قامچىلايتتى، تۆگە ماڭالماي چۆكۈپ قالسا، كىچىك
بالا تېزلىكتە يۆلەپ تۇرغۇزاتتى. دۆڭلۈككە بىر تۆگىنى
چىقىرىپ بولۇپ يەنە بىرسىنى چىقىراتتى...... بىر دۆڭدىن
ئۆتسەك يەنە بىر دۆڭدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قۇم
دۆڭلىرى تۈگىمەيتتى. بىز ھەركۈن مۇشۇنداق جاپا چېكىپ
مېڭىۋەردۇق. تۈگىمەيدىغان قۇملۇقتا ۋە كۈندىن - كۈنگە
ئورۇقلاپ كېتىۋاتقان تۆگىلەرگە قاراپ بىزدە قۇملۇقتىن
چىقالامدۇق - يوق دېگەن گۇمان پەيدا بولدى. مەھەممەت
بىلەن ئىبراھىم يول ئۈستىدە كۆپ قېتىم زوڭزىيىپ ئولتۇ-
رۇپ بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بىلەن تۆگىلىرىمىزنى ئامان ساق-
لىغىن دەپ خۇدادىن، دۇئا قىلىپ ساۋاپ تىلەيتتى.
قۇملۇقتا سۇنى قېنىمىزدىنمۇ قىممەتلىك دەپ ھېساب-
لايتتۇق، ئېلىۋالغان سۇيىمىز چاغلىق بولغانلىقتىن سۇ ئىشلە-
تىشكە قاتتىق تۈزۈم ئورناتتۇق. ئادەم ئىچىدىغان سۇغا
تولۇق كاپالەتلىك قىلغاندىن تاشقىرى، ئادەتتە يۈز يۇيۇش
قاتارلىقلارغا سۇ ئىشلەتمەيتتۇق، تۆگە سۇنى كۆپ ئىچىدۇ،
شۇڭا تۆگىلەرگە ئېلىپ ماڭغان سۇنى بېرىشكە بولمايتتى.
سۇ كامىرىدا يەنە ئازىراق قالدۇق سۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا
يەنە ھەر كۈنى بىر چۆكۈندىن سۇ تولۇقلاپ تۇرساق ۋاقى-
تىنچە تۇرمۇشنى قامداپ تۇرۇشقا بولاتتى. ناۋادا سۇ كامىرى-
دىكى سۇ تۈگەپ كەتسە، ئېلىۋالىدىغان كۆپ سۇ تاپالمىساق،
تۆگىلەرنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقى، بىزمۇ قۇملۇقتا يېپىمىز باغلى-

چارلاپ كۆرۈپ چىقىش مۇساپىسى ماڭا ·ۋۇشۇلداق باشلىنىپ كەتتى.

## 1. قۇملۇققا چوڭقۇر چۆكۈش

بىز 1957 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سىبىرىقبويىدىن چىقىپ، يەكەن دەرياسىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەممە بۇ دەريادىن سۇنى تولۇق ئېلىۋېلىپ، قۇملۇقنىڭ چېتىگە كىرىشىمىز بىلەنلا «قونۇپ» قالدۇق. بىز قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە بىر دەملىك شىددەتلىك بوران بىزنى ئويغىتىۋەتتى. ئارقىدىنلا قاتتىق يامغۇر ياغدى. يولغا يېنىك چىقىپ چېدىر ئالمىغانلىقىمىزدىن يامغۇر سۈيى ئۈستىمىزدىن شارقىراپ قۇيۇلۇپ تۇرسىمۇ يوشۇرۇنۇشقا دالدا تېپىلماي، قاقاسلىقتا تىك تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇپ، كىيىملىرىمىز سۇغا چىلىشىپ، بەئەينى سۇغا چۈشكەن چاشقاندەك بولۇپ قالدۇق. كۆپچىلىك قۇملۇققا كىرىش ئالدىدىكى بۇنداق كىچىك سىناققا قىلچە كۆڭلىدە ساقلىمىدى، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە ھېچكىممۇ دەم ئېلىشنى تەلەپ قىلمىدى. كىيىم - كېچەكلىرى قۇرۇمىسىمۇ ئويۇن - چاقچاق قىلىشىپ يولغا چىقىشتى.

ئىككىنچى كۈنى قۇملۇققا كىرىشكە باشلىدۇق. قۇم دۆڭلىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئېگىز - پەس سوزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ تۆگە قۇم دۆڭلىرىنى ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. 3 -، 4 - كۈنلىرى قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كەتتۇق. قۇم دۆڭلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئېگىزلىكى ئۈستى - ئۈستىگە ئېگىزلەپ، قاتلاپ قويغان ساپال شەكلىدە تارقىلىپ بىر - بىرىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئالدىمىزدا ئۆتىدىغان

ئىبراھىم ئورا قېزىپ سۇ ئىزدەۋاتقانلىقىمىزنى كۆرۈپ ئۆزلىكدىن كېلىپ نۆۋەتلەشتى. قۇملۇقدىكى ئورا بىر سانتىمېتىر - بىر سانتىمېتىردىن چوڭقۇرلاۋەردى، ئارقىدىن مەھەممەت بىلەن كىچىك بالىمۇ كېلىپ قېزىشتى. قۇملۇق ئورا 1.5 مېتىر چوڭقۇرلىغاندا كۆپچىلىك قۇمنىڭ نەملىشىشكە باشلىغانلىقىنى كۆردى، كىچىك بالا خۇشاللىقىدىن قېزىشنى تېزلەتتى 1.7 مېتىر چوڭقۇرلىغاندا سۇ تامچىلىرى ئورا تېگىگە داۋاملىق تېمىپ تۇردى. كىچىك بالا: «سۇ، سۇ» دەپ ئارقا - ئارقىدىن ۋارقىراپ كەتتى. مەھەممەت ئاۋۋال قولى بىلەن سۇنى ئېلىپ تېتىپ باقتى، سۇ گەرچە ئاچچىق بولسىمۇ لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزگە شەربەتتىنمۇ تاتلىق تۇيۇلدى، ئاققان تەرنى، ھېرىپ - چارچاشنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ قېلىپ ئۆزئارا خۇشاللىق بىلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق.

ئىلگىرىكى قېزىپ تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ بىزدەك ئورا قېزىپ سۇ تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، بىزدەك زىيالىلار ھەم مۇرەككەپ ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنالايمىز ھەم ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايمىز. ئەمگەك جەريانىدا خەنزۇ - ئۇيغۇردىن ئىبارەت ئىككى مىللەتنىڭ كادىرلىرى بىلەن ئىشچىلىرى مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ تەڭ كۈچ چىقىرىپ ۋە ھەمكارلىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە ئاجايىپ غەيرىتىمىزگە● ئۆزىمىزنىڭ ئىككى بىلىكىمىزگە تايىنىپ قۇملۇق باغرىدا يوشۇرۇنغان سۇنى تېپىپ چىقتۇق، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بىرىنچى تۇركۇمدىكى «كىرسە چىقالايدىغان» كىشىلەردىن بولۇشىمىزغا ئىمكانىيەت تۇغۇلدى، شۇنداقلا بۇنىڭدىن كېيىنكى كەڭ كۆلەملىك ھالدا قۇملۇققا

نىپ «كىرسە چىقالمايدىغان» ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقى-
مىزنى بايقىدۇق. شۇڭا تۆگىلەرگە چوقۇم سۇ تېپىپ بېرىشكە
توغرا كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن سۇ - چارلاش كۆرۈپ چىقىش
خىزمىتىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ-
قا ئايلىنىپ قالدى.

## (1) سۇ تېپىش

قۇملۇقنىڭ سۇ تامچىلىرىنى مورغا ئايلاندۇرۇش مىقدارى ھۆل - يېغىن مىقدارىدىنمۇ بەكرەك چوڭ بولۇپ، يەر يۈزىدىن سۇ تامچىسىنى كۆرۈشكە بولمايتتى. لېكىن قۇملۇقنىڭ تېگىدە سۇ بارمۇ - يوق قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتىن سۇ چىقىدۇ ئۇنى ئۆزىمىز قېزىپ كۆرگەندىلا بىلگىلى بولاتتى. ئەتتىگەندىن كەچكىچە يول مېڭىپ، ئۆۋەتلىشىپ تاماق ئېتىپ ۋە دادۇيگە تېلېگىرامما بېرىپ، ھېرىپ - چارچىغانلىقتىن ھېچكىمنىڭ مىدىرلىغۇسى كەلمەي قالاتتى. ئەگەر سۇ تاپمىساق چارلاپ كۆرۈپ چىقىش ۋەزىپىسى ئورۇندالمايلا قالماستىن بەلكى ھاياتىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمۇ تەس ئىدى. خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ۋە ھاياتلىققا بولغان ئۈمىد مەجبۇرلىغانلىقتىن بىر نەچچە كادىر كەچتە ئاي يورۇقىدا ئويمان يەرلەرنى تېپىپ كەتمەن بىلەن كولاپ، سۇ ئىزدەيتتۇق. قۇملۇق ئاسان قېزىلىپ، ئاسان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى بىر ئورىنى قېزىش ئۈچۈن ئورا ئېغىزىنى بىر تۆگىنىڭ ئورنىدەك قىلىپ قېزىشقا توغرا كېلەتتى، ئادەمنىڭ جىسمانىي كۈچى چەكلىك بولىدۇ. بىردەم قازغاندىن كېيىن كەتمەن ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تۇردى بىلەن

مىزدا بولىدىغان ئىككى خىل مۇمكىنلىكنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ بىر خىلى بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ قىيىن ئۆتكەللەردىن بىللە ئۆتۈش، يەنە بىرى، ئىشەنچىمىزنى يوقىتىپ، خىزمەتتە بىپەرۋالىق ۋە سەۋەنلىك قىلىپ قويۇشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتىكى ئەڭ ھالقىلىق ئىشەنچە بولۇش. تۆگىلەر ئاجىزلاپ كەتسە، بېقىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سەۋرچانلىق بىلەن ئىشلەنگەن ئىددىيىۋى خىزمەتتىن ئاكتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. ئۇلار ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىنىڭ ئورتاق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئۇلار بىزنىڭ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىمىزنى بىلدى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ قىيىن شارائىتتا تۆگىلەرنى ئوبدان باقىدىغانلىقىغا ئىشەندۇق. ئوتتۇرىمىزدىكى ھېسسىيات تېخىمۇ كۈچەيدى.

### 3 قۇم بورىنى

بىز قۇملۇقتا كىرگىلى بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى. يولنىڭ 2/3 قىسمىنى باستۇق، جىددىيلىشىش كەيپىياتى بىر ئاز بوشىدى. ۋەزىپىنى تېزراق ئورۇنلاپ قۇملۇقتىن چىقىپ كېتىش ئۈمىدىنى كۈتتۇق. بىر كۈنى ئەتىگەن بىز ھەر كۈنكى ئادەت بويىچە خىزمەت بۆلىشىۋېلىپ يولغا چىقتۇق. جاڭ يۇرۇڭ تۆردىنى بىر قۇملۇق دۆڭىنىڭ ئۈستىگە بايراق سانجىپ ئالاقە بەلگىسىنى تۇرغۇزۇشقا بۇيرىدى. جاڭ يۇرۇڭ بىلەن يى زۇشۇن ئىككىسى ئۆلچىنىدىغان لېنىيىنىڭ ئورنىنى تاللىدى. مەن يولنى بويلاپ كېئولوگىيىلىك ئېچىلما ئالامەتلەرنى تەكشۈرۈپ ماتېرىياللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭدىم. چۈش بولغان چاغدا قۇملۇقتا بوران چىققىلى تۇردى، قۇملار قايتا - قايتىلاپ يۈزلىرىمىزگە ئۇرۇلۇپ، كۆزىمىزنى ئاچ-

يۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇھىم ماتېرىياللارنى تاپتۇق. مۇشۇ-لارنى ئويلىغاندا بىزنىڭ قەلبىمىز يايراپ كەتتى.

ئاچچىق سۇنى تۆگىگە قانغىچە ئىچكۈزۈشكە بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يۈز - قوللارنى، قاچا - قومۇشلارنىمۇ يۇغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلىپ قۇملۇقتا سۇ ئىشلىتىشتىكى قىيىنچى-لىقلارنى پەسەيتكىلى بولىدۇ. بىز قونالغۇ ئورۇننى ھەركۈنى يۆتكەپ، ئورنىمۇ بارغانلا يەردە قېزىپ تۇردۇق. ھەممىسىدىن مۇشۇنداق ئاچچىق سۇ چىقىپ تۇردى. چۈنكى ھەممىسىنىڭ يەر ئاستى سۇ يۈزى ئوخشاش ئىدى.

## (2) سەممىي سىردىشىش

تۆگە ئىچىدىغان سۇ تېپىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇل-دى، لېكىن سۇ تەركىبىدە ماگنىي بولۇپ ئىچكەندە ئاسانلا ئىچى سۈرەتتى، شۇنداق بولغانلىقتىن تۆگىلەرگە زىيان قىلدى. بەزى ئاجىز تۆگىلەر نەرسىلەرنى ئېلىپ ماڭالماي بوش ماڭ-دى. بەزى تۆگىلەر يېتىپ قېلىپ قوپالمىدى. بىزمۇ قۇملۇق-نىڭ مەركىزىي قىسمىغا كىرىپ بولغانىدۇق. يولنىڭ يېرىمى-نى ماڭدۇق، لېكىن ئوزۇقلۇق ۋە سۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپى تۈگەپ كەتتى. ياشىنىپ قالغان ئىككى تۆگىچى ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىنى يوشۇرۇشقا تاقەت قىلالماي، داۋاملىق جىمجىت دۇئا قىلغاندىن تاشقىرى، چەت - چېكى بولمىغان قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلمەيدۇق. دەپ ئاشكارە گۇمانلاندى. بۇنداق ئەنسىزلىك-نى چۈشەنگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرۇلۇق جاك يۇرۇڭ، يى زۇ شۇنلار ئۇلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سەممىي سىرداشتى. كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئانالىز قىلدى. شۇنداقلا ئالدى-

ئالاقىلىشالمىدۇق، مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيىتتە يۇقىرى بىلەن ئالاقىلىشالماسلىق بىزگە ناھايىتى چوڭ زەربە بولدى. لېكىن بىز يەنىلا قەيسەرلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، قىيىنچىلىققا قارشى داۋاملىق ئىلگىرلەۋەردۇق.

(4) ئادەم ئىزدەش

تۇردى بىر كېچە قايتىپ كەلمىدى، يۇقىرى بىلەن ئالاقىمىز ۋاقتىنچە ئۈزۈلۈپ قالدى، بىز ھەم بېسىمنىڭ ناھايىتى چوڭلىقىنى، ھەم مەسىلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، مەسىلىنى ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئويلىنىپ بىر تەرەپ قىلىشنى كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇق. شۇ چاغدا سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ئاز قالغان، تۆگىلەرنىڭ تېنى ئاجىزلاپ تۆت تۆگە تۇرالمای يېتىپ قالغانىدى. ئادەمنى چوقۇم ئىزدەش كېرەك. مەسىلە قانداق ئىزدەشتە ئىدى، دەرھال كادىرلارنى يىغىپ ئەھۋالنى ئانالىز قىلدۇق، ئەگەر ھەممىمىز تۆگىلەرنى يېتىلەپ يۈرۈپ ئادەم ئىزدىسەك، بىرىنچىدىن ئورۇقلاپ كەتكەن تۆگىلەر چىداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئىككىنچىدىن سۇ ۋە ئاشلىقنىڭ سەرپىياتى كۆپ بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ھەرىكەت قىلىشىمىز قولايسىز بولىدۇ. شۇڭا، بۇ لايىھەنىڭ زىيىنى كۆپ، پايدىسى ئاز ئىدى. بىر قەدەر ياخشى لايىھە — ئاجىزراق تۆگىلەرنى بەلگىلەنگەن لېنىيىدە ماڭدۇرۇپ بىر تەرەپتىن دەم ئالدۇرۇش، بىر قەدەر ساغلام ئۈچ تۆگىنى تاللىۋېلىپ، سۇ ۋە ئوزۇقلۇقلارنى ئېلىپ ئادەم ئىزدەشتىن ئىبارەت بولۇپ، كۆپچىلىك ھەم ئىلگىرىلىگىلى ھەم ئادەم ئىزدىگىلى بولىدىغان بۇنداق لايىھەگە بىردەك قوشۇلدى، بۇ توغرۇلۇق يىغىندا كىم ئادەم ئىزدەشكە چىقىش توغرىسىدا ...، بۇ توغرۇلۇق يى زۇشۇن

تۇرمىدى. بوران بىردەمدە كۈچىيىپ كەتتى، قۇملار ئۇچۇپ ئاسمان ۋە يەر يۈزىنى قاپلىۋالدى. ئاسمان قاراڭغۇلىشىپ ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمىدى. پات - پات گۈركىرىگەن ئاۋاز ئادەمنى دىمى سىقىلغاندەك ھېس قىلدۇراتتى. بۇنداق «قۇم بورىنى»غا قۇملۇقتا كەلگىلى بېرى تۇنجى قېتىم دۇچ كېلىشىمىز ئىدى، قۇم بورىنى ئىككى سائەت داۋاملاشقاندىن كېيىن تەدرىجىي ئاستىلاپ ئاسمانمۇ تەدرىجىي يورۇشقا باشلىدى. مەن ئەتراپىمغا ئوبدان بىر قاراپ چىقتىم. لېكىن ھېچكىمنى كۆرەلمىدىم. بىردەم ۋارقىراپ باقسىممۇ ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن قونالغۇ ئورۇنغا قاراپ ماڭدىم. قونالغۇ ئورۇنغا قايتىپ كەلسەم، چاك يۈرۈك، يىزۇشۇنلار كېلىپتۇ، لېكىن تۇردى كەلمەپتۇ، بىز قاراڭغۇ چۈشكىچە كۈتسەكمۇ ئۇ قايتىپ كەلمىدى. بىز بوران ئۇچۇرۇتقان قۇملار تۆگىلەرنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرۈۋەتكەچكە تۇردى چوقۇم نىشاندىن ئادىشىپ قالدى، دەپ ئويلىدۇق، ئاداشقان ئادەمگە قونالغۇ ئورۇننى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەممىمىز چىقىپ ئوتۇن يىغىپ ئېگىز ئورۇننى تاللاپ، ئوت تۇتاشتۇرۇپ لاۋۇلداتتۇق. ئوت نۇرى ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلۈپ قونالغۇ جايىمىزنىمۇ يورۇتۇۋەتتى. بىز توختىماستىن ئوتۇن يىغىپ، ئوتنى يېرىم كېچىگىچە ئۆچۈرمىدۇق. تۇردى يەنىلا قايتىپ كەلمىدى.

بۇ قېتىمقى «قۇم بورىنى» بىزگە بىر قاتار ئېغىر زىيانلارنى سالدى. تۇردى يوقۇپ كەتكەن كۈنى كەچتە «قۇم بورىنى» پەيدا قىلغان نورمالسىزلىقتىن ئاپپاراتنىڭ ئىچىگە قۇم كىرىپ كېتىپ تېلېگىراممىنى ئالالماي توختاپ قالدى، تېلېگراممىنى خېلىغىچە ئۇلاپ كۆرسەكمۇ دادزى بىلەن

-ۇرۇپ، بىزنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىراپنى ئايلىنىپ بىزنىڭ ئىزدەمىزنى ئىزدەپتۇ. كەچقۇرۇن بىزنىڭ تونۇلغان ئاۋازىمىزنى ئېنىق ئاڭلاپ، پۇتىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. تۇردى تېپىلدى! بىز خوشاللىقىمىزدىن سەكرىشىپ كەتتۇق. ئېلىپ كەلگەن سۇ بىلەن ئۇزۇقلىقىمىزنى ئۇنىڭغا سۇندۇق، ئۇ ھاپىلا - شاپىلا يېگىلى تۇردى، بىز ئۇنىڭغا ئاستىراق يەڭ، ئاشقازىنىڭىز يېرىلىپ كەتمىسۇن دېدۇق. شۇ كۈنى كەچتە بىز خوشاللىقىمىزدىن راسا ئۇخلىدۇق. بۇ ھەقىقەتەنمۇ:

قاتتىق بوران قۇم بىلەن ئۇرسۇن كېلىپ،
يا بولمىسا قوملۇقتا ئاداشساق ئېزىپ.
ئاچلىق بىلەن ئۇسسۇزلۇق قوشۇلسۇن يەنە كېلىپ،
تەن بەرمىدى سەپداشلار ئىرادىلىك.

قاتتىق بوران ئېزىقتۇرماي تۇرمايتتى
ئىزدىمىسە سەپدىشىنى ھەرگىز تاقەت قىلمايتتى.
ھەممە يەرنى كېچە دېمەي چۆگىلەپ،
ئىزدەپ تاپماي كۆڭۈل پەقەت تىنمايتتى!

تەشكىللەندۇق خەنزۇ بىلەن ئۇيغۇردىن،
ئايرىلماسقا قەسەم بەردۇق بىر - بىرىدىن.
مېھرىبانلىق كۈلكە ئاۋازى قوشۇلۇپ،
ئېتىشىپ - چۈشتى پات - پات چىققان گۇر - گۇردەن،

دېگەنىدەك بولدى.

بىلەن ئىبراھىم ئادەم ئىزدەشكە بارغىنى كەلمىدى. پەقەت كىچىك بالا بىز بىلەن بىللە ماڭماقچى بولدى. يى زۇشۇلنى ئادەملەر بىلەن كۆپ قېتىم تۆگىلەرنى باشلاپ ئاستا ماڭدۇ-رۇشنى، مەن جاڭ يۈرۈك بىلەن كىچىك بالا ئۈچىمىز كېچە كۈندۈز توختىماستىن كەينىگە قايتىپ ئادەم ئىزدەشنى بەلگى-لىدۇق. مەن ماڭغاچ ئىلگىرىكى كېزىپ تەكشۈرگۈچىلەر ئادەم-لىرى يۈتۈپ كەتسە تاشلاپ كېتىپ كارى بولمايدىكەن، بىز بولساق سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە، ئۇنداق قىلساق بولماي-دۇ، ئۇنى چوقۇم تېپىشىمىز كېرەك دەپ ئويلىدىم. بىز تۆ-نۈگۈن ماڭغان يول بويىچە مېڭىپ قۇم دۆڭلىرىگە بىر-بىر-لەپ يامىشىپ چىقتۇق. بەزىدە ئىگىز يەرلەرگە چىقىپ كۆز تىكىپ قارىساق، بەزىدە ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ۋارقىرىدۇق. بار كۈچ بىلەن ۋارقىرىغانلىقتىن ئۈنىمىزمۇ پۈتۈپ قالدى. تىت-تىت بولۇپ قاتتىق چارچىغانلىقتىن پۈت قوللىرىمىزنى يىغالماي قالدۇق. لېكىن سەپدىشىمىزنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىنى ئويلىساق، ئۇنى تېپىش ئۈچۈن جەزمەن ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، سۈرئەتنى تېزلىتىشكە توغرا كېلەتتى. شۇڭا بىز چىشىمىزنى چىشلەپ، قەتئىي بوشاشماي داۋاملىق ئىزدىدۇق.

ئەسلىدە «قۇم بورىنى» تۈيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان چاغدا تۇردىنىڭ بېشى قېيىپ، نىشانىدىن ئېزىپ قالغانىكەن. بوراندا ئۇچقان قۇم تۆگىنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرىۋەتكەنلىك-تىن، ئۇ ماڭىدىغان نىشانىدىن ئادىشىپ تەمتىرەپ قېلىپ، قارىسىغا ئۇياق-بۇياققا ئايلىنىپ مېڭىپ يۈرگەن. كەچقۇرۇن ئازراق يىراق بولغانلىقتىن، بىز تۇتاشتۇرغان ئوت يالقۇنىنى كۆرەل-مىگەن. ياتسىمۇ ئۇخلىيالماي ئۇياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ خىيال

قىلىپ بىز تەكلىماكاننىڭ «كىرسە چىقالماس» دەپ ئاتالغان ئەپسانىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ بىرىنچى تۆركۈمدىكى كىرسە چىقالايدىغانلارغا ئايلاندۇق.

## 2. ئومۇمىيۈزلۈك يۈرۈش قىلىش

(1) خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق رايونىنى گىراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق تەخمىنىي چارلاشنى ۋە گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈزلۈك چارلاشنى ئورۇنداش.

1983 - يىلى خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدە تەۋرىنىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئامېرىكىنىڭ G. .S. .I شىركىتىدىكىلەر خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى قۇم دۆڭلىرى كاھىشسىمان جايلىشىپ قالغان، تەۋرىنىش ئىشىنى ئىشلەش تەس دەپ قاراپ، پەقەت خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق رايوننى تەۋرىنىش توختامىغىلا قول قويدى. 50 - يىللاردىكى بىزنىڭ نىشانىمىز تاللاپ تۇرماستىن قۇملۇققا ئومۇمىيۈزلۈك يۈرۈش قىلىش بولدى. 1957 - يىلى بۆسۈش ئېغىزى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىي دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ۋاقتىدا يولغا چىقىش ئۈچۈن گىراۋىي ماگنىتلىق چارلاش گۇرۇپپىلىرى يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى قۇملۇقنىڭ ئەتراپىغا تولۇق توپلىنىپ بويرۇق كۈتۈپ تۇردى. بىزنىڭ چارلاپ كۆرۈپ چىقىشنى ئورۇنلىغان خەۋرىمىز دادۇيگە يەتكەندىن كېيىن، دادۇي شىتابىدىكىلەر گىراۋىي ماگنىتلىق چارلاش ئەترىتىدىكىلەردىن بەلگىلەنگەن پىلان بويىچە تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈشنى تەلەپ قىلدى. لى لىيەنتاڭ گۇرۇپپىسىدىكى-

## (5) ئاشلىق يېتىشمەسلىك

ئىككى كۆرۈپپا تېزلىكتە ئۇچراشتۇق. كونىلا قىيىن مەسىلىلەر ھەل بولغانىدى. لېكىن يېڭى، چېگىش مەسىلىلەر يەنە چىقتى. ئىنچىكىلىك بىلەن ھېسابلىغاندا، قالدۇق ئاشلىق بىزنىڭ قومۇلۇقتىن چىقىپ كېتىشىمىزگە يەتمەيدىغانلىقى بايقالدى. قومۇلۇققا كىرىشتىن ئىلگىرى ھەربىر ئادەم ھەر ئايدا 50 جىڭ ئاشلىق يەيدۇ دەپ مۆلچەرلەنگەن ئىدى. لېكىن مۇشەققەتلىك يۈرۈش جەريانىدا كۆپچىلىكنىڭ ئەمگەك سىجىللىقى ھەددىدىن ئېشىپ كىتىپ، بىر ئادەم بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىشىنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېتەرلىك قوشۇمچە يېمەكلىك بولمىغانلىقتىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ھەر ئايدا يېگەن ئاشلىقى «نورما»دىن خېلىلا ئېشىپ كەتتى. ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى خىلمۇ - خىل قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق. كۆپچىلىك بىرلىكتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىرقى بىر قىيىن ئۆتكەلدىن چوقۇم ئۆتىشىمىز كېرەك دېيىشتى. قالغان ئاشلىقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن سۇيۇق - شالاڭ تاماق ئېتىپ ئىچتۇق. قانچىلىك مۇشەققەتلىك شارائىت بولغانسېرى، ئادەمنىڭ غەيرىتى شۇنچە ئاشىدۇ. تويغىدەك تاماق قانغىدەك يېتىپ ئۇخلىيالماسىمۇ چىشىنى چىشلەپ، قەتئىي تەۋرەنمەس روھ بىلەن چارلاپ كۆرۈپ بېقىش ۋەزىپىسىنى ئاخىرى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ بولدۇق. يولداش ساۋرۇيېنىڭ خەۋەرلىشىش ئاپپاراتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئوڭشاپ چىقىپ، چارلاپ كۆرۈپ چىقىش نەتىجىسىنى داۋىيگە دوكلات قىلدى. شۇنداق

دى. مۇشۇ بىر چوڭ جەرياندا تارىمنى چارلاش دادۇينىڭ رەھبەرلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك دۇيجاڭلار باشلامچىلىق بىلەن قۇملۇققا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۈلگىلىك رول ئوينىدى.

(2) خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇق رايونىنى گراۋدى ماگنىت كۆچى ئارقىلىق تەخمىنى چارلاشنى ئورۇنداش.

خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى قۇملۇقنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، جەنۇبىي بىلەن شىمالىنىڭ كەڭلىكىمۇ ئىنتايىن چوڭ. بۇ ھەل قىلغۇچ كۈرەشنىڭ تەييارلىقىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن كۆپ تەرەپلىمە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، قەشقەردىكى بىر دادۇينىڭ 300 دىن ئارتۇق ياخشى تۆگىلىرىنى تاللىۋېلىپ، قۇملۇقنىڭ ئەتراپىغا ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلدۇق. 1958 - يىلى باھار مەزگىلىدە، كىرىيە دەرياسىنىڭ ئايىغىدا گراۋدى ماگنىت كۆچى ئارقىلىق چارلاش 505 - دۇينىڭ دۇيجاڭى خۇاڭ خاۋ سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، ئارقىدىنلا شۇ يىڭشۈەن دۇيجاڭنىڭ باشلامچىلىقىدا خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىنى گراۋدى ماگنىت كۆچى ئارقىلىق تەخمىنى چارلاش باشلىنىپ كەتتى. كەڭلىكى 500 كىلومېتىر، سېلىشتۇرما ئېگىزلىكى 200 — 300 مېتىر كېلىدىغان قۇم تاغلىرىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ئىش يۈرگۈزدۇق. باھار پەسلىدىن قىش پەسلىگىچە توققۇز قېتىم كىرىپ، توققۇز قېتىم چىقىپ، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتتۇق. دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقنى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىكى بىلەن سېلىشتۇرساق ئېشىپ كەتسە كېتىدۇكى، ھەرگىز كەم قالمايدۇ. ئېلىۋالغان سۇ ۋە ئاشلىقىمىز ھەر دائىم چەكلىك بولۇپ، ئۆلچىنىدىغان لىنىيە ئۇزۇن ھەمدە ئاشلىق

لەر بىر كۆرۈپ چىققان لىنىيىنى بويلاپ قۇملۇققا كىردى. ئۇلار تېئودولىت بىلەن ئۆلچەيدىغان ئۆتكۈزگۈچ سىم ئىلىۋې- لىپ، گراۋىمېتر، ماگنىتومېتر، بىلەن نۇقتا بەلگىلەپ، ئۆل- چەپ گراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق تەخمىنىي چارلاپ چىقتى. 1957 - يىلى خوتەن دەرياسىنىڭ غەربىدىن جەنۇپ- تىن، شىمالغا قاراپ ئۆلچىنىدىغان تۆت لىنىيىنى يەنە باشقىدىن ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن ئۈچ لىنىيىنى ئۆلچەش- نى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدۇق. بىر لىنىيىنى ئۆلچەشتە قىيىنچى- لىققا دۇچ كەلدۇق. بىر قىسىم كىشىلەردە قۇملۇققا ئەمدىلا كىرگەن چاغدا قورقۇش روھىي ھالىتى پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن دادۇي ئىلگىرىكى گۇرۇپپىنى دەرھال يۆت- كەپ چىقىپ، ئۆلچەش دۈيىنىڭ دۈيجاڭى لىن يۈڭخۇينىڭ ئۆزى گۇرۇپپىنى بىۋاسىتە باشلاپ كىرىشنى تەلەپ قىلدى. ۋەزىپە ئاخىرى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاندى، شۇ چاغدىكى تەخمىنىي چارلاش ماتېرىيالىغا ئاساسلىنىپ سىزىپ چىقىلغان گراۋىتاتسىيىلىك خەرىتىسىنىڭ ئورنى 30 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا ھېچقانداق يېڭى ماتېرىيال دەسسىيەل- مىدى.

1958 - يىلى دۈيجاڭ ياڭ تېيەنتەي گېئولوگىيە دۈيىنى باشلاپ، قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىكى مازار تاغ ئېچىلما رايونىدا بەش ئاي جاپالىق كۈرەش قىلىپ، گېئولوگىيىلىك ئومۇمىيۈز- لۈك تەكشۈرۈشنى ئورۇنداپ، قۇملۇقتا «بىر قېتىمدا خىز- مەت قىلغان ۋاقىتسى ئەڭ ئۇزۇن بولۇش» رېكورتىنى ياراتتى.

تەكلىماكاننىڭ غەربىدىكى قۇملۇقنى بويسۇندۇرۇش- نىڭ دەسلەپكى جېڭى ئومۇمىيۈزلۈك غەلبىنى قولغا كەلتۈر-

505 - دۆينىڭ يۈەن شىيۇرۇڭ، خەن باۋجىڭدىن ئىبارەت ئىككى ئايال ۋەكىلىنى 1958 - يىلى بېيجىڭدە ئېچىلغان قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتناشتۇردى. ئۇلار جۇڭگونىڭ زۇڭلىنىڭ سەممىمىي قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى. 50 - يىللاردا قۇملۇققا كىرىپ چىققان بارلىق نېفىت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ھەر قېتىم ئۆتكەندىكى ئاجايىپ ئىشلارنى ئەسلىگەندە چىن يۈرەكلىرىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ.

## 3، قۇملۇقتا مول نېفىت، گازلار كۆمۈلۈپ ياتماقتا

50 - يىللاردىكى تارىم ئويمانلىقىنى گىراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق چارلاش ماتېرىيالى ئويمانلىقتا غايەت چوڭ ھەم قېلىن چۆكۈندە جىنىسنىڭ بارلىقىنى ئېچىپ بەردى؛ توپ - توز كەتكەن گېئوتېكونىك شەكىلنىڭ جايلىشىشى دۆلىتىمىزنىڭ چوڭ قۇملۇقىدىمۇ دۇنيادىكى باشقا قۇملۇقلارغا ئوخشاش مول نېفىت، گاز زاپىسىنىڭ يوشۇرۇنۇۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مانا بۇ پەقەت تارىم ئويمانلىقىنى تونۇشتىكى بىرىنچى قېتىملىق سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 25 يىلدىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت مىنىستىرلىقى فىزىكىلىق چارلاش ئىدارىسى ئامېرىكا G.S.I. شىركىتى بىلەن شېرىكلىشىپ، خوتەن دەرياسىنىڭ شەرقىدىن يەنە بىر قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، ئورغۇنلىغان يەر تەۋرىتىش كەسمە يۈزىنى ئىشلەپ بولۇپ، دېڭىز فاتسىيەسىدىن پەيدا بولغان كۆپ يۈرۈشلۈك نېفىت قاتلىمىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ دۇنيا

يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى بولۇپ تۇردى. تۆگىلە رنىڭ قوسىقى تويمىغاندا يۈرۈش قىلىش داۋامىدا ئالدىدا ماڭغان تۆگىلەر-نىڭ چومىدىكى چۆپلەرنى كەينىدىكى تۆگىلەر يەپ بولدى. ئېغىر يۈككە ۋە چارچاشقا چىدىيالمىغانلىقتىن تۆگىلەرنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى 20% كە يەتتى، ھەددىدىن ئارتۇق ھېرىپ-چارچىغانلىقتىن ھەر بىر كىشىنىڭ ئېيىغا يېگەن ئاشلىقى 70 جىڭدىن ئېشىپ كەتتى. بۇنداق تاماق يېيىش دەرىجىسى دۆلىتىمىزنىڭ ئېغىر جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىرىدىمۇ ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

1957 - يىلىنىڭ 4 - پەسلىدىن 1958 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 15 ئاي ئىچىدە تۆگىلەرنى ترانسپورت قورالى قىلىپ، 14 ئۆلچەش لېنىيىسى گراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق چارلاشنى ئورۇنداپ، 330 مىڭ كۋادرات كىلومىتىرلىق قۇملۇقنى كونترول قىلدۇق. 3000 كۋادرات كىلومېترلىق گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت، گازلىق ئويمانلىقىنى چارلاشتىكى بوشلۇقنى تولدۇردۇق ۋە تارىم ئويمانلىقىنى گىراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق چارلاش خەرىتىسىنى بىرىنچى قېتىم سىزىپ چىقتۇق. 30 يىلدىن بۇيان دۆلىتىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ كەلدى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى «كىرسە چىققىلى بولمايدۇ» دەپ تونۇلۇپ كەلگەن ھەتتا كېزىپ تەكشۈرگۈچىلەرمۇ «ھالاكەت دېڭىزى» دەپ قورقۇنچلۇق تەسۋىرلىگەن چوڭ قۇملۇق بىز تەرەپتىن بويسۇندۇرۇلدى، بىر ئادەمنىمۇ چىقىمغا ئۇچراتماستىن ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردۇق. دۆلەت مۇشۇ بىر مۇۋەپپەقىيەتنى تەقدىرلەش يۈزىسىدىن

# تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىغا يۈرۈش قىلغان كۈنلەرنى ئەسلەش

لى ليەنتاڭ

1984 ـ يىلى قاراماي تېلېۋىزىيە داشۆسىدە چەت ئەل تىلىنى تولۇقلاپ ئۆگىنىۋاتقىنىمدا كونا يىلنى ئۇزىتىپ، يېڭى يىلنى قارشى ئېلىۋاتقان 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى كەچتە تېلېۋىزورنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تېلېۋىزىيە ستانسىسى تەھرىرلىگەن «ئىلگىرىلەۋاتقان قاراماي»نى، جۈملىدىن 1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا يۈ چيۇلى بىلەن كاڭ شىئېن مىنىستىرنىڭ قارامايدا ئېچىلغان پۈتۈن مەملىكەتلىك نېفىت سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ نەق مەيدان يىغىنىدا بىرگە لەۋھە تەقدىم قىلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى كۆردۈم. بۇنىڭ ئىچىدە 1985 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» شىنجاڭ نېفىت سانائىتى توققۇزدا بىرىنچى بولدى دەپ جاكارلىغان. بۇنىڭ ئىچىدە تۆتىنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئىگەللەيدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، نېفىت چارلىغان بىرىنچى قېتىملىق گېئولوگىيە بىرلەشمە دۈيى — شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش باشقارمىسىنىڭ 505 ـ گراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك چارلاش بىرلەشمە دۈيى ئىدى. بۇ دۈي تەكلىماكان چۆل قۇملۇقىنى توققۇز قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، نېفىت مىنىستىرلىقى

بويىچە ئەڭ چوڭ بولغان نېفىت، گاز قورشالمىسىنى (نېفىت، گاز بار دائىرە) بايقاپ، ئىچكى - تاشقى نېفىت خادىملىرىنىڭ ھەۋىسىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. بۇ تازىم ئويمانلىقىنى بىلىشتىكى ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىر نېفىت مىنىستىرلىقى قۇملۇقنىڭ مەركىزىدىن ئەڭ چوڭ نېفىت، گازلىق قورشالمىنى تاللىۋېلىپ، زامانىۋى بۇرغا ئىستانوكى ۋە زامانىۋى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، بۇرغىلاپ چارلاشقا بەل باغلىدى. يېڭى نەتىجىلەر — بىزنىڭ تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ يەر ئاستى ئەھۋالىغا بولغان تونۇشىمىزدا يېڭى سەكرەشلەر پەيدا قىلىشى مۇقەررەر. تەكلىماكان كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ نېفىت بازىسىغا ئايلىنىدۇ. نېفىت ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ تۆككەن تەر - تامچىلىرى ئۇنى سۇغۇرۇپ، يات ئارىدا مېۋە بېرىپ، ئۇنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ زىننەتلىگۈسى.

1987 - يىلى پوسكامدا يېزىلدى.

قابدىش ئېيكى تەرجىمىسى.

جاۋ خۇئچۇەن بىر گۇرۇپپىغا، گاۋ يۈۋېن بىر گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بىز قۇملۇققا كىرىشتىن ئىلگىرى ئىدىيىۋى ۋە ماددىي تەييارلىقلارنى تولۇق ئىشلىدۇق. لېكىن شۇ چاغدىكى شەرت - شارائىت چەكلىمىك بولغانلىقتىن زامانىۋى قاتناش قۇرالىمىز بولمىدى. رەھبەرلەر 120 تۆگىنى كىرا قىلدۇرۇپ بىزگە قاتناش ۋە ترانسپورت قۇرالى قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىچىدە 80 تۆگە بىلەن سۇ ئېلىپ ماڭدۇق. ئەگەر خىزمەت ۋەزىپىمىز ۋە باسىدىغان مۇساپىمىز بويىچە ھېسابلايدىغان بولساق، 500 كىلومېتردىن ئارتۇق لېنىيىنى ئۆلچەشكە 40 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىدىكەن. ئۇنىداقتا ئېلىپ ماڭغان سۇيىمىز تۆگىنىڭ ئىچىشىگىمۇ يەتمەيتتى. بىز ئىلگىرىكى كېزىپ تەكشۈرگۈچىلەر قاراملىق قىلىشقا پېتىنالمىغان خەتەرلىككە قاراملىق قىلىپ، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىغا كىرگۈچىلەر ئىدۇق. ھەر كۈنى ئەترەت شتابى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئادەملىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن رەھبەرلەر يەنە جۇ باگجاۋنى خەۋەرلىشىش ئەسۋابى بىلەن بىزنىڭ گۇرۇپپىغا، ساۋ رۇيمىڭنى خەۋەرلىشىش ئەسۋابى بىلەن يەنە بىر گۇرۇپپىغا قوشۇپ بەردى.

1958 - يىلى 3 - ئايدا بىز ئورۇپ تۇرغان قۇم بورانغا قارىماستىن چوڭ قۇملۇققا يۈرۈش قىلدۇق.

## قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش

بىز بىرىنچى لېنىيىنى ئۆلچەشتە شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى ئۆلچەملىك نىشان قىلىپ، بەلگىلەپ نىيە بىلەن كېرىيە ئارىلىقىدىكى بىر جايدىن يولغا چىققان ئىدۇق. بىز ھەر كۈنى ئەتىگەن

تەرىپىدىن «جەسۇر نېفىتچى خادىملار» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن ۋاقىتتىكى كۆرۈنۈشلەر ئىدى. مۇشۇلارنى كۆرگەندە ماڭا يىگىرمە نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكى «ھالاكەت دېڭىزى»نى بويسۇندۇرغان جەڭگىۋار تۇرمۇشنى ئەسلەتتى.

## قۇملۇققا يۈرۈش قىلىش

1958 - يىلى پارتىيە 8 - قۇرۇلتىيى لۇشيەنىنىڭ يېتەك-چىلىكىدە نېفىت چارلاش خادىملىرى قاتتىق ئىشلەپ تېز يۈكسەلدى. شىنجاڭدىكى گېئولوگىيە خادىملىرىمۇ «تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنىڭ مەركىزىگە يۈرۈش قىلايلى» دېگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېلىمىزنىڭ چارلاش تارىخىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىدى.

كىشىلەر تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى «ھالاكەت دې-ڭىزى» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئۇنىڭ مەنىسى «بارسا كەلمەس» دېگەنلىك. نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك كېزىپ تەكشۈرگۈچىلەردە بۇ يەرنى كۆرۈشكىلا قورقۇنچ پەيدا قىلغان. تارىختا داڭدار كېزىپ تەكشۈرگۈچى سۇدخودىن پەقەت لۇپنۇر كۆلىگىچىلا بارالىغان. لېكىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھ-بەرلىكىدە، يېڭى جۇڭگونىڭ بىر ئەۋلات يېڭى ئادەملىرى، ۋەتەنىنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن «ھالاكەت دېڭىزى»غا جەڭ ئېلان قىلدى.

شۇ چاغدا خۇاڭ خاۋ بىلەن شۆيىڭشۈەن دۇيجاڭلىقىدى-دىكى 505 - گراۋىي ماگىنىت كۆچى ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك چارلاش بىرلەشمە دۇيى ئۈچ گۇرۇپپىدىن تەركىپ تاپتى. لى چۈەنيۇ ئىككىمىز بىر گۇرۇپپىغا يېتەكچىلىك قىلدۇق.

ئىنتايىن چوڭ بولاتتى. كۈندۈزى قىزىپ كەتكەندە پۇتنى كۆيدۈرەتتى. كېچىدە يەنە ئورمالسىز قاتتىق سوغۇق بولاتتى. كۆپچىلىك ئاچ قورساق بولسىمۇ يۈگۈرۈپ ئىسسىنىشقا توغرا كېلەتتى، كېچىدە يەنە ئوت يېقىپ ئاللاقىلىشاتتۇق. ئۇنداق بولمىغاندا ھاياتىمىزغا خەۋپىمۇ بولاتتى.

گراۋىي ماگنىت ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك ئۆلچەپ چارلاش بىرلەشمە دۈيى قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە خىزمەت قىلىشۋاتقانلىقتىن، سۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. خىزمەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سۇنى تېجەپ ئىشلىتىشكە توغرا كېلەتتى. كۆپچىلىك چىش چايقىمايتتى، يۈزىنى يۇمايتتى، كىيىم يۇيۇشتىن كەپ ئىچىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، سۇ يەنىلا يەتمەيتتى. بىز قۇمۇش ئۆسكەن ئويمان يەرلەرگە دۈچ كەلسەكلا سۇ قودۇقنى قېزىشقا تەكشىلەيتتۇق. ئادەتتە 2.5 مېتىر ئەتراپىدا قازغاندا ئاران سۇ كۆرۈنەتتى. سۇ تۇزلۇق بولۇپ تۆگىلەر ئىچىشقىلا بولاتتى، ئەلۋەتتە، قېزىپ سۇ چىقىرالمىغان چاغلىرىمىزمۇ بولدى. بىر قېتىم يەتتە كۈن قېزىپمۇ سۇ چىقىرالمىدۇق. تۆگىلەر ئۇسسۇزلۇقتىن بوزدايتتى. ئەڭ ئاخىرىدا تارىم دەرياسىغا كەلگەندە بىر تۆگىنىڭ 11 چېلەك سۇ ئىچكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

ئىلگىرىلەش يولىمىزنى گەرچە ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىقلار قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋەتەن ئۈچۈن چوڭ نېفىتلىك تاپماقچى بولغان بىزدەك چارلاش خادىملىرى ئۇنى يەڭدۇق.

سەھەردە قوپاتتۇق. ئاشپەز يۇسۇپ بىزگە ئەتتىگەنلىك تاماق-
نى تەييارلاپ تۇراتتى. تاماقتىن كېيىن ئىككىدىن موما
بىر باكلۇشكىدىن سۇ ئېلىۋالاتتۇق. بۇ بىزنىڭ چۈشلۈك تا-
مىقىمىز بولاتتى. بىز نەچچە ئون جىڭلىق ئېغىرلىقتىكى ئەس-
ۋاپلارنى كۆتۈرۈۋېلىپ بىر قەدەم، بىر قەدەملەپ مېڭىپ، بىر نۇق-
تا، بىر نۇقسىلاپ ئۆلچەيتتۇق. يېرىم ئاي شەكلىدىكى قۇم
بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئېگىز-
لىكى يۈز مېتىردىن نەچچە يۈز مېتىرغىچە يېتىپ بېرىپ،
قۇملۇق يۇمشاق بولغانلىقتىن بىر قەدەم ئىلگىرىلىسەك يېرىم
قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ، بارلىق كۈچىمىزنى سەرپ قىلساق-
مۇ ئانچە يىراققا بارالمايتتۇق. قۇملۇقتا بوران چىقسا،
قاپقارا بىر تام ئۆرۈلۈپ كېلىۋاتقاندەك كېلەتتى. بۇ
چاغدا كۆپچىلىك ئالدى بىلەن ئەسۋاپلارنى ئوبدان يۆگەپ،
ئاندىن كىيىملىرى بىلەن باشلىرىنى يۆگەپ يېتىۋېلىپ، بو-
راننىڭ ئۇچۇرۇپ كېتىشىگە تاقابىل تۇراتتى. بوران توختى-
غاندىن كېيىن يۈزكۆزلىرىمىز قۇم بىلەن توشۇپ، چايناساق قۇم-
نىڭ «كاراچ - كاراچ» قىلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كەچقۇ-
رۇن بىر كۈن كەچكىچە ھېرىپ - چارچىغان ئادەملەر قازانغا
ئوچاق ياساپ تاماق ئەتكىلى تۇراتتى. بەزىدە توپ - توغرا
تاماق ئېتىۋاتقان چاغدا بوران چىقىپ كېتىپ، بىر كۈن كەچ-
كىچە قوسىقى ئاچقانلار، قاتتىق ناننى غاجىلاپ قوساقلىرىنى
تويدۇراتتى. قاتتىق بورانغا دۈچ كەلسە تۆگىلەرمۇ ئادىشىپ
كېتەتتى. بىر كۈنى كەچتە تۆگىلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدۇق.
كېچىدە تالادا توڭلاپ غال - غال تىترىدۇق، مانا بۇ ئاتال-
مىش «تۆەنجاڭ بولۇش» (توڭلاپ كېتىپ غال - غال تىترە-
رەشكە قارىتىلغان) ئىدى. قۇملۇقنىڭ تېمپېراتورا پەرقى

ئىسپاتلىدى. بۇ بىرلەچچە ستروكتۇرا چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش يىللىرىدا بايقالغانلىقتىن، بۇنىڭدىكى ئېغىرلىق كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى نۇقتىلىرىغا سەكرەپ ئىلگىرىلەش 1 - نومۇرلۇق، سەكرەپ ئىلگىرىلەش 2 - نومۇرلۇق دەپ رەت نومۇرلىرى قويۇلدى.

بىز ئىنتايىن ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. پارتىيە، خەلق ئۇنىڭغا يۇقىرى باها بەردى. 1958 - يىلى 10 - ئايدا نېفىت مىنىستىرلىقى قارامايدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى نېفىت سىستېمىسىدىكىلەرگە نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى. يۇچيۇلى بىلەن كاڭ شىئېن مىنىستىر «جەسۇر نېفىتچى خادىملار» دېگەن سۆز يېزىلغان ئىككى مېتردىن ئارتۇق كېلىدىغان لەۋھەنى بىزگە ئۆز قولى بىلەن تەقدىم قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىلغار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 1959 - يىلى 3 - ئايدا مەن دۈيدىكىلەرگە ۋاكالىتەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈرۈمچىدە ئاچقان قەھرىمانلارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ۋە ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشتىم. يۈەن شيۇرۇڭ بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك ئاياللار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى. جاۋ خۇڭچۈەنمۇ بېيجىڭدىكى مەملىكەتلىك ياشلار ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشتى. 1959 - يىلى مەن يازغان «تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى بويسۇندۇردۇق» دېگەن كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى.

1986 - يىلى 10 ئاينىڭ 20 - كۈنى
يۇسكام نېفىت بازىسىدا يېزىلدى

قابدىس ئىمىكى تەرجىمىسى

## نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش

بىز كېرىيە بىلەن نىيەنىڭ ئارىلىقىدىكى جاڭگالدىن
يولغا چىقىپ، بىرىنچى لېنىيىنى ئۆلچەش ئۈچۈن قۇملۇقتا
45 كۈن مېڭىپ، 550 كىلومېتىر يول بېسىپ، ئەڭ ئاخىرىدا
شايار ناھىيىسىدىن چىقىپ، ئادەم دەسسەشكە پېتىنالمىغان
تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى بويسۇندۇردۇق. بىزنىڭ گۇرۇپپا
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قۇملۇقتىن ئۈچ قېتىم كېسىپ ئۆت-
تى. باشقا گۇرۇپپىلارمۇ غەلىبىلىك كېسىپ ئۆتتى، پۈتۈن
دۇي قۇملۇقنىڭ مەركىزىگە توققۇز قېتىم كىرىپ، توققۇز
قېتىم چىقتى. مۇشۇنداق قىلىپ بىز بىر لىنىيە - بىرلىنىيەدىن
ئۆلچەپ، بىر سان - بىر ساندىن قاراپ چىقىپ، قىيىنچىلىق-
لارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ، تومەنلىگەن سانلىق ئاساسنى
قولغا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئادەم بىلەن تۆگىلەرنىمۇ
ساق - سالامەت ئېلىپ چىقتۇق.

بىز قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللارنى رەتلەپ ھېسابلاش
ئارقىلىق گراۋىي ماگنىت كۈچى ئارقىلىق خەرىتىسىنى سىزىپ
چىقىپ، بىرنەچچە گىراۋىي ماگنىتلىق ئىگىزلىك نۇقتىسىنى
بايقاپ، يەر ئاستى بىر خىل ستروكتۇرا ئىمكانلىكىنى ئاي-
دىڭلاشتۇردۇق. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان فىزىكىلىك
چارلاش ئىدارىسىنىڭ قۇملۇقنى چارلاش ئەترىتى يەر تەۋ-
رىنىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، تەكلىماكان چوڭ قۇملۇقىنى
يەنە بىر قېتىم توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ خىزمەت قىلغاندا،
بۇنداق ستروكتۇرىلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىنى ئىسپاتلىدى.
شۇنداقلا، قايتا - قايتا تەتقىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش ئار-
قىلىق ئىنتايىن ئۈمىدلىك نېفىتلىك ستروكتۇرا ئىمكانلىكىنى

تۇرغاندىن كېيىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۈينىڭ ماشىنىسغا ئولتۇرۇپ چىڭغىس تېغى ئېتىگىدىكى قارامايغا كەلدۇق.

ئەينى چاغدىكى قاراماي بىر ئېغىز ئۆي، بىر تۈپ دەرەخ يوق. ھەتتا ئۇچار قۇشنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان، پەقەت شالاڭ ئۆسكەن سۆكسوكلا بولىدىغان قاقاس قۇملۇق ئىدى. بۇ جايدا دائىم بوران چىقىپ، قۇملارنى ئۇشۇرتۇپ تۇرغانلىقتىن چېدىرنىمۇ تىككىلى بولمايتتى، چېدىرنى ئاران تىكىپ قويساڭ، قاتتىق بوران چىققاندا پارە ـ پارە قىلىپ يىرتىپ ئۇرۇۋېتەتتى. شۇڭا پەقەتلا يەر كەمىدە يېتىشقا توغرا كېلەتتى. كەمە چېدىرغا قارىغاندا خېلى ياخشى ئىدى. كەمنى ئىككى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا قېزىپ، ئۈستىگە بىرنەچچە تال پەنزىنى لىم قىلىپ توغرىسىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش بورىلارنى يېپىپ، تۆپىگە قېلىن بىر قەۋەت لاي ياتقۇزىلاتتى. ئۆينىڭ ئۆگىزىسى يەردىن ئاران 1 ـــ 2 چى ئىگىز كۆتىرىلەپ كۆرۈنۈشتە كۆرۈنمەس كۆرۈنەتتى. لېكىن شامال ئۆتمەيتتى، كۈن چۈشمەيتتى، يازدا ناھايىتى سالقىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى دالادىكى «ئېسىل سارايلار» ئىدى. دۈيىمىز جەمئىي ئالتە كەمە كولىدى. كەمىنىڭ چوڭ ـ كىچىكى بولاتتى. كىچىكىگە ئىككىدىن، چوڭىغا 3 ـــ 5 دىن ئارتۇق ئادەم ياتاتتى. مەن بىلەن يولداش خاۋلىڭ ئىككىمىزنى كىچىك كەمىگە يېتىشقا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ يەردە تۆت ئايلىق دالا پراكتىكا تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزدۇق.

## قىزىقارلىق دالا تۇرمۇشى

بىز دۈيگە بارغاندىن كېيىن دۈيجاڭ يولداش جاڭ كەي بىزگە قارامايىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئەھۋالىنى ۋە دۈينىڭ ۋەزىپى-

# دالا چارلاش تۇرمۇشىدىن تەرمىلەر

## گو ۋېيخۇي

1955 ـ يىلى ياز، مەن گېئولوگىيىلىك چارلاپ تەكشۈرۈش 1/55 دۈيگە ئەگىشىپ قاراماي‌غا بېرىپ، ئۇنتۇلماس بىر مەز- گىللىك دالا تۇرمۇشىنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. ئۇ چاغ مەن مەكتەپتىن چىقىپ، جەمئىيەتكە قەدەم تاشلىشىمنىڭ باشلىنىشى ئىدى. ئىنقىلابىي ئىرادىنى تاۋلايدىغان ئوچاق ئىدى. مېنىڭ ھايات يولۇمدىكى باسقان مۇستەھكەم بىرىنچى قەدىمىم ئىدى. بۇ يەردە ئەسلەيدىغىنىم ئەينى يىللاردىكى دالا تۇرمۇشىدىكى تەرمىلەردىن ئىبارەت.

### كونا قاراماي ئېتىكىدىكى گەمىلەر

ئۇ 28 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ئىشلار ئىدى. بىز غەر- بىي شىمال نېفىتلىكىنى ئېچىشقا ئىرادە باغلىغان بىر تۈركۈم ياشلار غەربىي شىمال داشۆسىنى پۈتتۈرۈپ، 20 نەچچە كۈن- لۈك ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچى- گە كەلدۇق. مەن يەنە بىر قىز ساۋاقدىشىم يولداش خا ۋېلىڭ ئىككىمىز 1/55 دۈيگە پراكتىكا قىلىشقا تەقسىم قىلىندۇق. بۇ- دۈي قاراماي‌دا گېئولوگىيىلىك باكتېرىيە ئارقىلىق ئۆلچەش ئې لىپ بارىدىغان دالا ئەترىتى ئىدى. بىز نۇرباغدا بىر نەچچە كۈن

تاغلىرى پاكار، ساي - جىلغىلىرى تېيىز. سايلىرىدىن ماشىنا
قاتناۋىرىدۇ. ھەر كۈنى ئەتىگەن ئىشقا چىققاندا ماشىنا
بىزنى ئىش مەيدانىغا ئاپىرىپ قويۇپ، كەچتە سائەت ئالت-
تە ئەتىراپىدا دۆيگە ئېلىپ قايتىدۇ. ماشىنىمىز ئادەتتە
يېرىم ئايدا بىر قېتىم سۇ ئەكىلىدۇ، بىر ئايدا بىر قېتىم
ئاشلىق يەتكۈزىدۇ، بىر دەپتەردە بىر قېتىم كۆكتات سېتىپ
ئەكىلىشكە بارىدۇ. ماشىنا سىرتقا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا
ئىش ئورنى، قانچىلىك يىراق بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ «11 -
نومۇرلۇق» ماشىنىمىزغا تايىنىپ بارىمىز. دالادىكى چۈشلۈك
دەم ئېلىش بەكمۇ قىزىقارلىق بولاتتى. چۈش ۋاقتى سائەت
12 ئەتىراپىدا تاماق يېيىشكە ئولتۇرىمىز. چۈشلۈك غىزامىز-
مۇ ناھايىتى ئاددىي، چاقماق قەنتنى قوشۇپ موما يەپ،
ئاخىرىدا ئازراق سۇ ئىچەتتۇق. 8 - 9، - ئايلاردا چۈشتە ئىنت-
تايىن ئۇسساپ، كەلۈكلىرىمىز يېرىلىپ، گېللىرىمىز قۇرۇپ
كېتەتتى. بىر باكلوشكا سۇ يەتمەيتتى، شۇڭا بەزىدە چوڭ
تاۋۇزدىن بىرنى كۆتىرىۋېلىپ ئاپىرىپ ئۇسسۇزلۇق قاندۇرات-
تۇق. تاۋۇز شىرىنى بەكمۇ تاتلىق ھېس قىلىنىپ، تەمى
ئېغىزدىن كەتمەيتتى. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن
ھەركىم ئۆز ئالدىغا دالدا جاي تېپىپ دەم ئالاتتۇق. قۇياش
ئۈستىمىزدىن ئوتتەك قاقلاپ، قۇملۇقتىن قىزىق ھاۋا ئۆر-
لەيتتى. ئەگەر تومۇز ئىسسىق ئوچاقتىكى ئوتتەك بولىدىغان
8 - ئايغا دۇچ كېلىپ قالساڭ، بىرەر سايە بولىدىغان جاي
تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ ناھايىتى تەس بولاتتى. بەزىدە بىرەر
كىچىك ئېرىق تېپىپ، قىرغىقىغا چاپىنىمىزنى يېيىپ، ئاپتاپقا
سايە قىلىپ بىردەم ئۇخلايتتۇق ياكى بىرەر چوڭراق سۆك-
ۆكنى تېپىپ، ئۈستىگە كېيىم يېيىپ «كىچىك لاپاس» يا-

سىنى تونۇشتۇردى. 55/1 دۇي قاراماي گېئولوگىيە دۇيى بو-
لۇپ، ئاساسىي ۋەزىپىسى قارامايدىكى 350 كۋادرات كىلومې-
تىر كېلىدىغان ھەجىمگە گېئولوگىيىلىك باكتېرىيە ئارقىلىق ئۆل-
چەش ئېلىپ بېرىش، ئەڭ ئاخىرىدا چارلاش قۇدۇقىنىڭ ئورنى-
نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. پۈتۈن دۇيدە جەمئىي 12 ئادەم بولۇپ،
دۇيجاڭىمىز 1953 - يىلى بېيجىڭ گېئولوگىيە شۆيۈەنىنى پۈتتۈر-
گەن. ئىككى يىلدىن ئارتۇق گېئولوگىيىلىك چارلاش تەجرىبىسىگە
ئىگە. مۇشۇ رايوننىڭ گېئولوگىيە، يەر قاتلىمىنىڭ جايلىشىش
ئالاھىدىلىكى، ستروكتورا (تۈزۈلمە) ئەھۋالى قاتارلىقلارغا
ناھايىتى پىششىق. دۇيدە بىر 63 ماركىلىق گاز ماشىنا بار.
ئەينى چاغدىكى بەلگىلىمە بويىچە، دۇيجاڭ ئۆلچەش ۋەزىپىسى-
نىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئورۇنداش، قالغان ئۈچتىن ئىككى
قىسمىنى ھەرقايسى گېئولوگىيە خادىملىرى بۆلۈشۈپ ئورۇندىشى
كېرەك ئىدى. 55/1 گېئولوگىيە دۇيىگە ماسلىشىپ خىزمەت قى-
لىدىغان يەنە بىر ئۆلچەش دۇيى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى:
قاراماينىڭ يەر شەكلى خەرىتىسىنى ئۆلچەش، ئاندىن بىز ئۇ-
نىڭغا گېئولوگىيىلىك خەرىتىسىنى تولدۇرىمىز. بىر پارچە، بىر
پارچىدىن تولدۇرۇپ، ئاندىن ئۇنى قۇراشتۇرۇپ چوڭ بىر
گېئولوگىيىلىك يەر شەكلى خەرىتىسى قىلىپ ئىشلەپچىقىمىز. پۈ-
تۈن دۇي ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈندۇق. ھەر كۈنى تاڭ سەھەر-
دە كېتىپ، كەچ قايتىپ، قۇم بورانغا، ئوتتەك ئىسسىققا قار-
ماي، قاراماي رايونىدا تاغقا يامىشىپ، ساي - جىلغىلاردىن ئۆ-
تۈپ، قۇملۇقنى كېزىپ، چارلاش ئېلىپ باردۇق.

قاراماي - جايىر تېغىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ،
تاغ ئېتىكىگە يېقىن جايلىرىدا بەزى ئېچىلما بولغاندىن
سىرت، قالغان كۆپ قىسىم يەرلىرىنىڭ ھەممىسى قۇملۇق

كىيە خىزمىتىنى ئىگەللىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغان تۇنجى
ئۇستازىمىز، ئۇ 1954 - يىلى غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ گې-
ئولوگىيە فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، بىر يىلدىن كۆ-
پرەك دالا خىزمىتى تەجرىبىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ بو-
يى ئانچە ئېگىز بولمىغان بولۇپ، بىر ئاز دوغىلاق كورۇ-
نەتتى، لېكىن ناھايىتى قاۋۇل ساغلام بولۇپ، يول يۈرگەن-
دە بەك تېز ماڭاتتى. ئۇ ناھايىتى سەمىمىي، خىزمەتتە ئەس-
تايىدىل، كەسپچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، گېئولوگىيە خىزمىتىنى
قىزغىن سۆيەتتى. دەسلەپكى قېتىم دالىغا چىققاندا، بىز كۆز-
نى قاماشتۇرىدىغان خىلمۇ - خىل تاغ جىنسلىرىنى ۋە ھەر
خىل ھەر شەكىلدىكى تۈزۈلمىلەرنى كۆردۇق. بۇنى كىتاپ-
تىكى بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. ھەرخىل تاغ جىنس-
لىرى ۋە گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەرنىمۇ پەرق ئەتكىلى بول-
مايتتى. جۇ روييىڭ ئۇستىمىز بىزگە دالا ئەمەلىيىتى بىلەن
بىرلەشتۈرۈپ، قۇم جىنسى، گىلتاش (لايلىق جىنس)، قۇرام
تاش، سېغىزلىق قۇم، سىنكلىنال، ئانتىكلىنال، نورمال ئۆ-
زۈك قاتلام، تەتۈر ئۈزۈك قاتلام...... قاتارلىقلارنى قانداق
ئايرىش كېرەكلىكىنى ئۆگىتەتتى. ھەر قېتىم بىر ئورۇنغا
بارغاندا، ئۇ بىزگە گېئولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى ئايرىشنى
سەۋىرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپ يېتەكچىلىك قىلاتتى. كې-
يىن ئۇ بىزگە يەنە تاغ جىنسلىرىنى قانداق تەسۋىرلەش
گېئولوگىيىلىك ئۇقۇملارنى قانداق خاتىرىلەش، گېئولوگىيە-
لىك كەسمە يۈزنى قانداق ئۆلچەشنى ئۆگەتتى. بىز ئەمە-
لىيەت داۋامىدا بىر قەدەم بىر قەدەمدىن ئۆگەندۇق. بىر
ئايدىن كۆپرەك پراكتىكا قىلىش ئارقىلىق بىز ئەۋرىشكە
يىغىش، جىنس خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەش، يانتۇ يۈلۈك

ساپ، بىردەم يېتىپ ئۇخلىۋېلىپ، ئورنىمىزدىن تۇرۇپلا گېئولوگىيە ئەسۋاپ سالغان يۈككەلىرىمىزنى ۋە باكاۋشكىلىرىمىزنى كۆتىرىۋېلىپ خىزمەتنى داۋاملاشتۇراتتۇق. قارامايىنىڭ ساي جىلغا ياكى تۆپىلىك قۇملۇقلىرىدا ئوت - چۆپ، دەل - دەرەخ بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممە يەردە قۇرغاقچىلىققا چىداملىق بولغان سېكسەۋىل ئۆسەتتى. ئادەتتىكىسى 2 — 3 چى ئېگىزلىكتە، ئەڭ چوڭى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، بىزنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشتا سورۇن قىلىدىغان، «چوڭ دەرىخىمىز» بولاتتى. ھەم دالادا تاماق پىشۇرىدىغان بىردىنبىر يېقىلغۇ بولاتتى. ھەر 7 — 8 كۈن ئارىلاپ بىر قېتىم بىرنەچچە باغلام سۆكسەۋىل يىغىپ كېلىپ، تاماق ئېتىشقا ئىشلىتەتتۇق. قۇملۇقتا يەنە توپ - توپ جەرەن يولۇقاتتى. 7 - ئاينىڭ بېشىدا بىر كۈنى سوۋېت مۇتەخەسسىسى نىيغېيدوۋا قاتارلىق يولداشلار دۇيگە خىزمەت تەكشۈرۈشكە كېلىۋاتقان يولدا بىر جەرەن ئېتىپ دۇيگە ئەكىلىپ، كۆپچىلىك ئىككى ۋاخ راۋۇرۇس غىزالىنىپ، دالا تۇرمۇشىمىزغا ئالاھىدە تۈس كىرگەنتى.

## تۆتىنچى دەرس

ئاۋۋال مەكتەپتە بەزى بىر گېئولوگىيە نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەنىدۇق، لېكىن رەسمىي كىرىشىپ، گېئولوگىيە خىزمەت ئۇسۇلىنى ئىگەللىشىمىز، يەنىلا قارامايغا كېلىپ دالا پراكتىكىسى قىلغاندىن كېيىن بولدى. خاۋلىن ئىككىمىز تەتقىقاتكە كەلگەندىن كېيىن، جۇ رۈيمىڭنىڭ كۆرسەتمىسىدە پراكتىكا قىلىشقا تەقسىم قىلىندۇق. جۇرۈيمىڭ بىزنىڭ گېئولو-

دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە مەن بىلەن بىللە ئەسلىدىكى جايغا بېرىپ قېرىنداشنى تاپقاندىن كېيىن قايتتۇق. شۇنىڭدىن كېيىن مەن قاتتىق دىققەت قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىمنى كۈچەيتتىم، ھەركۈنى ئىش يىغىشتۇرغاندا ئىنىچىكىلىك بىلەن بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، قاتتىق ئەستايىدىل بولۇشتەك ئىستىلنى تەدرىجىي يېتىلدۈردۈم. بىزنىڭ يازغان خاتىرىلىرىمىز رەتسىز بولۇپ قالغاندا، ئۇ قايتىدىن يېزىشىمىزنى تەلەپ قىلاتتى، بىزنىڭ قىلمىلىقنى ھېسابلاش ئۇسۇلىمىز توغرا بولمىغاندا ياكى خاتا ھېسابلىغاندا، ئۇ قايتىدىن ھېسابلاپ بىزگە ئۆگىتەتتى، بىز خەرىتە تولدۇرۇپ، نۇقتىلارنى تاللىيالمىغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ بىزگە ھەرخىل ئەھۋال ئاستىدا نۇقتىنى قانداق تاللاش، خەرىتىنى قانداق تولدۇرۇشنى ئۆگىتەتتى؛ بىز گېئولوگىيە خەرىتىسىنى ياخشى جوپلىيەلمىگەندە، ئۇ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتەتتى. يولداش جۇرۇيمىڭ بىزگە تۇنجى دەرسنى ئۆتتى، ئۇ بىزنىڭ ياخشى ئۈلگىمىز.

## قىممەتلىك سۇ

قارامايدا سۇ مەنبەسى يوق، بىز ئىچىدىغان ۋە ئىشلىتىدىغان سۇلار 70 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شۆگەيدىن ئەكىلىنەتتى. ئەترەتتە 200 لىترلىق 7 — 8 چوڭ بېنزىن تۇڭى بولۇپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس سۇ قاچىلىناتتى. ھەر 10 — 15 كۈندە بىر قېتىم ماشىنا بىلەن شۆگەيدىن سۇ ئەكىلەتتۇق. سۇنى ئەكىلىش ئاسان بولمىغاچقا، بىز ئۇنى ناھايىتى ئەتىۋارلاپ ئىقتىسادچانلىق بىلەن ئىشلىتەتتۇق. بىز يېگىمىدىن

بۇزۇلۇشىنى ئۆلچەش، قېلىنلىقىنى ھېسابلاش، گېئولوگىيەلىك ھادىسىلەرنى خاتىرىلەش، گېئولوگىيە خەرىتىلىرىنى تولدۇرۇش قاتارلىق دالا خىزمەت ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئۇ بىز ئىگىلىگەنگە قىزغىن ياردەم بېرىپ قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ھەم دادىل ئىشلىتەتتى، بىز بەزى خىزمەت ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگەللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يۈرەكلىك ھالدا بىزنىڭ ئۆز ئالدىمىزغا قول سېلىپ ئىشلىشىمىزگە يول قوياتتى. بىزنىڭ گۇرۇپپىمىزنىڭ ئۈچ ئايلىق ۋەزىپىسى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئورۇندالدى. ئۇ خىزمەت ئارىلىقىدىكى بوش ۋاقىتلاردا ياكى ماشىنا ساقلىغان ۋاقىتلاردا، بىزگە دائىم چارلاش خىزمىتىنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ «دالىدا گېئولوگىيە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش، كۆرۈنۈشتە ناھايىتى جاپالىق، لېكىن ناھايىتى ئەھمىيەتلىك. نېفىت ـ سانائەتنىڭ قېنى، دۆلەت ئۈچۈن نېفىت ئىزلەش، بۇ بىزنىڭ شەرەپلىك مەجبۇرىيىتىمىز. بىز چارلاپ چىققان جايلارنىڭ ھەممىسى، دۆلىتىمىزنىڭ گېئولوگىيە ساھەسىدىكى بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ، ئېلىمىزنىڭ نېفىت ئىشلىرى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇش، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش» دەيتتى.

يولداش جۇ رۇيمىڭ بىزگە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، قاتتىق تەلەپ قويۇپ ئۆگىتەتتى. بىر قېتىم كەسمە يۈزنى ئۆلچەپ بولۇپ، ئىشنى يىغىشتۇرۇپ ئەتىرەتكە قايتىش يولىدا، مەن گېئولوگىيە سومكامنى ئاختۇرۇپ، قېرىنداش بىلەن ئۆچۈرگۈچنىڭ ئىش ئورنىدا ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. جۇ رۇيمىڭ «قايتىپ بېرىپ ئىزدەپ باقايلى بۇندىن كېيىن ئىش يىغىشتۇرغاندا ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈڭلار»

## باياۋاندىكى «ئۈچ زىيانداش»

ئەينى چاغلاردا قارامايدا ئادەم، سۇ يوق قۇشلارمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايتتى، لېكىن سالجا، پاشا، چېۋىندىن ئىبارەت 3 چوڭ زىيانداش بار ئىدى. بىز ھەر ۋاقىت ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچۇراپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ تۇراتتۇق.

بىرىنچى زىيانداش سالجا (كانا) قۇرتىنىڭ شەكلى چۈ- مىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن چوسا ئەمەس، چۈشىدىن سەل كىچىك بولۇپ، قوڭۇر رەڭلىك، ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى شۇكى ئۇ ئادەمنى چاققاندىن كېيىنكى ئاغرىقنى دېمەي تۇرايلى، بېشىنى ئادەم گۆشىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالسا چىقار- غىلى بولمايدۇ، تارتسا بېشى تېرە ئىچىدە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.

ئىككىنچى زىيانداش پاشا بولۇپ، بۇ يەردىكى پاشا ئالاھىدە چوڭ، ئۇنىڭ جىقلىقىدىن ئادەمنىڭ قىزىقىسى كې- لىدۇ. ئۇلار دائىم بىر توپ، بىر توپ بولۇپ سۆكسۆكلارنى قورشاپ يۈرىدۇ. ئۇلارغا تېگىپلا كەتسىڭىز، خۇددى ھەرى- گە ئوخشاش سىزگە قاراپ ھۇجۇم قىلىدۇ. ھەر كۈنى گۈگۈم ۋاقتىدا بىر توپ بولىشىپ، غىڭ-غىڭ قىلىشىدۇ. بولۇپمۇ كەچلىك تاماق يېگەندە، كېلىپ چاقاتتى، لېكىن بىز ئۇنىڭ- غا ئادەتلىنىپ قالدۇق، دائىم قاچىنى كۆتۈرىۋېلىپ بىر تە- رەپتىن مېڭىپ، بىر تەرەپتىن پاشىنى ئۇرۇپ، بىر تەرەپ- تىن تاماق يەيتتۇق. سىرتتىن كەلگەن ئادەم، پەقەت چىدىيال- مايتتى. بىر قېتىم باش گېئولوگ دۇبوسىن خىزمەت تەكشۈر- گىلى كەلگەندە تاماقنىمۇ خاتىرجەم يېيەلمەي، ئاخىرى ئۆزى ياسىۋالغان پاشىلىقنى كىيىپ تاماق يېدى. پاشىنىڭ كاشىلىسىدا

ئەتىرەتكە كەلگەن ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن سۇنى ئىسراپ قىلماي ئىشلىتىشنى تاپىلىدى. ئادەتتە يۈز يۇغاندا جاۋۇر ئىشلىتىلمەيتتى. ئەتىرەتتە مەخسۇس ئاق قەلەيدىن ياسالغان، ئىككى كۈرۈشكا سۇ قاچىلىغىلى بولىدىغان چۆگۈن ياسالغان بولۇپ، ياغاچ تۈۋرۈككە ئېسىپ قويۇلاتتى، كىم يۈزىنى يۇسا چۆگۈننىڭ چۈمەكىنى يۇقىرىغا بىر كۆتەرسە، سۇ ئۆزلىكىدىن قولغا چۈشەتتى. يۈزنى ئىككى سىقىپلا بولدى قىلاتتۇق. يۇيۇنىدىغان يېرىمىزمۇ ناھايىتى ئاددى بولۇپ، بىر ئازگالنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە تۈۋرۈك قېقىلىپ، ئەتراپى قومۇش بىلەن توسالغانىدى. لەمپە ئىچىدىكى تۈۋرۈككە بىر كونا بېنزىن تۇڭى سۇ ئوقۇرى قىلىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاددىغىنە سۇ پۈركۈگۈچ ئورنىتىلغان. ئەگەر كىم يۇيۇنسا ئازراق سۇ ئىسسىتىپ سۇ ئوقۇرىغا قۇيسىلا بولاتتى. سۇنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن، بىز سىرتقى كىيىملىرىمىزنى ئادەتتە ئون نەچچە كۈندە بىر قېتىم يۇياتتۇق، كۆپچىلىك ناھايىتى ئاكتىپ بولۇپ، ھېچكىم سۇنى كۆپ ئىشلىتىشنى خالىمايتتى. شۇ چاغدا سۇنى ھەممىدىن بەك ئىقتىساد قىلىدىغان كىشى، يەنىلا بىزنىڭ ئۇستازىمىز جۇ رۇيمىڭ ئىدى. بىز ئۇنىڭ سىرتقى كىيىملىرىنى يۇغۇنىنى پەقەتلا كۆرمىدۇق. ئۇ: سىرتتا يۈرىدىغان ۋاقىت 5 ئاي ئەتراپىدا بولىدۇ، سۇ بۇنداق قىس تۇرسا، سەل كىرلەشسەك نېمە بولاتتى، قايتقاندىن كېيىن تازا پاكىزلىۋالساق بولىدىمۇ دەيتتى. شۇڭا ئۇنى بەزىلەر «سۇ ئىقتىساد قىلىش پادىشاھى» دەپ ئاتىۋالدى.

رىنى بىلەلمەي جىددىيلىشىپ كەتتى. شۆگەيگە ئاپىرىش كېرەك-
مۇ، قاراڭغۇ چۈشىدىغانغا ئاز قالدى. بۇنىڭغا ئۈلگىرەلى-
بولمايتتى. مايتاغقا ئاپارسا تېخىمۇ يىراق. شۇ چاغدا مەنمۇ
ناھايىتى قورقتۇم، قارغۇ بولۇپ قېلىپ، خىزمەتنى ئىشلىيەل-
مەسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم. كېيىن كىمدۇ بىرسى ئال-
دى بىلەن ئەتىرەتكە قايتىپ، دورا ساندۇقىدىكى دورىغا
چىلانغان پاختا بىلەن ھۆلدەپ بېقىشنى ئېيتتى. شۇنداق
بىلەن بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، تېزلىك بىلەن ئەتىرەتكە
قايتىپ كەلدۇق. خاۋلىن دورا ساندۇقىنى ئېچىپ، سەرەڭگە
تېلىنىڭ بىر ئۇچىغا دورىغا چىلانغان پاختىنى ئوراپ، قاپ-
قىمنى قايرىپ تۇرۇپ، چىۋىن لىچىنكىسىنى بىر - بىرلەپ
ئېلىپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈم يەنە ئىككى كۈن ئىش-
شىدى، ئاڭلىساق خوشنا 2/55 ئەتىرەتتىكى بىر يولداشنىڭ
كۆزىگىمۇ چىۋىن لىچىنكىلاپ قويۇپتۇ. بۇ قانداق ئىش؟ بىز
بۇنى كېيىن ئاندىن بىلدۇق، ئەسلىدە ھاۋا قۇرغاق بولغاچ-
قا، چىۋىن ئۇچۇپ كېتىۋېتىپ نەملىنىپ تۇرغاق كۆزگە يو-
لۇققاندا، دەرھال لىچىنكا تاشلايدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بىز
دالا خىزمىتىدە ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، چىۋىننىڭ تۇيۇقسىز
ھۇجۇمىدىن ھەر ۋاقىت مۇداپىئەلىنىپ تۇرىدىغان بولدۇق.

## گويا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش

بىزنىڭ بۇ ئون نەچچە كىشىدىن تەركىب تاپقان گې-
ئولوگىيە ئەترىتىمىز ئۈچ مىللەتتىن تەركىب تاپقان بىر
جەڭگىۋار كوللېكتىپ ئىدى. ئەتىرەتتىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى
خەنزۇ، يەنە ئىككى ئۇيغۇر ۋە بىر خۇيزۇ ۋاقىتلىق ئىشچى

كەچتە ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايتتى، تاماقنى يەپ بولۇپ، بالدۇرلا پاشىلىق ئىچىگە كىرىپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. يولداش خاۋلىن پاشىدىن بەك قورقاتتى. ئۇ ھەر كۈنى كېچىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ، پىرژىكتىرنى يېقىپ تې-رۇپ پاشىلارنى ئۆلتۈرەتتى، لېكىن پاشىنىڭ چېقىشىدىن قۇتۇلالمايتتى، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى پاشا چېقىپ قىپقىزىل ھۆررەك قىلىۋېتەتتى، كېيىن بۇ يەرلەر ياللۇغلىنىپ يىرىڭداپ كەتتى، ئەتىرەتنىڭ كىچىك دورا ساندۇقى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلالمىغانلىقتىن ئۇنى شۆگەي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى سەھىيە پونكىتىغا ئۈچ قېتىم ئاپىرىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاران ساقايدى.

ئۈچىنچى زىيانداش قارا چىۋىن، قاراماي كەرچە قۇرغاق بولۇپ ئوت-چۆپ ئۆسمىسىمۇ، لېكىن بەزى چاغلاردا چوڭ-چوڭ قارا چىۋىنلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. بۇ خىل چىۋىنلەر ئادەمنى بەكمۇ بىزار قىلاتتى. ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسىڭىزمۇ ياخشى، ئەگەر بىرلا چېقىلىپ قويسىڭىز، ئۆزىڭىزگە ئىش تېپىۋالىسىز. 7-ئاينىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىز ئىش ئورنىدا ئانتىكلىنال كۆرۈۋاتاتتۇق، تۇساتتىن بىر چىۋىن مېنىڭ ئالدىمدىن ئۇچۇپ ئۆتتى، مەن قولۇم بىلەن بىرنى ئۇردۇم، دەسلەپتە مەن كۆزۈمنىڭ ئىچىدە قۇم بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. لېكىن ئۇكىلاپ چىقىرالمىدىم، ئۇكىلىغانسېرى قىينىلىپ كېتىۋاتاتتىم. خاۋلىن كۆزۈمنىڭ ئىچىدىكى قۇمنى چىقىرىۋېتەي دەپ قاپىقىمنى قايرىپ بىر قاراپلا قورقۇپ كەتتى. ئۇ چۆچىگەن ھالدا «كۆزۈڭنىڭ ئىچىدىكى چىۋىن ئىچىنىكىسى ئىكەن» دېدى. شۇ چاغدا كۆپچىلىكمۇ قورقىنىدىن نېمە قىلا-

خەنزۇ دەپ ئايرىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئايال يولداش-لاردىن پەقەت ئىككىمىزلا بولغاچقا، ئۇلارنىڭ كىيىملىرى يىرتىلىپ كەتسە تىكىپ - ياماش، تەبىئىي ھالدا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولۇپ قالغانىدى. 8 - ئاينىڭ باشلىرىدا بېي-جىڭ گېئولوگىيە شۆيۈەنىنىڭ ئاسسىستېنتى شۇ خۇدىدا بىر ئوغۇل، ئىككى قىز ئوقۇغۇچىدىن باشلاپ بىزنىڭ ئەتىرەتكە پىراكتىكا قىلغىلى كەلدى. ئەتىرەتكە يېڭىدىن ئۈچ كىشى قو-شۇلغاچقا، دالا تۇرمۇشىمۇ قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. بولۇپ-مۇ شياۋدۇ لەقەملىك ساۋاقداش ناھايىتى شوخ بولۇپ چاخچاقچى ئىدى، ئۇنىڭ خېتى بەك كىچىك بولۇپ، خاتىرىنى ناھايىتى رەتلىك يازاتتى، بىز بىر-لىكتە ئىشلىگەندە، دائىم ئۆزئارا ئۆگىنەتتۇق، ئىشتىن سىرت ۋاقىتلاردا دېيىشمەيدىغان گېپىمىز قالمايتتى، ياكى بولمىسا ئۇ-لار ئۇيغۇر ئىشچىلارغا ئەگىشىپ ناخشا ئۆگىنەتتى، ماتېرىيال رەتلىگەن كۈنلىرى كەچتە كۆپچىلىك بىرلىكتە بىردەم ۋا-لىبول ئوينايتتۇق، پۈتۈن ئەتىرەت ئىتتىپاقلىق دوستلۇق كەيپىياتىغا تولغان بولۇپ، ھەقىقەتەن بىر ئائىلە كىشىلىرىگە ئوخشايتتى.

## چوڭقۇر ساي، كۆللۈك سايىنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئىلگىرى قاراماي ئادەمزات ئاياق باسمىغان جاي بو-لۇپ، چارلاش ئېلىپ بارمىغان، گېئولوگىيە خەرىتىسىدە قۇپ-قۇرۇق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان جايلارنىڭ نامى يوق ئىدى. بىز تۇنجى قېتىم چارلاپ باكتېرىيە ئارقىلىق ئۆلچەش ئې-لىپ باردۇق. نۇرغۇنلىغان نامسىز ساي، نامسىز تۆپىلىكلەرنى

بار ئىدى. ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ بىرسىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن،
يەنە بىرسىنىڭ مەھەممەت ئىدى. خۇيزۇ ئىشچىنىڭ ئىسمى
نىياز ئىدى. ئۇلارنىڭ يېشى چوڭ ئەمەس بولۇپ، ھەممىسى
20 نەچچە ياشتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە سۆز-
لىيەلەيتتى، ئىشتىمۇ ماھىر ئىدى، ئوتۇن ئەكىلىش، ئەۋرىشكە
يىغىش ئەۋرىشكە كۆتۈرۈش، چارلاش خەندەكلىرىنى كولاش
قاتارلىقلارنى تالىشىپ قىلاتتى. ئۇلار كەتمەننى ناھايىتى
ياخشى ئىشلىتەتتى، ھېچقانچە كۈچ سەرىپ قىلمايلا چوڭقۇر
ئازگال قېزىۋېتەتتى. ئەتىرەتتىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارغا
تەڭ كېلەلمەيتتى. ئۇيغۇر ئىشچىلار ناخشا ئېيتىشنى بەك ياخ-
شى كۆرەتتى، بىزمۇ ئۇلارنىڭ ئېيتقان ئۇيغۇرچە ناخشى-
لىرىنى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتۇق. ئۇلار دائىم ئىشنى يىغىشتۇ-
رۇپ قايتقاندا «ئازات جۇڭگو»، «شىنجاڭ ياخشى
جاي» دېگەن ناخشىلارنى ئېيتىشنى ياخشى كۆرەتتى. ناخشا
ئاۋازى چۆل باياۋاندا دائىم ياڭراپ تۇراتتى. بىز مىللىي
يولداشلارنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتۇق، ئۇلارنىڭ ئۆرپ-
ئادىتى بويىچە چوشقا مېيى، چوشقا گۆشى يېمەيلا قالماي،
دالىغا چىقىش ئالدىدا ئۇلارنىڭ ئالدىدا چوقۇم قازانغا سۇ
قۇيۇپ نەچچە ئون مىنۇت قايناتىپ چوشقا گۆشىنىڭ پۇرى-
قىنى چىقىرىۋېتەتتۇق. ئۇيغۇر ئىشچىلار قوي گۆشىگە ئامراق
ئىدى، قوينىڭ بېشى ۋە پۇتىنى سۆكسۆك ئوتىدا ئۇتلەپ
يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ قوي بې-
شىنى ئۇتلەپ كاۋاپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالدۇق، يەپ باققىنىمىز
ئۇنىڭ ھەقىقەتەن تەملىكلىكىنى بىلىمىز. كۆپچىلىكنىڭ ھەممى-
سى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز ئارا
ھۆرمەتلەپ، ئۆز ئارا كۆيۈنۈپ، ئىناق ئۆتكەچكە، ئۇيغۇر

ئىدى. بۇ قۇپقۇرۇق تاقىر جايدا، بىردىن بىر يېشىل چۆپ-
لەر ئۆسكەن جاي ئىدى. بۇ گويا يېشىللىققا تولغان بىر
كىچىك گۈللۈككە ئوخشايتتى. شۇڭا بىز خەرىتە تولدۇرغاندا
بۇ يەرنى «گۈللۈك ساي» دەپ تولدۇرۇپ، بىز گېئولوگىيە
چارلاش خادىملىرىنىڭ ئۈمىدى ۋە گۈزەل غايىسىنى نامايەن
قىلدۇق. ھازىر بۇ گۈللۈك سايدا نېفىت شەھىرى قۇرۇلۇپ
ھەقىقى ئىسمى جىسمىغا لايىق گۈللۈك بولۇپ قالدى.

## مايلىق قۇمنى بايقاش

بىز ھەر كۈنى بىر كۋادرات، بىر كۋادراتتىن خە-
رىتە تولدۇراتتۇق، بىر ئورۇن، بىر ئورۇندىن نېفىت گازى
ئىزلەيتتۇق، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆلچەش بەلگىلىمىسى بويىچە
بىر كۋادرات مېتىر جايدا تۆت گېئولوگىيىلىك ئورۇن كونت-
رول قىلىناتتى. 8 - ئاينىڭ بىر كۈنى، بىز خىزمەت جەر-
يانىدا قارامايىنىڭ تۈزۈلمىسىنىڭ شەرقى يان رايونىدا، بىر
ناھايىتى قېلىن كۋارتسلىق قۇمتاش قاتلىمىنى سىزىپ قال-
دۇق. ئەۋرىشكە ئالساق ئۇنىڭدىن بىر ئاز ماي پۇراپ تۇ-
راتتى، شۇنىڭ بىلەن بىز بۆلۈنۈپ، ئۇنى بويلاپ ماڭدۇق.
ئاخىرى بىر جايدىن قارا رەڭدىكى ماي قۇم ۋە ئاسفالت
تومۇر تېپىلدى، قارا رەڭدىكى مايلىق قۇم قاتلىمىنىڭ قې-
لىنلىقى تەخمىنەن 30 مېتىردىن ئاشاتتى، مايلىق قۇمنىڭ
ئۈززىلمە يۈزى كۈن نۇرىدا پارقىراپ، ماي خۇددى سىڭىپ
كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، كۆپچىلىك بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى
خۇشال بولۇشتى. مايلىق قۇمنىڭ تېپىلغانلىقى، ياخشى زا-
پاس توپلانغان قاتلامنىڭ بارلىقىنى، ئىلگىرى نېفىت مۇشۇ

گېئولوگىيە خەرىتىسىدە ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالدۇق، خىز-
مەتكە قولايلىق يارىتىش ۋە ئاسان پەرىق ئېتىش ئۈچۈن،
بىز ھەر بىر مۇھىم جاينى تەكشۈرگەندە، شۇ جاينىڭ ئالا-
ھىدىلىكىگە ئاساسەن، ساي ياكى تۆپىلىكنىڭ نامىنى قويدۇق.
ئېسىمدە ئەڭ ئېنىق قالغان، ئەڭ زور تەسىر قىلغان
ئىككى ساي ئىدى، بىرى. قاراماينىڭ غەربىي تەرىپىدە بو-
لۇپ، نىسپەتەن چوڭقۇر، كەسمە يۈزىنىڭ ئېچىلىشى ئەڭ
مۇكەممەل، ترىئاس دەۋرىدىن تارتىپ كېيىنكى بور دەۋرىگىچە
بولغان سىستېمىلارنىڭ ھەممىسىدە ئېچىلما بار. بىزنىڭ
ئۆلچەملىك كەسمە يۈزىمىز دەل مۇشۇ سايلىق ئىچىدە ئۆلچەنـ
گەن، ئۆسۈملىكلەردىن تاشقا ئايلانغان جىسىم (فوسىس) نى
مۇشۇ يەردىن تاپقان. بىز كەسمە يۈز ۋە گېئولوگىيەلىك ئا-
مىللارنى ئۆلچەپ بولۇپ، خەرىتە تولدۇرىدىغان ۋاقىتتا، جۇ-
رۇيىمىڭ كۆپچىلىكتىن «بۇ يەرنى نىمە ساي دىسەك بولار»
دەپ سورايدۇ، ئارىدىن بىرسى بۇ ساي باشقا سايلىقلار بى-
لەن سېلىشتۇرغاندا چوڭقۇر، شۇڭا چوڭقۇر ساي دەيلى» دەيـ
دۇ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بۇنى قۇۋۋەتلەپ كەتتى، شۇنىڭ
بىلەن گېئولوگىيە خەرىتىسىگە «چوڭقۇر ساي» دىگەن ئىسىم
يېزىلدى.

يەنە بىرسى، چوڭقۇر سايىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئىككى
كىلومېتىر كېلىدىغان جايدا ئىدى. بىر كۈنى بىز بۇ يەردە
خەرىتە تولدۇرۇۋېتىپ، كىچىك سايىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى
تاغ ئۆڭكۈرىسىنىڭ پەس جايىدا بىر پارچە يېشىل چۆپلىكنىڭ
(تەخمىنەن 10 كۋادرات مېتىر) بارلىقىنى سېزىپ قالدۇق،
ئۇنىڭ يېنىدا بىر كىچىك سۇ كۆلچىكى بولۇپ، ئۇنىڭ
ئەتراپىدا قومۇشلار ئۆسكەن، يەنە بىرنەچچە سۆكسۆكمۇ بار

كەلدى. ئۇلار ئالتاي بەلباغلىرىدا گېئولوگىيىلىك ئومۇمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. بىز ئۇلارغا ھەمرا بولۇپ چوڭقۇر سايىنىڭ كەسمە يۈزىنى كۆرۈپ بولۇپ، يەنە قاراماي تېغىغا بېرىپ، ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە مايلىق قۇم تاغنى كۆرۈپ بولغىچە چۈش بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا بىز مايلىق قۇم تاغنىڭ يېنىدىن بىر تۈزلەڭلىكنى تېپىپ زىياپەت قىلدۇق. بىزنىڭ ئەترەت ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۈرۈمچىدىن بىر ئاز مېۋە-چېۋە ۋە كالا، قوي، كانسېرۋالىرىنى سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى، بۇ قېتىم ھەممىسىنى ئەپچىقىپ مېھمانلارنى كۈتتۇق، يەنە چاقماق قەن ۋە موما بار ئىدى. گېئولوگىيە مىنىستىرلىقىدىكى يولداشلار ئالغاچ كەلگەن بېلىق كانسېرۋاسىنى قوشقاندا داستىخىنىمىز تېخىمۇ مول بولۇپ كەتكەنىدى. چوكا بولمىغاچقا، سۆگەتنىڭ سىرتقى قوۋزىقىنى سويىۋېتىپ چوكا قىلىپ ئىشلەتتۇق. ئالاھىدە دالا تامىقى بىر خىل پۇراق چېچىپ تۇراتتى، كۆڭۈلچىلىك سۆزلىشەتتى، كۈلۈشەتتى، ئالتايدىن قاراماي تېغىغىچە، قارامايدىن ئۈرۈمچىگىچە، گېئولوگىيىلىك يەر قىياپىتىدىن يەرلىك جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ مېھرىبانلىقىغىچە گەپ بولۇنۇپ دېيىلمىگەن گەپ قالمايتتى. باش گېئولوگ جۇشا بىلەن ئەترەت باشلىقى جاڭكەي قۇرۇقلۇق تۈزۈلمىسى ۋە باشقا گېئولوگىيىلىك بىلىم، قارامايىنىڭ نېفىت مەنبەسى، سىلجىش ساقلىنىش ۋە زاپاس مىقدارى قاتارلىقلار توغرىسىدا سۆزلەشتى. بىز ئىككى پىراكتىكانت بىر قېتىم گېئولوگىيىلىك دەرس ئاڭلىغاندەك بولدۇق. گېئولوگلار يەنە قارامايىنىڭ نېفىت چىقىش ئىستىقبالى توغرىسىدا تولۇق ئىشەنچىگە تولغان ھالدا ئىلمىي مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

يەردىن سىلجىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. قارامايدىك تۈزۈلىشى تەكشى، ئۈزۈلمە قاتلىمى بۇزۇلمىغان، كۆلىمى چوڭ، مايلىق قۇم قىلمىن بولۇپ، قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىنلەيتتى. بىز بۇ بىر پارچە مايلىق قۇمنى بايقىغاندىن كېيىن، قاراماي نېفىتلىكىنىڭ كەلگۈسى مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولدۇق. بىز مايلىق قۇمنىڭ قىلىنلىقىنى ئۆلچەپ، ئىپادىلەش خاتىرىسىنى يازدۇق، تولۇق ئەۋرىشكە ئېلىپ، گېئولوگىيە خەرىتىسىنى تولدۇردۇق ھەم خەرىتىگە نېفىت ئالامىتىنىڭ بەلگىسىنى قويۇپ، خوشال خورام ئۆيگە قايتتۇق.

ئېخ! ئەينى يىللاردىكى مايلىق قۇم، قۇياش نۇرىدا پارلىغان مايلىق قۇم. سەن بىر پارچە ئوتقا ئوخشايسەن. 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىش ئارقىلىق، ھازىر سەن بىر گۈزەل نېفىت شەھىرىگە ئايلاندىڭ.

## كۆڭۈللىك ئۇچرىشىش

9 - ئايدىكى كۈزنىڭ سالقىن ھاۋالىق بىر كۈنى. دالا قىزغىن كەيپىياتقا تولغانىدى. بىز بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىۋاتقان گېئولوگىيە مىنىستىرلىقىدىكى يولداشلار بىلەن ئۇچراشقانىدۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئازراقمۇ شامال يوق. كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار پارچە - پارچە بولۇپ، ئاندا - ساندا لەيلەپ يۈرەتتى. گېئولوگىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باش گېئولوگى چارلاش ئەترىتىنىڭ 7 — 8 خادىمىنى باشلاپ، بىزنىڭ ئەترەتكە كەسمە بۆزنى كۆرگىلى

# يولداش سېيىتقازىنى ياد ئېتىمەن

## ليۇ جاۋمىك

1951 - يىلى 4 - ئاي، مەن مايتاغقا كېلىپ ئىككىنچى كۈنىلا يولداش سېيىتقازى بىلەن تونۇشتۇم. شوپۇرلار ئۇنى دۇيجاڭ دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ماشىنىلارنى باشقۇرۇشنى تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى تەرجىمانلىقمۇ قىلىدىغان بولۇپ، ھەممىنى ئىشلەيدىكەن، ئۇ ئەسلى جۇڭگو - سوۋېت نېفىت شىركىتى ترانسپورت باشقارمىسىدا جۇڭگو تەرەپنىڭ بىردىنبىر كادىرى ئىكەن. ئۇ چاغدا ترانسپورت باشقارمىسى قۇرۇلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، پەقەت 50 تىن ئارتۇق ئاپتوموبىل بولۇپ، يەنە كېلىپ خەنزۇچە - روسچە مەخسۇس كەسپىي تەرجىمان يوق ئىدى. سوۋېت تەرەپ باشقارما باشلىقى ۋارلوف ماڭا ئەھۋال تونۇشتۇرغاندا، كالون بىلەن رېمونت پەرۋىش قىلىش سېخىدا كۆپۈنچە يولداش سېيىتقازى ئېغىزچە تەرجىمانلىق قىلىدۇ. گەرچە دېگۈدەك توغرا بولمىسىمۇ، لېكىن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ، پەقەت چۈشىنىش قىيىن بولغان مەسىلىلەر يولۇققاندىلا سوۋېتتىن ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرىغا تەرجىمە قىلغۇزىدۇ دېگەنىدى. يولداش سېيىتقازىنىڭ تېخنىكىنى ۋە خەنزۇچە - روسچە دائىم ئىشلىتىدىغان تىلنى بىلىشى ماڭا ناھايىتى ياخشى تەسىر قالدۇردى. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە خىزمەت ئىشلىگەندە مۇناسىۋىتىمىز

جاپالىق مۇھىت، ئەھمىيەتلىك خىزمەت بىزنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇردى. 10 - ئاينىڭ ئاخىرى بىزنىڭ ئەترىتىمىز ئۆلچەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ ئىشخانا ئىچىدىكى خىزمەتلەرنى رەتلەشكە كىرىشىپ خەرىتە سىزىش، دوكلات يېزىش، ئەسلىدىكى خاتىرىلەرنى رەتلەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە جىددىي تۇتۇش قىلدۇق يەنە تۆت ئاي تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىرى قاراماينى باكتېرىيىلىك ئۆلچەش دوكلاتىنى يېزىپ بولدۇق. ئەترەت باشلىقى جاڭ كەي ئەترەتكە ۋاكالىتەن بىرىنچى تۈركۈمدىكى چارلاش قۇدۇقلىرىنىڭ قۇدۇق ئورنىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

1956 - يىلى مەن 2/56 ئەترىتىنىڭ كۆچار ئۇنىۋېرسال تەتقىقات ئەترىتىگە يۆتكىلىپ خىزمەت قىلدىم. بىز دالىدا كۆچار ئويمانلىقىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا، تىيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىن «قارامايدا قېزىلغان 1 - قۇدۇقتىن ماي چىقىپتۇ» دېگەن كىشىنى خوشال قىلارلىق خەۋەر يېتىپ كەلدى. مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خوشاللىقىمدىن چاۋاك چېلىپ سەكرەپ كەتتىم، چۈنكى مەن قاراماي نېفىتلىكىدە جەڭ قىلغان، ئۇ يەردە بىزنىڭ جاپالىق ئىگىلىك تىكلىگەن ئىزىمىز بار. بىزنىڭ جاپالىق ئەمگەك تەرىمىز سىڭگەن، بىز ۋەتەن ئۈچۈن چوڭ نېفىتلىك تاپقانلىقىمىزدىن - ئۆزىمىزنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىمىز، چەكسىز پەخىرلىنىمىز. ھازىر 30 يىل ئۆتۈپ كەتتى، بۇ خىل ھېسسىيات يەنىلا ماي بولاقتىن نېفىت ئېتىلىپ چىققاندەك يۈرەك قېتىمىزدا ئېقىپ، بىزنى مەڭگۈ ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرمەكتە.

پولات تۇردى تەرجىمىسى

ئۇ ماڭا دائىم روسچىنى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلغاندىن سىرت يەنە ماڭا ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆزى بىۋاستە ئۆگىتىپ قويدى، ئۇ چاغدا جۇڭگو تەرەپتە تېخى مەخسۇس كەسپىي تېخنىك كادىرى يوق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تېخنىكىلىك خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ ئىشلەيتتى. ئۇ مىللى يولداشلارنى باشقۇرۇش - تەربىيىلەشتە ماڭا ۋاكالىتەن ناھايىتى نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىگەنىدى. ئۇ ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پىكىر تەلەپلىرى ۋە ھەرقايسى بۆلۈملەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى دائىم ماڭا توندۇشتۇراتتى ۋە ئىنكاس قىلاتتى، ھەمدە بىرلىكتە مۇزاكىرىلىشىپ ھەل قىلاتتى. شۇڭا تىرانسپورت باشقارمىمىزنىڭ خىزمەت ئەھۋالى ئۇ دا ياخشى ھالەتتە تۇردى. ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىرىشىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئاپتوموبىللىرىمىز يۈك بۇرغىلاش، نېفىتلىك قۇرۇلۇش، نېفىت ئېلىش قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەر كۈنى سائەت سەككىزدىن ئىلگىرى بېرىپ تىزىملىغا ئالدۇرۇپ بولۇشى شەرت ئىدى. شۇڭلاشقا تىرانسپورت باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن دېسپېتچېرلار، كالون رەھبەرلىرى بىلەن شوپۇرلار، باشقا ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قارىغاندا چەزمەن بالدۇر تۇرۇپ، بالدۇر ئىشقا چىقىشى كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ قىش پەسلىدە ئەتىگەن بىر سائەت ئىلگىرى ئىشقا چىقىپ، ماشىنىنى قىزدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. يولداش سېيىتقازى مەيلى مايتاغدا ياكى قاراماييدا خىزمەت قىلغان چاغلىرىدا كالونغا ھەممىشە ھەر كۈنى ئەتىگەن كېلىپ، شوپۇرلارنىڭ ئاپتوموبىللارنى ئوت ئالدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلاتتى ۋە ياردەملىشەتتى ھەم بىخەتەرلىك تەلەپلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، ۋەزىپە تاپشۇراتتى. ئۇ ھەر كۈنى كەچكى

ئىنتايىن قويۇق ئىدى. مەن خىزمەتتە ئۇنىڭدىن پىكىر ئېلىشقا، ئەھۋال ئىگىلەشكە، ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشكە ناھايىتى دىققەت قىلاتتىم. ئۇمۇ مېنىڭ پىكىرىمگە ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. يولداش سېيىتقازى كىچىكىدىن تارتىپ جاپا چەككەن. ئون ياش چامىسىدىلا چۆچەكنىڭ دۆربىلجىن رايونىدا بايلارنىڭ قوي - كالىسىنى باققان بولۇپ، كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ، تۆۋدۈڭخې ۋە شىخو ئەتراپىدا كۈنلۈكچى بولۇپ مەدىكارلىق قىلغان. 1945 - يىلى مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ خىزمەت قىلغان، ئۇ باشتا ماشىنا رېمونت قىلىشنى ئۆگەنگەن. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولۇپ، ئۆزلىكىدىن تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىقلا قازاقچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. كېيىن يەنە بەزى دائىم ئىشلىتىدىغان روسچە سۆزلەرنى ئۆگەنگەن ھەمدە يەنە دائىم ئىشلىتىدىغان خەنزۇ تىلىنىمۇ ئۆگىنىۋالغان. مانا بۇ كونا جەمئىيەتتىكى بىر كەمبەغەل ئۈچۈن ئېيتقاندا ئاسانغا توختىمايتتى. مۇشۇنداق بىر ياخشى يولداش بىلەن بىللە خىزمەت قىلغىنىمغا ناھايىتى خۇشاللىق ھېس قىلاتتىم.

يولداش سېيىتقازى ماشىنا ۋە تراكتور ھەيدەشنى بىلىپلا قالماستىن، رېمونت قىلىشنىمۇ ياخشى بىلەتتى. شۇ چاغلاردا قازاق يولداشلارنىڭ ئىچىدە ھۈنەرنى پىششىق ئۆگىنىۋالغان تېخنىكلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. يولداش سېيىتقازى شىنجاڭ نېفىت سانائەت سېپىدە ھەقىقىي ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە ياخشى رەھبەرلەرنىڭ بىرى ئىدى.

يولداش سېيىتقازىنىڭ مېنىڭ خىزمىتىمگە بولغان ياردىمى ناھايىتى زور بولدى. ئۇنى مەن ياخشى ئوقۇتقۇچىم دېيىشىمگە بولىدۇ، چۈنكى جۇڭگو - سوۋېت شېرىكچىلىكى مەزگىلىدە،

لەردى ئاھايىتى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىپ، كۆپچىلىككە بول-
غان تەربىيىسى ئاھايىتى زور بولغانلىقى ئۈچۈن، ماشىنا ئاۋا-
رىيىسى پەيدىن-پەي ئازايدى. يولداش سېيىتقازى ھەر مىللەت
ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئاھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى، ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ۋە تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ئىگەللەشى
بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، ئاممىۋي كۆزقارىشى ئاھايىتى ياخ-
شى ئىدى. ئۇ ئۇرغۇنلىغان ئىشلارغا قارىتا ئاھايىتى ياخشى
پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايتتى. ئۇ مايتاغدا خىزمەت قىلغان
مەزگىلدە، يەكشەنبە كۈنلىرى شىخوغا قاتنايدىغان يولۇچىلار
ئاپتوموبىلىنى كۆپەيتكەننىڭ سىرتىدا، شىخو يولىدىن كانغا
قايتىدىغان ماشىنىلار ئەگەر يۈكى نورمىدىن ئارتۇق بولمىسا،
كانغا قايتىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ،
ئۇلارنىڭ ماشىنا توسۇپ چۈشۈپ قايتىپ كېلىشىگە رۇخسەت
قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ۋاقتىدا قاتنىشىشىغا ياردەم
بېرىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەكلىپ بەرگەنىدى. كېيىن
ئۇنىڭ پىكىرى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىن، سەۋەبسىز ئىشتىن
قالىدىغان ھادىسىلەر كۆپلەپ ئازىيىپلا قالماستىن ئىشچى-
خىزمەتچىلەرنىڭ يولدا ماشىنا توسقاندا شوپۇرلار بىلەن
تاكاللىشىپ قىزىرىشىپ قالىدىغانلىرىمۇ ئازايدى. قارامايغا
كەلگەن دەسلەپكى ئىككى يىلدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بالا-
چاقىلىرىنى ئەكىلىشكە بولمايتتى، يولداش سېيىتقازى دىسپېتچېر
ئىشخانىسىغا دائىم يول يورۇق بېرىپ، ئائىلىسى مايتاغ ۋە
ئۈرۈمچىدىكى يولداشلارغا ۋەزىپە ئورۇنلاشتۇرغان چاغدا
ئېتىبار بېرىڭلار دەپ تۇراتتى. يولداش سېيىتقازى پىشقەدەم
ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ۋە قىيىنچىلىقى بار
يولداشلارغىمۇ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى. ئۇ مېنى كۆپ

تاماقتىن كېيىن، دائىم دىسپېتچىر ئىشخانىسىغا ۋە كالونغا كېلىپ قايتىپ كېلىشكە تېگىشلىك ئاپتوموبىللارنىڭ قايتىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى، ۋەزىپىنىڭ قانچىلىك ئورۇندالغانلىقىنى، كەچكى سىمېنىغا چىقىدىغان ئاپتوموبىللارنىڭ تولۇق چىققان-چىقمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ، مەسىلە سېزىلسە ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلاتتى.

يولداش سېيىتقازى كالون باشلىقى ۋە مايتاغ گىرازىنىڭ باشلىقلىقىدىن تاكى مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولغاندىمۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ، كەچ قايتىپ جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، 16 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئەزەلدىن توختاپ قالغان ئەمەس. ئۇ خىزمەتكە چەكسىز مەسئۇل بولۇپ، ئىشنى كەسكىن ئەستايىدىل بېجىرىپ، ئەزەلدىن بىپەرۋالىق قىلغان ئەمەس. ئېسىمدە قېلىشىچە بىر شوپۇر غۇلجىغا نەرسە ئالغىلى بېرىپ ۋاقتىدا قايتىپ كەلمەيدۇ. ئىككىنچى كۈنى سېيىتقازى بىلەن ئىككىمىز ئۇ يولداشتىن ئەھۋال ئىگەل-لىمەك. ئەسلى چىكىشۇردىكى بىر دوستىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىكەن. يولداش سېيىتقازى ئۇنىڭغا كەسكىن تەنقىدىي تەربىيە ئېلىپ باردى.

مايتاغدىكى دەسلەپكى بىر قانچە يىلدا، قوبۇل قىلىنغان يېڭى ئىشچىلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، رەھبەرلىكلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان چۈشەنچىسى بىر قەدەر يېتەرسىز بولغانلىقتىن؛ ئەھۋالنى بىر مەزگىلگىچە تولۇق ئىگەللەپ كەلمىگەچكە، نەتىجىدە ماشىنا ئاۋارىيىسى بىر قەدەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى.

يولداش سېيىتقازى تېخنىكىنى بىلگەنلىكتىن ھەمدە يول ئەھۋاللىرىغىمۇ بىر قەدەر پىششىق بولغاچقا، مەسىلىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۇ بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇ مەسىلە-

بولسىمۇ، بىراق ئۇزۇن تۇرمايلا قايتىپ كەلدى، باشقا ئەھۋال-
لاردا ئىنتايىن ئاز رۇخسەت سورايتتى.

يولداش سېيىتقازىنىڭ سىياسىي سەۋىيىسى يۇقىرى، ئىدىي-
يىسى ياخشى، تەشكىلىي قارىشى كۈچلۈك بولۇپ، پارتىيىنىڭ
لۇشيەن فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىنتايىن قەتئىي ئىجرا
قىلاتتى. ئۇ ھەم قابىلىيەتلىك ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قىزىللاش-
قان ھەم ئىختىساسلاشقان ياخشى پارتىيە ئەزاسى، ياخشى
كادىر ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىل-
دىكى «ئۈچكە قارشى، بەشكە قارشى» ھەرىكەت جەريانىدا،
كونا جەمئىيەتتىن قالغان شوپۇرلارنىڭ «قاقتى-سوقتى قىلىش»
تەك ناچار ئىستىلىنى تۈزۈتۈشتە، نۇرغۇنلىغان تەربىيە خىز-
مىتىنى ئىشلىگەنىدى. تىرانسپورت باشقارمىمىز 50 تىن
كۆپرەك ماشىنىدىن بىر مىڭدىن ئارتۇق ماشىنىغا تەرەققىي قىل-
دى. قاراماي‌غا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن شىنجاڭ نېفىت
باشقۇرۇش ئىدارىسى بويىچە ئۇدا ئىلغار ئورۇن بولدى. مانا
بۇلارنى سېيىتقازىنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ قاراشقا بولماي-
دۇ. يولداش سېيىتقازى ھەقىقەتەن شىنجاڭ نېفىت سانائەت
سېپىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزا-
لىرىدىن بىرى. ئەپسۇسلىنارلىقى ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق-
تا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئۇنى ھاياتىدىن ئايرىدى. ھازىر
مەن ئۇنى چوڭقۇر ياد ئېتىمەن. يولداش سېيىتقازىنىڭ باقى
دۇنيادا يېتىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىن-
غانلىقىغا ئون بىر يىل بولغانلىقىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن،
بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرى ھازىر مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە
ئىتتىپاقلاشقان سىياسىي ۋەزىيەتتە تۇرماقتىمىز، ھەر مىللەت
خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە،

قېتىم باشلاپ بېرىپ ترانسپورت پونكىتىدىكى يېشى 90 دىن ئاشقان پىشقەدەم گۈزەتچى ئۆمەر بىلەن باشقا يولداش-لارنى يوقلىغانىدى. ئۇ يېشى 40 تىن ئاشقىچە ئۆيلەنمى-گەن نۇرمەمەت دېگەن يولداشنىڭ ئەھۋالىنى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال قاتارىدا قاراپ، ئۇنىڭ چىگىشورغا بېرىپ لايىق تېپىۋېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ كۆپ قېتىم رۇخسەت بەرگەن. ئا-خىرى ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن نۇ يولداش ئۆزىگە لايىق تېپىپ ئۆيلۈك ئوچاقلىق بولدى. يولداش سېيىتقازى ھەمىشە ئاما بىلەن قەلبداش بولغانلىقتىن ھەر مىللەت ئىشچى - خىز-مەتچىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى يوقىرى ئىدى.

يولداش سېيىتقازى تۇرمۇشتا ناھايىتى ئاددى - ساددا بولۇپ، ئىشقا چىققاندا دائىم ئىشچىلارغا ئوخشاش خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ ئىشقا چىققاتتى. ئۇ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقلىق ۋەزىپىدە بولغانىدىن كېيىنمۇ، يەنىلا خىزمەت كىيىمىنى كىيىپ ئىشقا چىققاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى، يولدىشى ۋە ئۈچ بالىسى بولۇپ، تۇرمۇشتا ئانچە باياشات ئەمەس ئىدى. ئۇ تاماكا چەكمەيتتى. ھاراقنىمۇ ئىنتايىن ئاز ئىچەتتى. مەنمۇ تاماكا چەكمەيتتىم، ھاراق ئىچمەيتتىم. بىز شوپۇرلارنى باشقۇرۇشتا ناھايىتى قاتتىق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شوپۇرلار-دا ھاراق ئىچىپ ھادىسە تۇغدۇرىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. يولداش سېيىتقازى ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇ ئېغىر رېماتىزم كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، پۇتى دائىم قاخشاپ ئاغرىيتتى، لېكىن قىشتىكى قەھرىتان سو-غاق بولغان ئەتتىگەنلىرىدىمۇ ئاۋالقىدەكلا كالونغا سەھەر-دە كېلىپ، ماشىنىلارنى يولغا چىقىرىشقا ئۇيۇشتۇراتتى. ئۇ كېسىلىنى داۋالىتىپ كېلىشكە تەلەپ قىلىپ بارغان

# پارلاق ياشلىق باھار

شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيىلىك نېفىت چارلاش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان مۇنەۋۋەر كوممۇنىست يولداش ياڭ جېڭلۇنى ئەسلەيمەن.

## ياڭ شۇجى

كىشىلىك ھاياتتا ئۆتكەن ئىشلارنى يادىغا ئېلىش، قەدىم-لىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش؛ لەززەتلىك كۈنلەردىن مېيى-رىنى ئۈزەلمەسلىك، بىكار ئۆتكەن كۈنلەرگە قارىتا پۇشايمان قىلىش قاتارلىق ھەر خىل ئەسلەشلەر بولىدۇ، لېكىن مەڭگۈ ئەستىن چىقارماسلىقتا ئەڭ ئەرزىيدىغىنى ئاشۇ بۈيۈك ئىشلارغا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، بىزدىن ئايرىلغان كىشىلەردۇر......

مۇقەددىمە

ياڭ جېڭلۇ دېگەن بۇ ئىسىم، چېگرا رايونىدىكى نېفىت شەھىرىدە ياشاۋاتقان ۋە ئىشلەۋاتقان 80-يىللارنىڭ ياشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا نەقەدەر ناتونۇشتۇر، لېكىن 50-يىللاردا شىنجاڭ نېفىتلىكىدە ئىشلىگەن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە، بولۇپمۇ گېئولوگىيىلىك چارلاش سېپىدىكى كىشىلەرگە بۇ ئىسىم نىمە دېگەن جاراڭلىق ئاڭلىنىدۇ-ھە! بۇ

بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقتا.

شىڭلۇڭتەيدە — يېزىلدى.

1987 - يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى

رەخىم رەجەپ تەرجىمىسى

ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. يېقىن ئەتراپتىكى چارلاش ئەترەتلىرى، خەلق گۇڭشى ئەزالىرى، ئەر - ئايال، قېرى - ياش بولۇپ ھەممىسى 106 - ئەترەت تۇرغان جايغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار يولداش ياڭ جېڭلۇنىڭ جەسىتى ئالدىغا كېلىپ، قىزلار ھۆڭرەپ يىغلىسا، يىگىتلەر مۇشتۇملىرىنى تۈگۈپ ياش تۆكتى، ئاياللار ئۆزلىرىنى مۇشتۇملاپ، قېرىلار كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى... ئۇيۇشتۇرۇلمىغان بىر قېتىملىق تەزىيە بىلدۈرۈش يىغىنى، ھەسرەت ئاۋازى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلدى. چوڭ قومۇلۇقنىڭ يەر ئاسمىنى قۇربانىنى دەپنە قىلىدىغان قەۋرىستانلىققا، ئاسماندىكى توپلاشقان بۆلەك - بۆلەك بۇلۇتلار ئۇنىڭغا قويۇلغان ئاق گۈلگە، تۇتىشىپ كەتكەن قات - قات ئېگىز تاغلار ئۇنىڭغا ياسالغان ھەيۋەتلىك قەۋرە تېشىغا ئايلاندى. ئىھ! ياڭ جېڭلۇ، بۇ بىر ئاددىي ئىسىم، مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تەۋرەتتى. ياشانغانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر قىزىنىڭ بولغانلىقىغا مەغرۇرلانسا، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق بىر دوستى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى، يولداش ياڭ جېڭلۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن دادۇي پارتىيە باش ياچېيكىسى سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدىكى نېفىت زاپىسى بار تۈزۈلمىنى «جېڭلۇ ئانتىكلىنالى» دەپ ئاتاشنى قارار قىلدى، كان رايونلۇق پارتكوم يولداش ياڭ جېڭلۇنى مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى دەپ تونۇشنى قارار قىلدى ھەم بارلىق پارتىيە ئەزالىرى كادىرلار ۋە نېفىتلىكتىكى كەڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى، پارتىيىنىڭ مۇنەۋۋەر قىزى، كوممۇنىزمنىڭ قەيسەر جەڭچىسى يولداش ياڭ جېڭلۇدىن ئۆگىنىشكە چاقىردى.

ئەسىم، ئەمگەكچان ھەم باتۇر، پاك ھەم ئاق كۆڭۈل، ئۆزىنى ئۇنۇتقان روھ ھەم ھېچنەرسىدىن قورقمايدىغان قەلبنىڭ ئىگىسىدۇر، ئۇنىڭ ئاشۇ قىسقىغىنا ھاياتى ۋە ياشلىق باھارى نۇرغۇن ئاددىي لېكىن قەھرىمانلىق دەۋر كۈيىنى توقۇپ، قانچىلىغان كىشىلەرنى چىن قەلبىدىن ھاياجانلاندۇرماي ۋە ھەسرەتلەندۈرمەي تۇرالسۇن! ئۇنىڭ بىلەن بىر دەۋردىكىلەر ۋە كېيىنكىلەر ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟

## 1

1958 - يىلى، يولداش ياڭ جېڭلۇ شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىمالىي جۇڭغارىيە نېفىتلىكىنى گېئو-لوگىيەلىك چارلاش چوڭ ئەترىتى 106/58 دۈيىنىڭ باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يولداش ياڭ جېڭلۇ بىلەن يەنە بىر دۈي خادىمى يولداش جاڭ گۇاڭجى ئىككىسى شەرقىي شىنجاڭنىڭ سەنتاڭخۇ (ئۈچ كۆلچەك) ئويمانلىقىدا دالا مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، تۇشتۇمتۇت سوغۇق ئېقىمغا يولۇقۇپ قاتتىق بوران چىقىپ، تېمپېراتۇرا بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن 20 نەچچە گىرادۇسقا چۈشۈپ كېتىپ، سوغۇق ئېقىمدىن ساقلىنىشنىڭ ھېچقانداق تەييارلىقىنى قىلمىغان بۇ ئىككى يولداش ئاق قار كۆك مۇزدا جانتالىشىپ ئون نەچچە سائەت كۈرەش قىلىپ، ئونسەككىز كىلو مېتىر يولنى ئۆمىلەپ ماڭغان، ئاخىرى مادارى قالماي بەختكە قارشى قازا بولغان.

بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەن تەرەپ - تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن يۈز نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان بۇ سەنتاڭخۇ

كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى.
1955 ـ يىلى داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياڭ جىڭ-
لىۇ قۇرۇلۇشنى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان، مول
قىممەتلىك بايلىقلىرى كۆمۈلۈپ ياتقان، ۋەتىنىنى ئەزەردە
تۇتۇپ، تەقسىمات تەلەپنامىسىگە ۋەتەننىڭ ئېچىلمىغان
كەڭ يەرلىرى، مول قىممەتلىك بايلىقلىرى بىزنىڭ بېرىپ
ئېچىشىمىزغا ئىنتايىن مۇھتاج بولماقتا. ۋەتىنىمىز خەرىتىسى-
دىكى ئاق يەرلەرگە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان خىلمۇ خىل
رەڭلەرنى بېرىش، بىز گېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ شەرەپلىك
بۇرچىدۇر دەپ يازغانىدى، ئۇنىڭ بىرىنچى ئارزۇسى شىنجاڭ،
ئىككىنچى ئارزۇسى سايدام ئويمانلىقى بولدى. بىر قىز-
چاقنىڭ ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ يىراق جايغا، يۈمىن گۆەن
سىرتىدىكى چۆللىككە بارماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى خاتىرجەم بولالمايدۇ. ياڭ جىڭلىۇ
چۇڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئۇلارغا «ئەجدادلىرىمىز بىزگە يول
ئېچىپ بەردى، بىز ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىلگىرىلىشىمىز
كېرەك. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئۆز ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىدا
يۈزۈم يورۇق بولۇشى لازىم» دەيدۇ.
شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ياڭ جىڭلىۇ گېئولوگىيە
تېخنىكى ۋە چارلاش دۈيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق
ۋەزىپىلەرنى ئۆتىدى. ئاشۇ جاپا - مۇشەققەتلىك كۈنلەردىكى
ئۇنىڭ ئۆز كەسپىنى سۆيۈش ۋە جاپاغا چىداش روھى،
خىزمەتكە قارىتا قاتتىق ھەم پۇختا ئىستىلى ۋە خەلق
ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇيدىغان ئەخلاق پەزىلىتى، يولداشلارنىڭ
ماختىشىغا ئېرىشىپ، ھەر يىلى ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى
بولۇپ باھالىنىپ كەلدى. 1958 ـ يىلى 3 ـ ئايدا،

## 2

يولداش ياڭ جىڭلۇ، 1936 - يىلى قەدىمقى شەھەر شىئەندە تۇغۇلغان.

يولداش ياڭ جىڭلۇ ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر ھەربىي قوماندان ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈن (گېنېرال) نىڭ ئەڭ كىچىك قىزى.

يولداش ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ كەلگەنلىكتىن، جياڭ جېشى ئۇنى كۆزدىكە قادالغان مىخ دەپ تونۇپ، 1936 - يىلى شىئەن ۋەقەسىدىن كېيىن ئۇنى ئون نەچچە يىل تۈرمىگە تاشلايدۇ. 1949 - يىلى، دۆلىتىمىز ئازاد بولۇش ھارپىسىدا، يولداش ياڭ خۇچېڭ يەنە ئۇنىڭ رەپىقىسى شې باۋجېن چۇڭچىڭدىكى جۇڭگو - ئامېرىكا ھەمكارلىق ئورنىدا گومىنداڭ ئىشپىيونى تەرىپىدىن پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلگەن. يولداش ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈن ۋەتەننى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولدى، خەلق ئۇنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ. پارتىيە بىلەن خەلق ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈننىڭ ئەۋلادىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ياڭ جىڭلۇ خۇددى كۈن نۇرى ۋە يامغۇرغا تەشنا بولغان مايسىدەك، پارتىيىنىڭ مېھرى - شەپقىتىدە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلدى. ئۇ تىرىشچان ئۆگىنىشكە بېرىلىپ ھارماي - تالماي ئۆگەندى. 1949 - يىلى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇۋاتقان چاغدىلا، يېڭى دېموكراتىزملىق ياشلار ئىتتىپاقىغا ئەزا بولدى، 1953 - يىلى غەربىي شىمال داشۆسىنىڭ گېئولوگىيە پاكولتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىردى. 1954 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو

ئۇستۈن بولۇپ، ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر قىلدى. شاۋ جياڭ
تەن-سالامەتلىكى ناھايىتى ساغلام قىزچاق بولۇپ، ئۇ ھەر
كۈنى بىر سائەت بالدۇر ئىشقا چىقىپ، بىر سائەت كېيىن
قايتىشىنى تەكلىپ قىلدى. مېي شياۋيا بولسا، پۈتۈن دۆي
بويىچە ئەڭ ئىتتىك بىر قىزچاق بولۇپ، كەچتە يەنە قوشۇم-
چە سىمىنا ئۆگىنىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، ئالدىراپ-
تېپىنەپ، «ئەي ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، كەچتە چوقۇم
ناخشا ئېيتىپ، توپ ئويۇنىشىمىز كېرەك. ئەتتىگەن ئىشقا
ئىككى سائەت بالدۇر چىقساقمۇ مەيلى» دەيدۇ. ئوتتۇرىغا
قويۇلغان پىكىرلەر ئاز ئەمەس، لېكىن ھەممىسى بىرلىككە
كېلەلمىدى. ياڭ جېڭلۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، ئۆز پىكىرىنى
ئوتتۇرىغا قويۇپ: «بىز ھازىر مەشغۇلات ئېلىپ بېرىۋاتقان
ئۈچ گۇرۇپپا، ھەر كۈنى ئۈچ تەرەپكە چارلاش ئېلىپ
بارىمىز. ئەگەر ئۈچ گۇرۇپپىنى بەش گۇرۇپپا قىلىپ بۆ-
لىدىغان بولساق، بىر ۋاقىتتا بەش تەرەپكە چارلاش ئېلىپ
بارغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاي ئاخىرىغىچە ۋەزى-
پىنى بەلكىم ئاشۇرۇپ ئورۇندىشىمىز مۇمكىن» دېدى.
«تەشكىلنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش كېرەك» «مەن قوللايمەن»
دەپ ۋارقىرىۋەتتى شياۋ جياڭ. بىر (نەچچە) قىزلارمۇ «ھىمايە
قىلىدىغانلىقىنى» بىلدۈردى. ياڭ جېڭلۇ يەنە: «بالدۇر، بىز
بىر توپ بولۇپ يۈرۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان، بىر گۇرۇپپى-
دا 7-8 ئادەم بار. بۇنىڭدا ئادەم كۈچى بەك ئىسراپ
بولۇپ كېتىدۇ. ھەر بىر گۇرۇپپىدىن 2-3 ئادەمنى قىسقارتى-
ساقمۇ بىلىمىزنىڭ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشىمىزغا تەسىر قىل-
مايدۇ. ئەلۋەتتە بۇنداق قىلىش ئادەم كۆپ چاغلاردىكىدەك
كۆڭۈللۈك بولمايدۇ، ھەم ماتېرىيال رەتلەش ۋەزىپىسىمۇ

دۆيگە تەقسىم قىلىنىپ، دۆي باشلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دادۆي پارتىيە باش ياچېيكىسى، ئىتتىپاق باش ياچېيكىسى ۋە شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارە ئىتتىپاق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئىشلىدى.

3

ياڭ جېڭلۇ 106 - دۆيگە دۆي باشلىقى بولۇپ كەلدى. بەزى يولداشلار ئۇنىڭ ياڭ خۇچېڭ جياڭجۈننىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باشقىچە كۆزقاراشتا بولدى، لېكىن يولداش ياڭ جېڭلۇچۇ؟ ئۇ ئىنقىلابى قۇربانىنىڭ قىزىمەن دەپ، ئەزەلدىن ئۆزىگە تەمەننا قويغان ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر جياڭجۈننىڭ ئەۋلادى بولغانلىقىغا ئەزەلدىن مەغرۇرلىنىپ باققان ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە بىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئېغىر تەلەپ قويۇپ، ئاددىي بىر جەڭچى سۈپىتىدە يولداشلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى.

ياڭ جېڭلۇ 106 - دۆيگە كەلگەندىن كېيىن دۈچ كەلگەن بىرىنچى مەسىلە، قانداق قىلىپ كۆپچىلىككە باشلامچىلىق قىلىپ ۋەزىپىنى ئورۇنداش بولدى. 6 - ئاينىڭ ئۈچ ھەپتىسى ئۆتۈپ كەتتى، ۋەزىپىنىڭ ئاران يېرىمىلا ئورۇنلاندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ياڭ جېڭلۇ دۆي پارتىيە گۇرۇپپا يىغىنىنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن، دادۆيدىكى بارلىق خادىملار يىغىنىنى ئېچىپ، ۋەزىپىنى ئورۇنداش تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرىلەشتى. كۆپچىلىكنىڭ قىزغىنلىقى ناھايىتى

ئېيتىدىكەنسەن، ئىككىمىز ناخشا ئېيتامدۇق» دەيدۇ. شاۋيا ناخشا ئېيتىمىز دېگەننى ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى: «ياڭ دۇيجاڭ، سىزمۇ ناخشا ئېيتىشقا ئامراقمۇ؟» ياڭ جىڭلۇ «ھە، مەنمۇ ناخشىغا ئامراق»! «شياۋ ئىر خېيىنىڭ توي قىلىشى نى ئېيتمايلىمۇ دەپلا، بىر باشلاپ ئېيتىپ كەتكەنىدى، يېقىملىق ناخشا ئاۋازى چۆل - جەزىرىدە ياڭراپ كەتتى: «سۈپسۈزۈك مۆلدۈر سۇلار؛ كۆپكۆك ئاسمان...»

سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىنىڭ ئايلانمىسى 30 كۋادرات كىلو- مېتىر بولۇپ، گىرۋىكى قۇمۇلنىڭ مۇھىم بازىرى بولغان باركۆل بىلەن شىمالىي تەرىپى جۇڭگو - تاشقى مۆڭغۇل چېگرىسى بىلەن خوشنا، غەربىي يېنىدا سارانۇلۇ تېغى بار. ئويمانلىق قۇم بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قات - قات تاغ چوققىلار بىلەن ئورالغان. 40 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بۇ يەرلەرگە جايلىشىپ، پۇقرالارنى تالان- تاراج قىلىپ، بۇزەك ئەتكەنىدى. بۇنىڭغا ئەينى ۋاقىت- تىكى باندىتلارنىڭ پاراكەندە قىلىشى قوشۇلۇپ، ھەقىقەتەن ھەربىي بىلەن باندىت ئاپەتكە ئايلانغان، بۇ يەردىكى خەلقلەرگە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويمىغانىدى. ئىگىزدىك تاغ چوققىلارنىڭ ھەممىسىدە پوتەي ئاكوپلار بولۇپ، ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ياڭ جىڭلۇ چارلاش نۇقتىسىغا يەتكەن- دىن كېيىن، بىر ئىگىز تاغقا چىقتى، ئۇ يەرلەردىكى پوتەيلەر- نىڭ قالدۇقلىرى، قورغاننىڭ بۇزۇلغان تاملىرى يۇرۇقىدەكلا كۆزگە چېلىقاتتى. ياڭ جىڭلۇ مۇشۇلارنى كۆرۈپ، خورسىنغان ھالدا: «كونا جەمئىيەتنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ قالدۇقلىرىنى بىز بۇ ئەۋلاتلار ئۆز قولىمىز بىلەن تازىلىشىمىز لازىم، بۇ يەرلەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر يەنىلا بۇلار بولماستىن،

مۇناسىپ ھالدا ئېغىرلىشىدۇ. لېكىن بۇ چېنىقىشنىڭ بىر ياخشى پۇرسىتىدۇر، بىز چارلاش دۈيىنىڭ ھەر بىر خادىملىرى ئۆز ئالدىمىزغا مۇستەقىل خىزمەت قىلالايدىغان بولساق شىنجاڭنىڭ نېفىت چارلاش ئىشلىرىغا بىر ھەسسە كۈچنى ئارتۇق قوشقان بولىمىز» دېدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. مىجەزى ئىتتىك يولداشلار دەرھال گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىككىنچى كۈنى پۈتۈن دۈي بەش گۇرۇپپىغا بۆلۈندى. ياڭ جېڭلۇ ئەڭ يېقىن ئەتراپتىكى ئىككى چارلاش نۇقتىسىنى ئىككى گۇرۇپ-پىغا بۆلۈپ بەردى. يەنە ئىككى گۇرۇپپا ماشىنا بىلەن بېرىپ چارلاش ئېلىپ بارىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزى شياۋ-جياڭ قاتارلىق بىر نەچچەيلەننى باشلاپ، ئۆزلىرى تۇرۇش-لۇق ئورۇندىن 15 كىلومېتىر يىراق بولغان چارلاش نۇقتىسىغا بېرىپ ئىشلەيدىغان بوادى.

يول بويى، شياۋ جياڭ غادايغىنىچە مەيدىسىنى كېرىپ ئالدىدا ماڭدى. ئۇ مەقسەتلىك ھالدا يېڭى دۈي باشلىقىغا ئۆزىدەك پىشقەدەم چارلاش خادىمىنى بىر كۆرسىتىپ قويماق-چى ئىدى. (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ دالىدا خىزمەت قىلغىنىغا تېخى بىر يىلمۇ بولمىغان) ياڭ جېڭلۇ ئالدىرىماي - تىنىمەي ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بىردەم ئارقىدىكى شياۋ ياغا قارىشىپ، بىردەم ئىككى ئاتلاپ شياۋ جياڭغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆتۈرۈۋالغان سومكىسىنى يۆلىشىپ ماڭاتتى. بۇلار ئىككى يېرىم سائەتتە ئونئەچچە كىلومېتىر يول باستى. شياۋ يا ئاستا - ئاستا ئارقىدا قېلىشقا باشلىدى. ياڭ جېڭلۇ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇپ، ئۇ يېتىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: «ئاڭلىشىمچە سەن ناخشىنى ناھايىتى ياخشى

قولىنى چىقىرىپ: «كەل! مەن بىلەن كۈچ سىنىشىشقا چىدام-
ىەن» دېدى. شياۋليا شياۋجياڭنىڭ ياڭ دۇيجاڭ بىلەن
كۈچ سىنىشىپ، قول قايرىشماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:
«ياڭ دۇيجاڭ، سىز ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىناشماڭ، ئۇنىڭ
قول-بىلىكىنىڭ كۈچى ناھايىتى چىڭ» دەپ ۋارقىرىدى. ياڭ-
جېڭلۇ: «مەن ساڭا تەڭ كېلەلمەيمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە
بىردەم بولسىمۇ ياخشىراق دەم ئالايلى» دەپ قولىنى پۇلاڭ-
لىتىپ قويۇۋېتىپ كۈلدى. شياۋجياڭ چىرايلىرىنى بۇزغان ھالدا
ياڭ جېڭلۇنىڭ ئوڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، تارتىپ تۇراتتى.
ياڭ دۇيجاڭ ئۇنى كۆندۈرەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ، ئىلاجىسىزدىن
ئۇنىڭ بىلەن كۈچ سىناشماقچى بولدى. ئىككىسى بىر مىنۇت-
تەك تىركەشكەن بولسىمۇ بىر-بىرىنى يېڭەلمىدى. مۇئا-
ۋىن دۇيجاڭ بىلەن شياۋ يا ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ «غەيـ-
رەت قىلىڭلار» دەپ ۋارقىرايتتى. چۆللۈكتە بىر پەس
خۇشاللىق كۈلكە-چاقچاق ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. ئۇلار بىردەم
كۈلۈشكەندىن كېيىن، ياڭ جېڭلۇ: «سىلەر بىردەم دەم ئېلىـ-
ۋېلىڭلار، مەن ئالدىمىزدىكى قالغان ئازراق يېرىنى چار-
لاپ كېلەي، ئاندىن قايتىمىز» دېدى. مۇئاۋىن دۇيجاڭ: «بىز
بۈگۈن 18 كىلومېتىر يەرنى چارلىدۇق. يۇقىرى ئۆلچەمگە
يەتتۇق، سىزمۇ خېلى چارچىدىڭىز، مېنىڭچە بولدى قىلايلى»
دېدى. ياڭ جېڭلۇ: «يەنە بىر ئاز ۋاقىت بار، ئالدىمىزدىكى
بەلگە چازىسىغا يەتكەندە، نەق 20 كىلومېتىر بولىدۇ، بۈگۈن
پىلاننى پۈتۈن سانغا يەتكۈزەيلى، سىلەر بۇ يەردە ماتېرىيال
رەتلىگەچ تۇرۇڭلار، مەن شۇنداق قىلساق قايتىپ بارغاندىن
كېيىنمۇ ئازراق ۋاقىتنى تېجەپ قالالايمىز» دەپلا، يولغا-
جەننىنى كۆز تۇرۇپ مېڭىپ كەتتى.

ھالبۇكى، ۋىشكا بىلەن ئارماتورا بولۇشقا تېگىشلىك» دېدى؛
سەنتاكچۇ ئويمانلىقى «قۇم - بورانلىق خاي» بولۇپ،
چارلىغۇچى دۆيىنىڭ خادىملىرى بورانغا ئادەتلىنىپ كەتكەن
ئىدى. دۆمبىلىرىدىن ئاققان تەرگە يېپىشىپ قالغان قۇم بىلەن
توپا، ئۇلارنى گويا مۈرىلىرىگە ئۇزۇن سېرىق جىلىتكە يېپى-
نىۋالغاندەك كۆرسىتەتتى. ئۇنى سۈرتۈپ تازىلىۋېتىشكە
كىشىنىڭ چولىسى تەگسۇن، مەڭزىلىرىدىن ئاققان تەر،
يەرگە تامچىلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنى ئېتىۋېتىشكە كىشىنىڭ ۋاقتى
بولسۇن. ۋاقىت قوغلىشىش، سۈرئەت تالىشىش، ھەربىر خادىم-
نىڭ قەسەمىياد قىلىنمىغان قەسەم سۆزى ئىدى. تۆت سائەت-
تىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئون نەچچە كىلومېتىر يەنە زېمىن
چارلاپ بولۇندى. شىياۋ يالىيقىن ئاپاراتتىن ئۇۋالىمىش بەلگە
جازىسىنى كۆردى. بۇ يىگىرمە كىلومېتىر ئارىلىقتا قويۇلغان
بەلگە ئىدى. ئۇ خوشاللىقتىن ۋارقىراپ: «ھەي! بۈگۈن مۆلچەر-
ۋالا ئۇزۇن لىنىيىنى چارلاپ تۈگىتىپتۇق، بەكمۇ ھېرىپ
كەتتىم» دەپلا، دۆڭلۈككە ئۆزىنى تاشلىدى. ياڭ جېڭلۇ
سەپداشلىرىغا دەم ئېلىۋېلىشنى بۇيرىدى. شىياۋ جىياڭ يەرگە
يېتىۋېلىپ، پۈت قوللىرىنى سوزۇپ، بەھۇزۇر دەم ئېلىشقا
باشلىدى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ياڭ جېڭلۇغا قاراپ: «تېز-
رەك يېتىپ دەم ئال، چارچىغاندىسەن؟» دېدى. ياڭ جېڭلۇ:
«چارچاشنىغۇ چارچىدىم. لېكىن يىقىلىپ چۈشكىدەك ھالەتكە
يەتمىدىم» دەپ، شىياۋ جىياڭغا قاراپ كۈلدى ھەم قولىدىكى باكلوش-
كىسىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ بەردى. شىياۋ جىياڭ ئورنىدىن ئىتتىك
قوپۇپ، ياڭ جېڭگۇغا تىكىلىپ قاراپ: «ھە! مەن يىقىلىپ
چۈشتۈم، مېنىڭ ئېتىمنى سېنىڭكىگە يەتمەيدۇ، ئەمما نېمىشقا سەن
يالغانلىدىڭ. چارچىمىغان قىياپەتكە كىرىۋالىسەن؟» دەپلا ئۇ

چىقىپ تۇرىدۇ. بىر ئاخشىمى ئېيتىپ بولغىچە ھەممە يەردى
بوران قاپلاپ، قۇمنى ئۇچۇرتۇپ، كۆزنى ئاچتۇرماي، ئادەم-
نىڭ دېمىقىنى سىقاتتى. قايتىپ كېلىش يولى دا يەنە بورانغا
قارشى يۈرەتتى. ئالغا بىر قەدەم دەسسەش ئۈچۈن، پۈتۈن
كۈچىنى چىقىراتتىنىڭ. شياۋ يانىڭ بىر قەدەم مېڭىشىمۇ تەس
بولۇپ، يۈزىنى قولى بىلەن بېسىۋېلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇ-
رۇپ قالدى. شياۋ جياڭمۇ بېلىنى ئېگىپ، مۈكچىيىپ شامال تە-
رەپتىن يۈزىنى ئۆرۈپ ماڭماي تۇردى. تۇيۇقسىزدىن شياۋيا
«سومكام، سومكامنى شامال ئۇچۇرتۇپ كەتتى.» دەپ چىقى-
راپ كېتىشىگە يەنە بىر قېتىم قۇمنى ئۇچۇرتقان بوران قات-
تىق چىقىشقا باشلىدى. ياڭ جېڭلۇ شياۋيانىڭ سومكىسىنى
بوران ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بورانغا ئەگىشىپ
سومكىنى قوغلاپ ماڭدى. مۇئاۋىن دۈيجاڭ: «دۈيجاڭ بارماڭ،
بارغىلى بولمايدۇ» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بوراننىڭ سۈر-
ئىتى ئادەمنىڭ يۈگۈرىشىدىن خېلى تېز ئىدى. كىچىك سوم-
كا گويا يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكدەك بىر ئۆرلەپ، بىر پەس-
يىپ ئۇچۇپ كەتتى. ياڭ جېڭلۇ بىردەم يۈگۈرەپ، مۈرىسىدىكى
سومكىسىنى ئېلىپ تاشلاپ، قولى بىلەن قۇمنى تاتلاپ كولاپ،
سومكىسىنى ئىچىگە قويۇپلا، شياۋيانىڭ سومكىسىنى قوغلاپ
ئۈچقاندەك يۈگۈردى. تېرىقدەك قۇملار ئارقىسىدىن ئۇرۇپ،
چېچىغا باغلىغان توشىنىڭ لېنتىسىمۇ ئۇچۇرتۇپ كەتتى. ياڭ-
جېڭلۇنىڭ ئۆزىنىڭغا قارايدىغان نەدىمۇ چولىسى بولسۇن، بار
كۈچى بىلەن چوڭ - چوڭ قەدەملەپ يۈگۈرۈپ 300 مېتىردىن
ئارتۇق يەرگە بارغاندا سومكىنى، تۇتۇۋالدى. سومكىنى سىيە-
پاپ قارىسا، ئىچىدىكى ماتېرىياللار تولۇق ئىكەن. بۇ چاغ-
دا ئۆزىمۇ ھاسىراپ كەتكەنىدى. شۇڭا بىردەم ئولتۇرۇپ

شياۋ يانىڭ ئىككى پۇتى ماغدۇرسىزلىنىپ، ئورنىدىن قوزغالغۇسى كەلمەيتتى؛ شياۋ جياڭ بىللە بارماقچى بولغانىدى، ياڭ جېڭلۇ ئۇنىڭغا: «سىلەر مۇشۇ يەردە قېلىپ، مۇئاۋىن دۈيجاڭدىن توپلانغان ماتېرىياللىنى قانداق رەتلەشنى ئۆگىنىڭلار» دەپ قالدۇرۇپ كەتتى. بۇ ئۈچەيلەن داڭ قېتىپ، ياڭ جېڭلۇنىڭ كەينىدىن تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. شياۋجياڭ تەسىرلەنگەن هالدا: «بىزنىڭ يېڭى دۈيجاڭىمىزنىڭ هېممىشە غەيرىتى زور، هەقىقەتەن يارايدىكەن» دېدى.

كۈن ئولتۇرغاندا چارلاش دۈيىدىكىلەر تاغدىن چۈشۈشكە باشلىدى. ياڭ جېڭلۇ بىر سومكىغا ئۇدىر - بۇدىر قىلىپ قاچىلانغان رۇدا ئەۋرىشكىسى، يەنە بىر سومكىغا ئىككى دانە گېئولوگىيە بولقىسى بىلەن ئوزۇقلۇقلار سېلىنغان ئىككى سومكىنى ئېسىۋالغانىدى، شياۋ يا ئىچىگە خاتىرىلەنگەن چېرتيوژ ماتېرىياللىرى سېلىنغان يېنىك سومكىنى ئېسىۋالغانىدى. قايتىشتا مېڭىشلىرى خېلىلا ئاستىلاپ. شياۋ يانىڭ ئىككى پۇتىدا جان قالماي تەمتىرەپ، كېلىۋاتىسىمۇ، چىشىنى چىشلەپ چىڭ دەسسەپ ماڭدى. مۇئاۋىن دۈيجاڭ بىر سومكا رۇدا ئەۋرىشكىسىنى ئىككى مۈرىسىگە قايتا - قايتا يۆتكەپ يۈدۈپ كەلدى. شياۋجياڭنىڭ تاپىنى بىر ئاز ئاغرىپ تۇرسىمۇ، ھىچنىمە بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان. ئۈچىسىغا ئۈچ قورۇق باكلوشكا ئېسىۋالغانلىقتىن بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ، داڭ - داڭ ئاۋاز چىقارغانلىقتىن، بىر نەچچەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. ياڭ جېڭلۇ بىر قولى بىلەن شياۋ جياڭنىڭ قولىنى يەنە بىر قولى بىلەن شياۋ يانىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «كېلىڭلار! بىرەر ناخشا ئېيتايلى، چارلاش دۈيى ناخشىسىنى ئېيتايلى» دېدى.

شامال قۇملۇقنىڭ «ئىززىز مېھمانىمىزدۇر»، دائىم دېگىندەك

ئۇلارنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان خۇددى بىر قېتىم
بىلىك ئۇرۇش قىلغانغا ئوخشاش خوشال بولۇشۇپ
قىزلار قايتىپ كەلگەن سەيداشلىرىنى چىلىك قوچا
شياۋ جيالىڭ يېڭىلەن شياۋيا خوشاللىقىدىن كۆزلىرىگە ياش ك
ئۇ، ئىككىنسى قىزلارنىڭ قوچىقىدىن چىقىپ كېلىپ، ھە
بىرلىكتە ياڭ جېڭلۇنى چىڭ قوچاقلىدى.

## 4

7 – ئايدا يولداش چېن جېمىن پراكتىكانت ت
سوپىيتىدە 106 – دۆيگە پراكتىكا قىلىشقا كەلدى. شۇ
چۈشتىن كېيىن، شوپۇر لاۋلىيۇ بۇ قىزنى ياڭ دۆيجاڭ
غۇلات قىلىنىۋاتقان جايغا ئېلىپ كەلدى. ماشىنىدا قىزا قاس
شامالغا قارشى ئۈچ سائەتتىن ئوشۇقىراق مېڭىپ، كەچ
ئاران تۇرالغۇ جايغا يەتتى. ماشىنىدىن چۈشكەندە ئۇن
شامالدا ئەگىشىپ: «سوپىنوزۇك سولار، كۆپىكۈك
مان...» دېگەن يېقىملىق ناخشا ئاۋازى، ئېغىز گارمو-
تەككەش قىلىشى ئاڭلاندى. لاۋلىيۇ: «قانداق؟ بىزۇ نا
ئېيتىشى ئىلامان ئەمەستۇ؟ بۇنى بىزنىڭ ياڭ دۆيجاڭ ئې
تىدۇ. ئۇ ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدۇ، بولۇپمۇ
ئىر خېنىمنىڭ توي قىلىشى»، «چارلىغۇچىلار ناخشىسى»، ۋە
خۇاكولى» قاتارلىق ناخشىلارنى ئېيتىشقا بەك ئامراق»
شياۋ چېن چېدىرغا كىرگەن چاغدا، ئىشىككە چاپلانغان
لىيەنكە كۆزى چۈشتى، يۇقىرىدىكىسىگە: «قاقاسلىق بىلە
رەش قىلىپ، توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاشتا، ئ
قېنىمىزنى چېچىشقىمۇ رازى»، دېيىلگەن. ئاستىدىكى دە
دە: «ھاجايتا ئۆشەقەتتىن قورقماي، ياشلىق باھارىمىز ن

دەم ئېلىۋېلىپ، ماڭماقچى بولدى. ئۇ قايتا قايتىشتا شامالغا قارشى ماڭىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر كۈن كەچكىچە ئېچىلىدۇق، يەنە بۇ بىر ئارتۇقلۇق يولغا يۈگۈردۈم، ھەقىقەتەنمۇ چارچاپ، جان قالمىدى دەپ ئويلىدى. يەنە بەدەندىكى تەرگە سوغۇق شامال تېگىپ، توختىماستىن غال-غال تىترەپ كەتتى. ئەمدىلا ئولتۇراي دەپ تۇرغىنىدا، تۇساتتىن ئېسىگە ھەمراھلىرى كېلىپ: ياق، دەم ئېلىشقا بولمايدۇ، ئۇلارغا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك. مۇبادا تارقىلىپ كەتسەك مەسىلە ئېغىرلىشىپ كېتىدۇ. بوران بىلەن كۈرەش قىلىش ئۆزىمىزنىڭ جىسمانىي ۋە ئىرادىمىزگە بولغان سىناقتۇر دەپ ئويلىدى؛ ياڭ جېڭلۇ پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ شامالغا قارشى ئىلگىرىلەپ، گويا ئۆمىلىگەندەك مېڭىپ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن ئۇلار قول تۇتۇشۇپ، مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدى. بوران ئازراق ئاستىلىغاندا دەرھال جىددىي مېڭىپ، بوران كۈچەيگەندە، بورانغا تەتۈر قاراپ كەينىچە ماڭدى. بوران كۈچىيىپ، قۇمنى ئۇچۇرتۇپ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرغاندا، ياڭ جېڭلۇ ئىككى بىلىكىنى سوزۇپ، شياۋ جياڭ بىلەن شياۋيانى باغرىغا باستى. شياۋيا: «مېنىڭ تازا يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ» دەپ ئاستاغىنە پىچىرلىدى. شياۋ جياڭمۇ: «مېنىڭمۇ يىغلىغۇم كېلىۋاتىدۇ» دېدى. ياڭ جېڭلۇ: «يىغلىغىڭلار كەلسە، بار كۈچۈڭلار بىلەن تازا ۋارقىراپ يىغلىۋېلىڭلار، يىغلىساڭلار كۈچۈڭلار كۆپىيىدۇ» دېگەنىدى، ئىككىلا قىز كۈلۈپ كەتتى.

يېرىم كېچە بولغاندا، بۇلار ئاران تۇرالغۇ جايغا يېتىپ كەلدى. دۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆزلىرىنى چېدىر ئىچىدىن تالاغا تىككىنىچە ئۇخلىماي ئۇلارنى ساقلاپ ئولتۇرغانىدى.

رۇۋتتىنى چىقىرىپ بەردى. لاۋلىۋ ئالغىلى ئۇنىمىغانىدى، ياڭ دۇيجاڭ: «مەن دۇيجاڭ سەن مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك» دەپ كېسىپ ئېيتىپ، مەسىلە تىلىشىشكە ھېچقانداق پۇرسەت قالدۇرمىدى. شىياۋ چېن بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئى-چىدە: شوپۇر بولسا ئەركىشى، ئۇبىر كېچە يەردە ياتسا ھېچ-نىمە بولمايدۇ غۇ، لېكىن دۇيجاڭ سىز ئايال كىشى تۇرسىڭىز دەپ ئويلىدى. — بۇ يېڭى كەلگەنلىكتىن ئېيتىشقا پېتىنالماي، ياڭ دۇيجاڭغا تىكىلگەن پېتى قاراپ تۇرۇپ قالدى. ياڭ جېڭلىۇ خۇددى ئۇنىڭ ئويىنى سەزگەندەك، ئۇنىڭغا ئاستا-غىنە: «ليۇ ئۇستام زۇكام بولۇپ قاپتۇ، ئاۋلاپ ساقىنە، ئۇ كەپ قىلسىلا ئاۋازى غۇڭ-غۇڭ قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر كەچ-تە يەنە سوغۇق تېگىپ قالسا، كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كېتىمەدۇ» دېدى.

ياڭ جېڭلىۇ لاۋلىۋغا ياردەملىشىپ ئورۇنلىرىنى رەسلە-ۋېتىپ، ئۇنىڭدىن: «بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەدەنىيەت دە-رسىنى ئوقۇپ، نەچچىنچى دەرسكە كەلدىڭىز؟» دەپ سورى-دى. لاۋلىۋ: «17 - دەرسكە كەلدىم» دەپ جاۋاپ بەردى. ياڭ جېڭلىۇ: «بۈگۈن كەچتە 18 - دەرسنى ئۆگىنىمىز» دېدى. لاۋلىۋ كۈلۈپ تۇرۇپ ئاستا ھالدا: «ياڭ دۇيجاڭ، بۈگۈن كەچتە بولدى قىلايلى، سىز يەنە يېڭى كەلگەن سەپداشقا ئەھۋال تونۇشتۇرىسىز. مېنىڭمۇ ئۇيقۇم كېلىپ تۇرىدۇ» دېدى. ياڭ دۇيجاڭ: «ھازىر تېخى بالدۇرغۇ، ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن ئۇخلىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دەپلا، ئۈچ دانە خاتىرە دەپ-تەرنى ئېلىپ چىقىپ، لاۋ ليۇگە بەرگەچ: «بۇنى ئورۇمچىدىن ئالغۇزدۇق، سىز بۇنىڭغا خاتىرىڭىزنى ياخشىراق قالدۇرۇڭ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەكشۈرىمەن» دېدى. لاۋلىۋ خاتىرە

قىتلىك تېپىشقا بېغىشلايمىز»، توغرىسىدىكىسىگە: «چارلاش ئاۋانگاردلىرى» دەپ يېزىلغان. بۇ چارلاش دۇيىگە يېڭىدىن كەلگەن چېن جېمىن ئۈچۈن ئېيتقاندا، نېمە دېگەن يېڭىلىق، ھە! بايا ئۇنىڭ كۆزىگە بۇ بىپايان چەت - ياقا چۆللۈك، شۇنداق قۇرۇق، زېرىكىشلىك كۆرۈنگەنىدى. ھەمدى كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارنى كۆرگەندىن كېيىن، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان بۇ كىشىلەر ياراتقان ھىدىنى پۇرىدى. ئۇلارنىڭ ئېيتقان ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ كۆرۈنۈشلەرگە قاراپ، بىرخىل جاپاغا چىداپ، ئالغا ئىنتىلىۋاتقان ھاياتى كۈچىنىڭ ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چېدىرغا كىرگەندىن كېيىن بەزىلەرنىڭ گېزىت كۆرىۋاتقانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ ئېغىز گارمون چېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. دۇغلاق كەلگەن بىر قىز قولىغا بىر كىچىك كۈرجەكنى ئېلىپ، ئوچاققا نان پىشۇرىۋاتاتتى. لاۋلىيۇ نان پىشۇرىۋاتقان قىزغا: «ياڭ دۇيجاڭ، سىزگە بىر پراكتىكانت ئېلىپ كەلدىم» دەپ توۋلىدى. ياڭ جىڭلۇ قولىدىكى كۈرجەكنى ئالدىراش تاشلاپلا، يۈگۈرەپ كېلىپ، شياۋچېننىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، خوشال بولغان ھالدا: «قارشى ئالىمىز، قارشى ئالىمىز! يولداشلار تېز كېلىڭلار، يېڭى سەپداشنى قارشى ئالايلى» دېدى. قىزلارنىڭ ھەممىسى چۆرىدەپ كېلىپ، گويا يىراقتىن كەلگەن ئاچا - سىڭىللىرىنى قارشى ئالغاندەك بولۇپ، بەزىلىرى ئۇنى - بۇنى سورىسا، بەزىلىرى ئۇنىڭغا يۈز يۇيىدىغان سۇ ئەكىلىپ بېرىشتى.

كەچتە، شوپۇر لاۋلىيۇ ماشىنىسىغا ئىشلىتىپ يۈرگەن بىر بېرزېنت بىلەن چېدىرنىڭ قېشىدىن بىر كەپە ياساپ ياتماقچى بولغانىدى. ياڭ دۇيجاڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قاتلىما كا-

شىياۋچېن يەرگە مەن ياتاي دەپ تالىشىپ تۇردۇلىغانىدى، ياڭ جېڭلۇ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ يوتقان - كۆرپەم قېلىن، يەنە يۇڭ ئەدىيالىم بار، توڭلىمايمەن» دېدى. كۆرپىلىك تولۇق ياتتى، ياڭ جېڭلۇ شىياۋچېندىن ئاستاغىنە: «تېخى دالادا ئىشلەپ باقمىغانسەن؟» دەپ سورىدى. شىياۋچېن: «ياق» دەپ جاۋاب بەردى. «دالادا ئىشلىگەندە ئىگىز تاغلارغا چىقسىڭىز، قورقامسەن - يوق؟» - دېدى. شىياۋچېن «ئازراق قورقىمەن» دېدى. ياڭ جېڭلۇ يەنە: «بۆرىدىن قورقامسەن» دەپ سورىدى. شىياۋچېن: «ئازراق قورقىمەن» دەپ جاۋاب بەردى...

... يېرىم كېچە بولغاندا شامال چىقىشقا باشلىدى، چۆللۈكتە بۇنچىلىك قېتىم تونىگەن ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھېمىشە توڭلاپ تۇرغاندەك بولۇپ، ياخشى ئۇخلىيالمايتتى. شىياۋچېن يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، شامالنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى بىر ئاز پەرىشان بولدى. ئۇ بىر ئۆرۈلمۈپىدى، ئۈستىدە يۇمشاق ئېغىر بىر نەرسىنىڭ يېپىقلىق تۇرغانلىقىنى سېزىپ، سىيپاپ باقتى، يۇڭ ئەدىيال ئىكەن، بۇنى كىم يېپىپ قويغاندۇ؟ ئۇ قولىنى سوزۇپ، يەردە ئۇخلاۋاتقان دۈيجاڭنىڭ ئۈستىنى سىلاپ باقسا، دۈيجاڭ پاختىلىق بىر يوتقاننىلا يۆگىنىپ ياتقانىكەن»...

ئەتىسى ياڭ دۈيجاڭ شىياۋچېننى ئەگەشتۈرۈپ ئىشقا چىقتى. 7 - ئاينىڭ قاقاس دالا خۇددى ئوتتەك قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شامال خۇددى كۆلەڭگىدەك بىللە ئەگىشىپ، قۇلاقنىڭ تۈۋىدە غۇڭۇلداپ تۇراتتى. ئازراق ماڭماستىنلا شىياۋچېننىڭ گېلى قۇرۇپ كەتتى. كىچىككىنە گېولوگىيە بولقىسىنى قولىغا ئېلىپ يۈرگەننىڭ ئۆزىگە خۇددى بىر چوڭ بازغاننى كۆتۈرۈۋالغاندەك ئېغىر تۇيۇلدى. بىر-

داپتەرنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، خىجىل بولغان ھالدا: «ھەي، دۈيجاڭ سىز مېنى ھەمىشە كىچىك ئوقۇغۇچىدەك كۆرىسىز» دېدى. لېكىن ئۇ كۆڭلىدە قاتتىق ھاياجانلانغانىدى.

بۇ يەنىلا 7 - ئايدىكى ئىش ئىدى. ياڭ جېڭلۇ دۈيجاڭ بولغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولماي، لاۋليۇنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى، ئادەتتە پىتوپكا يېزىشىنىڭ ئۆزىدە، بىر ھەرپىنىڭ شەكلىنى بىر مۇنچە ۋاقىت يېزىپمۇ كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى بايقىغانىدىن كېيىن، ياڭ جېڭلۇ لاۋليۇغا خەت ئۆگىتىش كېلىشىمىنى تۈزىدۇ. دەسلەپتە لاۋليۇ قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ، ئۇنىنەچچە كۈن ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۆگىنىشكە خوش ياقماي قالىدۇ. ھەر دائىم ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئالدىرىماي ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ پىتوپكىلارنى ۋاراقلاش بىلەن ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان بولىۋالدى. ياڭ-جېڭلۇ لاۋليۇنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا بىر ئامال ئويلاپ تاپتى. لاۋليۇ پىتوپكا رەتلىگەن چاغدا، ياڭ جېڭلۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرىۋېلىپ، ئۇنىڭغا تېكىستنى بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن چۈشەندۈردى. بەزىدە گېزىت ئوقۇپ ئىبقىم بەسىللىرىنى سۆزلەپ بەردى. ليۇ ئۇستامۇ ئاستا-ئاستا ئادەتلىنىپ، ئۆگىنىشكىمۇ قىزىقىدىغان بولدى. بىر ئايغا يەتمەيدىغان ۋاقىت ئىچىدىلا، ئادەتتىكى خەتلەرنى رەتلىك يازالايدىغان بولدى. ليۇ ئۇستام تەسىرلەنگەن ھالدا: «مەن ئوتتۇز نەچچە يىل ھايات كەچۈرگەن بولساممۇ، مۇنشۇنداق بىر ياخشى ئادەمنى يولۇقتۇرمىغان ئىكەنمەن!» دەيتتى.

ياڭ دۈيجاڭ لاۋليۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۆزىگە شىياۋ چېننىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى يەرگە ئورۇن سالدى.

بىر قېتىم، شياۋلى ياك دۈيجاڭغا ئۆزىنى ئەك يـ
مەشغۇلات ئورنىغا بىرگە ئاپىرىپ خىزمەت قىلدۇرۇ
تەلەپ قىلىپ تۇردۇۋالدى. ئۇ چاغلاردا دالا دۈيلىرى يىـ
بېرىشنى، جاپا چېكىشنى خوشاللىق دەپ بىلەتتى.
دۈيجاڭ شياۋلىنى ئېلىپ ئىشقا چىقىدۇ. يېرىم يولغا كەلگە
شياۋلىنىڭ پۇتى قاپىرىشقا باشلايدۇ. ئەسلى ئۇ پـ
ئانچە دەل كەلمەيدىغان كونا بەتىنكە كىيىۋالغانـ
ياڭ جېڭلۇ بۇنى كۆرۈپ، شياۋلىنى زورلاپ ئۆزى بىـ
ئاياق كىيىم ئالماشتۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ يېڭىراق بەتىنكىـ
ئۇنىڭغا كەيگۈزۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە قايتىپ كېلىۋاتـ
ياڭ جېڭلۇنىڭ ئىككى پۇتىمۇ بەتىنكە غاجاپ قاپىرىتىۋېـ
چارلاش دۈيىنىڭ خادىملىرى پۇتىنى ئاياق كىيىم غـاـ
قاپىرىتىۋەتكەندە قوملۇقتا مېڭىشنىڭ ئازابىنى تـازا بىـ
قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇرغان جـايغا يەنـە 10 نـەـ
چاقىرىمدەك قالدى. ئامالسىزدىن خىزمـەتتە ئىشلىتىـ
ئەۋرىشكە خالتىسى بىلەن پۇتىنى يۆگەپ، تۇرغان
ئاران يېتىدۇ.
ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بىر كۈنى، ئىشتىن چـۇ
كەلگەندىن كېيىن دۈيجاڭ شياۋچېنغا بىر چېرتيـوژ سـ
ۋەزىپىسىنى تـاپشۇرىدۇ. شياۋچېن ناھايىتى ھـارغىنلىق
قىلىپ تۇرغانىدى. لېكىن ۋەزىپىنى جىددىي ئىشلەپ بـ
كېرەك. يەنە جەزمەن شۇ كۈنى كـەچتە سىزىپ بـ
كېرەك. شۇنىڭ بىلەن شياۋچېن مەشغۇلات ماتېرىيالى بـ
ئالدىراپ - تىنەپ ئىككى سائـەتتە سىزىپ بـولـۇپ دۈيـ
تاپشۇرۇپ بېرىپ، يېتىپ ئۇخلاپ قـالىدۇ. ئىككىنچى كـ
ياڭ جېڭلۇ چېرتيوژنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ شياۋچېنغا:

ئەچچە قەدەم ماڭمايلا باكلوشكىدىكى سۇدىن بويى، بۇزۇپ بىر يۇتۇم ئىچىپ قويۇپ، چۈش بولغىچە بىر باكلوشكا سۇنى تۈگىتىپ بولدى. لېكىن دۆيجاڭچۇ؟ شياۋچېن، ياڭجېڭلۇنىڭ چۈشكىچە باكلوشكىدىكى سۇنى قوزغاپمۇ قويمىغانلىقىنى پەقەت ماتېرىيال توپلاش بىلەنلا بولغانلىقىنى بايقىدى. شياۋچېن بوش ئەگىشىپ يۈرۈشكىمۇ مادارى قالمىغانىدى. ئۇنىڭدا نەدىكى ئەۋرىشكە يىغىش غەيرىتى بولسۇن. ياڭجېڭلۇ شياۋچېننىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ سومكىسى بىلەن گېئولوگىيە بولقىسىنى قولىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭغا: «تېزىراق بۇ سۇدىن ئىچىپ بىردەم ئېلىڭ» دەپ ئۆزىنىڭ باكلوشكىسىنى ئۇزاتتى. شياۋچېن خىجىل بولغان ھالدا: «مەن بىر باكلوشكا سۇنى بىراقلا ئىچىپ بولدۇم، ئەندى سىز ئىچىڭ» دېدى. ياڭ جېڭلۇ كۈلۈپ تۇرۇپ: «دەسلەپ دالا خىزمىتىگە چىققان ئادەم بىر باكلوشكا سۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، بىر چېلەك سۇ ئىچسىمۇ قانمايدۇ. بىز ھەممىز تۆگىگە ئوخشاش بولۇپ كۆنۈپ قالدۇق. سىز تېزىراق ئىچىڭ» دېدى. بۇنداق چاغلاردا بىر يۇتۇم سۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچە تاتلىق بىلىنەتتى.

بىر كۈن كەچكىچە دالا - تۈزدە ماڭغانلىقتىن، كىشىنىڭ بەل ۋە پۇتلىرى قاتتىق تېلىپ ئاغرىيتتى، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كارىۋاتتا بىردەم يېتىۋېلىشنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچىۋالا راھەتلىك سېزىلەتتى. شياۋچېن كارىۋاتتا يېتىپ، ئەمگەكتىن كېيىنكى راھەتتىن لەززەتلەنەتتى. لېكىن ياڭ جېڭلۇ يەنە ئالدىراش ئوت يېقىپ تاماق ئەتتى. ئۇنىڭ غىڭشىپ ئېيتقان ناخشا ئاۋازى، ئاستا - ئاستا ئۆرلەۋاتقان ئوت بىلەن بىللە بۇ كىچىك چېدىرنى خوشاللىققا تولدۇراتتى.

بىر كۈنى كەچتە كارىۋاتتا يېتىۋېلىپ دۈيجاڭدىن: «سىز نېمە ئۈچۈن مېنىڭ كارىۋىتىمنى دائىم ئوتتۇرىغا قويۇپ قويىسىز» دەپ سورىغاندا، ياڭ جېڭلۇ: «سەن بۆرىدىن قورقاتتىڭغۇ!» دەپ بولۇپلا كۈلۈپ كەتتى.

ھە، شياۋ چېننىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۇ چاغ يەنىلا شياۋ چېن ئەمدىلا دۈيگە كەلگەن بىرىنچى كۈنى ئىدى. دۈيجاڭ ئۇنىڭدىن «بۆرىدىن قورقامسەن» دەپ سورىغانىدى، بۇلارنى ئويلاپ شياۋچېنمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ كەتتى. ئارقىدىنلا ياڭ جېڭلۇ شياۋچېندىن: «ھازىر دالا چارلاشقا ئىككى ئادەملا چىقساڭ قورقامسەن - يوق؟» دەپ سورىدى. شياۋچېن: «قورقمايدىغان بولدۇم» دېدى. يەنە: «قومۇلۇقتا ئۇخلاشقا جۈرئەت قىلالامسەن» دەپ سورىدى، شياۋچېن: «جۈرئەت قىلىمەن» دېدى.

ياڭ جېڭلۇ يەنە: «ئۆزەڭ تاماق ئېتالامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، شياۋ چېن: «ئېتالايمەن» دېدى. ياڭ جېڭلۇ بىر ئاز تىنىغاندىن كېيىن: «ھەرقانداق ئىشنى ئىشلىگەندە قىيىنچىلىق بولىدۇ، پەقەت ئامال چارە ئويلاپ تاپسىلا چەزمەن يەڭگىلى بولىدۇ. دالادىكى خىزمەتنى ئاددى يىرىك ئىش دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. بۇ خىزمەتتە ھەم دادىل يۈرەكلىك بولۇش، ھەم ئەستايىدىل، سەۋىرچان بولۇپ كۆڭۈل قويۇش لازىم. ياخشى گېئولوگىيە خادىمى بولۇش ئاسانغا چۈشمەيدۇ» دېدى.

سۈرئەتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ياڭ جېڭلۇ شياۋ چېن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئەسلىدىكى تۆت ئادەمدىن تەركىب تاپقان گۇرۇپپىنى يەنە ئىككى گۇرۇپپا قىلىپ بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىنى شياۋ چېنغا بەردى. شياۋ چېن خۇشاللىق بىلەن

يەتتە بىر توشكىنى خاتا قويۇپسەن، ماتېرىيالنىڭ توغرىلىقىغا
تەسىر قىلغان، كېيىنكى نۆۋەتتە چوقۇم دىققەت قىلغىن!
ئۈستىگە ئىككى يەرگە سىيا تېمىپ كەتكەن، بۇ چېرتيوژ
يۈزىنىڭ چىرايلىقلىقىغا تەسىر قىلىدۇ، ئەگەر ئالدىراش
يوللايدىغان ماتېرىيال بولمىغاندا، ساڭا قايتا ئىشلەتمەي
قويمايتتىم، دەيدۇ. شياۋچېن دۈيجاڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ
ئاغرىنغان ھالدا: «تۈنۈگۈن سىزغان چېرتيوژ تورسا يەنە
كېلىپ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن كەچتە ئىشلىگەن تورسام،
كىچىككىنە سىيا تېگىپ كەتكەنگە نېمە بولاتتى؟» بىر توشكىنى
خاتا بەلگىلەپ قويۇش دېگەن ئادەتتىكى كىچىك ئىشقۇ،
شۇنچە ئەستايىدىل بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى، دەيدۇ. ياڭ جىڭلۇ
شياۋچېننىڭ ئانچە خۇشال بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ قايتا
ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، تېخنىك شاگو خۇل
پارلاق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، شياۋچېنغا ئەشۇ كۈنى كەچتە
ياڭ دۈيجاڭ چېرتيوژنى تەكشۈرگەندە، چېرتيوژدا خاتا
سىزىلغان توشكىنى توغرىلاش ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن بۇيانقى
بارلىق چارلاش ماتېرىياللىرىنى پۈتۈنلەي قايتا تەكشۈرۈپ
چىقتى، تۈپتوغرا يېرىم كېچىدىن ئۆتۈپ، سائەت ئۈچتىن
ئاشقاندا ئاران تاپقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شياۋچېن
ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن
چېرتيوژ سىزغاندا بىر قېتىممۇ خاتا كەتكۈزمىدى.
ھەر كۈنى كەچتە كارىۋاتنى يېيىپ ئورۇن سېلىپ
ئۇخلاشتا (چېدىر كىچىك بولغانلىقتىن كۈندۈزى ماتېرىيال
سىزغاندا، ئۇخلايدىغان كارىۋاتلارنى يىغىشتۇرۇپ قوياتتۇق.)
ياڭ جىڭلۇ ھەمىشە شياۋچېننىڭ كارىۋىتىنى چېدىرنىڭ قاق
ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ قوياتتى. شياۋچېن بۇنىڭغا ئىچى پۇشاتتى،

قولىدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ، خەتنىڭ ئىگىسىنى تىت - تىتقا سالاتتى. خەت ئىگىسىگە تەككەندىن كېيىن بىردەم جىم بولۇشۇپ ئۆيلىرىنىڭ مېھرىگە چۆمەتتى. بىر قېتىم ياك جېڭلۇ ئاشپەز شىياۋ ۋاڭنىڭ قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىنى بايقاپ قالىدۇ. ئۇ شىياۋ ۋاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئۆيىڭىزدە بىرەر ئىش بولۇپ قالدىمۇ نېمە؟» دەپ سورايدۇ. شىياۋ ۋاڭ: «ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ، ماڭا پۇل ئەۋەتسۇن دەپتۇ» دەيدۇ. ياك جېڭلۇ «قىيىنچىلىق بارمۇ؟» دەپ سوراپ بولۇپ، يەنىلا ئۆزىگە - ئۆزى پىچىرلاپ: راست، شىياۋ ۋاڭ ئېيىغا ئاران 60 نەچچە كوي مۇئاش ئالىدۇ، تاماق پۇلىنى تاپشۇرغاندا ئانچە ئېشىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالدىنقى ئايدا 100 يۈەنلىك زايوم سېتىۋالغان، نەدىمۇ ئارتۇق پۇل بولسۇن دەپلا، شىياۋ ۋاڭغا: «ئۇنىڭغا غەم قىلما، قىيىنچىلىق بولغاندا كۆپچىلىك ياردەم قىلىدۇ» دەيدۇ. شىياۋ ۋاڭ ياك جېڭلۇغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ - يۇ، ئۇلاپلا: «كېرىكى يوق، كېيىنكى ئايدا مۇئاش چىققاندا ئەۋەتسەممۇ بولىدۇ» دەيدۇ. شىياۋ ۋاڭنىڭ كۆڭلىدە ئېنىق ئىدى، ياك دۈيجاڭ ئېيىغا 80 نەچچە يۈەنلىك مۇئاش ئالىدۇ، ئادەتتە دائىم ئۆز پۇلىغا قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋە، كونسىرۋا سېتىۋېلىپ كۆپچىلىككە بېرەتتى، بۇ ئايدا بىراقلا 500 يۈەنگە زايوم ئالدى. ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىنمايدۇ.

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ياك جېڭلۇ 140 يۈەن ئەكىلىپ شىياۋ ۋاڭنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. شىياۋ ۋاڭ ھەيران بولغان ھالدا ياك جېڭلۇغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: ئۇنىڭدا نەدىمۇ بۇنچىلىك كۆپ پۇل بولسۇن؟ دەپ

قوبۇل قىلدى. ئەتىسى ياڭ جېڭلۇ دۈيىنىڭ بىر خادىمىنى باشلاپ، چېدىرنىڭ بىر پارچە بېرزېنتىنى يۆدۈپ، بىر كىچىك گۈرجەكنى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى بۇ «ئائىلىسى»نى شىياۋچېنغا قالدۇرۇپ، يېڭى ئاچقان لېنيىدا ئىشلەشكە كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىشنىڭ سۈرئىتى بىر ھەسسە ئاشتى. بۇ بىر مەزگىللىك پىراكتىكىدا ئارقىلىق شىياۋ چېننىڭ كەسپىي سەۋىيىسى ناھايىتى تېز ئۆسۈپ، ئىشنىڭ كۆلەمدىكى ئەھۋالىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىۋالدى. ئەلۋەتتە، مۇشۇنداق ياخشى دۈيجاڭ تۇرغان يەردە، ئالغا بېسىشىمىز نېمىشقا تېز بولمىسۇن!

خىزمەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، گۇرۇپپىدىكىلەر بەزىدە بىرلىشىپ بەزىدە بۆلۈنۈپ ئىشلەيتتى. ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، دۈيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ باراتتى. بىر مەزگىل بۆلۈنۈپ كېتىپ، باش قوشقاندىن كېيىنكى بىر - بىرىگە بولغان قىزغىنلىق ھېسسىيات نەقەدەر كۆڭۈللۈك - ھە! بولۇپمۇ، سىرتتا مەشغۇلات يۈرگۈزگەن چاغدىكى چاپالىق، زېرىكىشلىك، دۈيدىكىلەرنى بىر يەرگە جەم بولۇش ۋاقتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى ھەسسىلەپ كۈتكۈزەتتى ۋە قەدىرلەتتى. تۇرغان جايلىرىمىز خۇشاللىق ناخشا، كۈلكىگە ئايلىناتتى. قىزلار تېخىمۇ ئالدىراش بولاتتى. باش يۇيۇش، كىيىم يۇيۇش، يوتقان - كۆرپىلەرنى ئاپتاپقا سېلىش، خەت يېزىش، خاتىرە قالدۇرۇش دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرۇشقا ۋاقىت چىقارمايتتى. دادۈيدىن كەلگەنلەر خەت پوسۇلكا ئالغاچ كېلىپ قالغان ۋاقىتتا دۈچ كېلىپ قالسىڭىز تېخىمۇ قىزىپ كېتەتتى. بىر پارچە خەتنى خۇددى تېپىشماق ئويۇنىنى ئوينىغاندەك،

ياڭ جېڭلۇنىڭ يىگىتى يولداش شې خۇڭ، ئۇنىڭ داشۆدىكى ساۋاقدىشى ئىدى، ۋەتىنىمىزنىڭ نېفىت ئىشلىرىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن شىنجاڭغا بىللە كەلگەنىدى. ئۇلار شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، ئەسلى 1957 - يىلى توي قىلماقچىدى، ئۇ چاغدا خىزمەت بەك ئالدىراش بولغانلىقتىن ھازىرغىچە سوزۇلۇپ كەلگەنىدى.

ئۇ يىللاردا ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، كىشىلەر ھېچنىمىسىنى ئايىماستىن مۇھەببەت، ھايات دىمەستىن ئۆزلىرىدىكى بارلىقىنى تەقدىم قىلاتتى.

مانا بۇ دەل بىر كوممۇنىستقا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەتتۇر.

## 6

كېئولوگىيە مىنىستىرلىقىدا 158 - دۈي دېگەن بىر كۆمۈرنى كېئولوگىيىلىك چارلاش دۈيى بار ئىدى. ئۇلارمۇ سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئۇسكۈنىلىرى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، ھەممىسى ئاتقا مىنىپ مەشغۇلات قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەممىسى ئەر يولداشلار ئىدى. ئۇلار سەنتاڭخۇدا 106 - دۈي دېگەن بىر قىزلار نېفىت چارلاش دۈيى بار، كۈنىگە 20 — 30 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، كۈنىگە (گۇرۇپپا بويىچە) 140 كۋادرات كىلومېتىر ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتەك يۇقىرى كۆرسەتكۈچكە يېتىپتۇ دېگەننى ئاڭلاپ، ناھايىتى ئەجەپلىنىپ، بىرىپ «بايقاپ» كەلمەكچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى ئادەمنى ئەۋەتىپ ئىگىز ئاتلارغا مىندۈرۈپ 106 - دۈيگە كېلىدۇ.

ئويلايدۇ. ياڭ جېڭلۇ: «ئالدى بىلەن ئۆيۈڭگە ئەۋەتىپ بەرگىن، كېيىن يەنە ھاجەت بولسا، مەن ساڭا يەنە قەرىز بېرىمەن» دەيدۇ. كېيىن شىياۋ ۋاڭ بۇ پۇلنىڭ ياڭ جېڭلۇ ئۆزىنىڭ يىگىتىدىن ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇقىدۇ.

5

«ياڭ دۈيجاڭنىڭ سۆيگىنى بار ئىكەن» دېگەن خەۋەر تارقىلىپ، دۈيدىكىلەر قىزىقارلىق بىلەن يەتكۈزۈشۈپ يۈردى. بىر نەچچە قىزچاق ياڭ جېڭلۇغا ئېسىلىۋېلىپ، مۇھەببەت خېتىڭنى ئېلىپ كۆرسەت دەپ تۇرىۋالىدۇ. ياڭ جېڭلۇمۇ تارتىنماستىن خەتنى ئېلىپ چىقىپ، قىزلارغا: «بىز بۇ يىللىق ئىشنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن توي قىلىمىز، سىلەرچە قانداق؟» دەيدۇ. ئۇنىڭ سۆزى چورت ھەم سەمىمى ئىدى. شىياۋ جوۋنىڭ ئاغزى ئىتتىك، ئۇ ئالدىغا ئۆتۈپ: «توي قىلىشقا بولمايدۇ، توي قىلغاندىن كېيىنلا دالادا ئىشلەشكە بولماي قالىدۇ» دەيدۇ. شىياۋيا ئاغزىنى دومسايتىپ: «مەيلى توي قىل - قىلما، بەرىبىر سېنىڭ كېتىشىڭگە بولمايدۇ، مەنمۇ سەندىن ئايرىلمايمەن» دەيدۇ. بار - يوقىنى تەڭ تارتىشۋاتقان يولداشلىرىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، ياڭ جېڭلۇنىڭ ئىچىمۇ سىرىلىپ كەتتى. ئۇ ئاستا ھالدا: «مەنمۇ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەممۇ ھەر تەرەپتىن تېخى پىشمىدىم، دالادا يەنە بىر مەزگىل چېنىقىشنى ئويلايمەن» دېدى. شىياۋ جياڭ چاۋاك چېلىپ، ۋارقىراپ: «قوۋۇەتلەيمەن قوۋۇەتلەيمەن» دەيدۇ.

بىزنىڭكىدىن ياخشىكەن دېدى. سىلەرنىڭ جاپا چېكىش روھىڭلار ۋە پۇختا تېخنىكاڭلار بىزنىڭ ئوبدان ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. بۈگۈن بىز ئالايتەن كېلىپ، تەجرىبە قوبۇل قىلغىلى كەلدۇق» دەپ. سۆزلەپ بولۇپلا، باشلاپ چاۋاك چېلىپ كەتتى. قىزلار يۈرەكلىرى ئېسىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، كېلىشىپ قويغاندەك ھەممىسى ياڭ جېڭلۇغا تىكىلىپ قاراپ: ھە، شۇنداق! ئۇ بىر دۇينىڭ باشلىقى بولغانلىقى ئۈچۈن، جېنىمدىكى پۈتۈن كۈچىمنى سەرىپ قىلىپ، بۇ يۈكنى زىممىسىگە ئالغان، شۇڭا مەدھىيە ئالدىدا، ئۇنىڭدا خىجىل بولغىدەك ھېچنېمە يوق دەپ ئويلىدى. لېكىن ياڭ جېڭلۇ خىجىللىقتىن يۈزلىرى قىزىرىپ: «بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىزدىمۇ نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بار. بولۇپمۇ مەن تېخى ئوبدان ئىشلەپ كېتەلمىدىم، بىز بىرلىكتە ئورتاق ئۆگىنەيلى!» دېدى. لى دۇيجاڭ: «سىلەردىن ئۆگىنىش ئۈچۈن كېلىشىنىڭ سىرتىدا، بىز بارلىق يولداشلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئاتلىرىمىزنىڭ يېرىمىنى سىلەرگە بۆلۈپ بەرمەكچى، ئاتقا مىنسەڭلار تېخىمۇ تېز بولىسىلەر» دېدى. ياڭ جېڭلۇ قىزلارغا قاراپ قويۇپ، كۈلۈپ تۇرۇپ، لى دۇيجاڭغا: «مەن كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن يولداشلارنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن» دەپ باشلاپ چاۋاك چالدى. لى دۇيجاڭ قولىنى شىلتىپ: «شۇنداق بولسۇن، ئەتە ئاتلارنى ئېلىپ كەلسۇن» دەپ بولۇپ، سىرتقا قارىدى، گويا ئات باقىدىغان جاينى كۆزەتكەندەك قىلدى. ياڭ جېڭلۇ كۆز ئىشارىتى ئارقىلىق قىزلار بىلەن كېلىشكەندەك بولۇپ، لى دۇيجاڭغا: «راستىنى ئېيتسام، سىلەر ئاتنى ئېلىپ كەلسەڭلار، بىز ھەقىقەتەن تەڭلىكتە قالىمىز، ھازىر خىزمەت ئالدىراش، ئادىمىمىز

ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، ياڭ دۈيجاڭدىن بىرنەچچە ئېغىز
ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، باشلىرىنى چېرتيوژ ماتېرىيال-
لاردىن ئالماستىن، ئېنچىكىلىك بىلەن ماتېرىيال كۆردى.
كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، چېرتيوژنى ئوبدان يۆگەپ قويۇپ،
ياڭ جېڭلۇلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ،
ئاستاغىنە چىقىپ كېتىدۇ. قىزلار، بۇ ئىككى «زىيارەتچىلەر»
نىڭ غايىپ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىغاندىن كېيىن،
چېدىرنىڭ سىرتىدىن ئىزدەپ يۈرسە، ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ،
گويا بىرسى كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك قۇيۇندەك
كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. ئىككىنچى
كۈنى يامغۇر ياققانلىقتىن، دۈيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى تۇرۇش-
لۇق جايدا ماتېرىيال رەتلەيدۇ. چۈشتە ئۈچ ئادەم كېلىدۇ.
چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرگەندە قارىساق، تۈنۈگۈنكى كەلگەن
ئىككى يىگىتمۇ بار ئىكەن. قىزلار تۈنۈگۈنكى ئەھۋالنى
ئويلاپ يەنە كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. كەلگەنلەر: «بۇ ئادەم بىزنىڭ
لي دۈيجاڭ بولىدۇ، ئالايىتەن سىلەردىن ئەھۋال سورىغىلى
كەلدى» دەپ بىر ئەر ئادەمنى نۇسقاپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ
دۈيجاڭ ئالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇپ، سەممىيلىك بىلەن: «سىلەردىن
يوشۇرغىچىلىقى يوق، تۈنۈگۈن شياۋ جاۋ بىلەن شياۋ ۋاڭنى
ئېۋەتكەندە، نامدا «ئۆگىنىش» بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «رازۋېت»
قىلىش ئىدى. سىلەر بىر ئايدا 6000 كۋادرات كىلومېتىردىن
ئارتۇق ئورۇنداپتۇ دەپ ئاڭلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ھېچقايسىسى
ئىشەنمىگەنىدى، سىلەرنىڭ خىزمەت سۈپىتىدە مەسىلە بولۇشى
مۇمكىن دەپ گۇمان قىلغان. بۇ ئىككەيلەن سىلەرنىڭ
ماتېرىياللىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، قايتىپ بېرىپ، ھەقىقە-
تەنمۇ بىرىنچى دەرىجىلىك ئىكەن، ھەم ئېنىق ھەم كۆركەم،

چاغلاردا بېرىپ قالغىنىمىزدا يېزىدا پەقەت قېرى، ئاجىز، ئاياللار ۋە بالىلارلا قالىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا چارلاش دۈيىنىڭ خادىملىرى ئۇلارنىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ياردەمچىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سوزۇلۇشچان كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئومار ئاتانى دۈيدىكىلەر بارىكۆل ناھىيىسىگە ئاپىرىپ داۋالىتىپ كەلدى. لى مومايىنىڭ ھويلىسىدىكى سەيلىككە دۈيدىكىلەر سەي تېرىپ بەردى. ئاشىخان يەڭگىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا دۈيدىكىلەر سۆكسۆك ئوتۇننى دۆگىلەۋەتتى. ۋەزىپە دېگەن بىر كىچىك قىزچاققا دۈيدىكىلەر گۈللۈك كۆينەك ئەكىلىپ بەردى. ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ كادىرلىرى قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ياڭ جىگلونى ئىزدەپ كېلىپ مەسلىھەتلىشىپ ھەل قىلىپ تۇردى. كىشىلەرنىڭ مېھرى-مۇھەببىتىدىن ئىللىق ھېسسىيات يېتىدۇ. گۇڭشې ئەزالىرى چارلاش دۈيدىكىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن تۇغقىنى قاتارىدا كۆرۈپ، تەملىك تائاملار ئەتسىلا، دۈيدىكىلەرنى ئۆيلىرىگە سۆرەپ تەكلىپ قىلىپ تۇردى. بىر قېتىم دۈيىمىزدە ئۆلچەشكە ئىشلىتىدىغان بەلگە خادىسى تۈگەپ قالىدۇ، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى تېز بولغاچقا، چوڭ ئەترەتكە بېرىپ ئەكىلەي دېسە، دەرھال ئەكىلىش مۇمكىن ئەمەس، ئىزدەيلى دېسەك، بۇ چۆللۈكتە بىرەر تال ماتېرىيالغا يارايدىغان ياغاچ تېپىشنىڭ ئۆزى قۇمدىن ئالتۇن تاسقاش بىلەن تەڭ. ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئەزالىرى بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئۆزلىكىدىن تۇيدۇرماستىن توپلىشىپ پىلان تۈزىدۇ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە، دۈيدىكىلەر چېدىرنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە بىرقانچە ئون تال چوڭ - كىچىك، يوغان ئىنچىكە ياغاچنىڭ دۆگىلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇقۇشۇش ئارقىلىق گۇڭشې

ئاز، ھازىرقى زامان بېقىش ئۇيياقتا تۇرسۇن، ئادەملىرىمىزنىڭ ئۆزئۈقلىنىشىمۇ تەسكە توختىماقتا. نەدىمۇ چۆپ ئورۇپ ئەكىلىپ ئات باققىلى بولسۇن» دېدى. كۆپچىلىك ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ لى دۈيجاڭنى قايىل قىلدى. مۇشۇنىڭدىن كېيىن ئىككى دۈي دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇردى. خىزمەتتە مەسىلىلەرگە يولۇققاندا ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلدى. بەزىدە ئۇلارنىڭ سۈيى تۈگەپ قالغاندا، ياڭ دۈيجاڭ ماشىنا ئېۋەتىپ سۇ يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇلارمۇ بەزىدە قوغۇن - تاۋۇز، كۆكتات - مېۋە قاتارلىقلارنى ئاتقا ئارتىپ ئەكىلىپ تۇردى. 158 - دۈي ئۇرۇمچىگە قايتىدىغان چاغدا، 106 - دۈيگە بىر لەۋھە تەقدىم قىلغانىدى. ئۇنىڭغا: «ئىنقىلابىي دوستلۇق، خالىسانە ياردەم» دەپ يېزىلغان!

دوستلۇق گۈلى جاپا - مۇشەققەتلىك تۇپراقتا ئۈسۈپ يېتىلىپ، تېخىمۇ گۈزەللىككە بېزىلىدۇ. ياڭ جېڭلۇ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى سارانول تېغى ئېتىكىدە دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچتى.

سەنتاڭخۇ خەلق گۇڭشېسىدا يۇقىرى كۆلچەك، ئوتتۇرا كۆلچەك، تۆۋەن كۆلچەك ۋە ناۋماۋ كۆلى قاتارلىق چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان بىرنەچچە ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەردە قازاق، ئۇيغۇر، خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان ئەزالار ئولتۇراقلاشقان. ھەر قېتىم 106 - دۈي بۇ يەرگە جەم بولۇپ رەتلەش ئېلىپ بارغاندا، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى ئالاھىدە جانلىنىپ كېتەتتى. دۈيدىكىلەر بىلەن ھەر مىللەت گۇڭشې ئەزالىرى بىرلىكتە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئاچىدۇ، ۋەلېيبول ئوينايدۇ، ئۆيلەرگە بېرىپ مېھمان بولىدۇ. ياش، ئوتتۇرا ياشتىكى گۇڭشې ئەزالىرى سىرت جايلارغا مال باققىلى كەتكەن

سۈرلۈك بولاتتى. قىزلار يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتاتتى ...

ئەلۋەتتە! مۇشۇنداق خىزمەت شارائىتتا، مۇشۇنداق تۇرمۇش مۇھىتتا، بىر ئاز ئېتىقات، ئازىراق روھ، ئازىراق جاسارەت ۋە پاراسەت بولمىغاندا بۇنداق ئىشلەشنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مانا بۇ ياش قىزلار ياڭ جىڭلۇنىڭ باشلامچىلىقىدا پۈتۈن سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىنى ئايلىنىپ چىقتى.

9 - تاينىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا، ئۇلار 6800 كۋادرات كىلومېترلىق ۋەزىپىنى ئورۇنداپ بولدى.

ۋەزىپە ئورۇندالدى. ھەرقايسى گۇرۇپپىلار كەينى - كەينىدىن ناۋماۋ كۆلى بويىدىكى بازاغا قايتىپ كېلىشكە باشلىدى. كۆپچىلىك كۆرۈشكەندە بىرىنچى سۆزى پالان كىلومېترنى ئورۇندىدۇق دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قۇچاقلىشىپ سەكرىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئىچ - باغرىنى ئاقتۇرۇپ پاراڭغا چۈشىدۇ ...

كەچتە، ياڭ دۈيجاڭ كۆپچىلىكنى باشلاپ بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىنى ئاچتى. ئەشۇ شاتلىق كۈلكىسى نەقەدەر يېقىملىق، ئەشۇ جاراڭلىق ناخشىلار نەقەدەر گۈزەل دېمەمسىز چۇ!

ئەشۇ تاغ جىلغىنىڭ شامىلى
لەپىلدەتكەن قىزىل بايرىقىمىزنى،
ئەشۇ دەھشەتلىك يامغۇرلار،
يۇيۇپ تۇرغان چېدىرلىرىمىزنى.
بىزدىكى ئوتتەك قىزغىنلىق،
يېڭىدۇ ھاردۇق بىلەن سوغۇقنى

ئەزالىرى ئەكىلىپ قويغانلىقىنى بىلدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كىچىك ئۆيلىرىدىكى تۆۋرۈكلەرنى، بەزىلىرى مال قوتانلىرىنىڭ لاپاسلىرىنىڭ ياغاچلىرىنى چۇۋۇپ، يەنە بەزىلىرى ئۆي ياساشقا تەييارلاپ قويغان چەنزىلىرىنى كۆتىرىپ كەلگەنىكەن. ياڭ جىڭلۇ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ كادىرلىرى بىرتالاي خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق ئەزالارنى ئاران قايىل قىلىپ، يارامىلىق ماتېرىيال ياغاچلىرىنى ئالغۇزۇپ كەتتى.

قىش كىرىشتىن بۇرۇن سەنتاڭخۇ ئويمانلىقىنى ئومۇمى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن پۈتۈن دۈي تولۇق ئاتلىنىپ، ئىككى ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مەشغۇلات سېپىدا يېتىپ - قوپۇپ، ئالدىنقى لىنىيىدە تۇرۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇلار چېدىرنىڭ خادىلىرى، ياپىدىغان بىرزىنتلىرىنى بىرقانچە پارچىغا بۆلۈپ، بىر گۇرۇپپىغا بىر پارچىدىن بېرىپ، قازان، قاچا، داس قاتارلىقلارنىمۇ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ بېرىدۇ. ياڭ جىڭلۇ ئۆزى بازادىن ئەڭ يىراق، كېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ئەڭ مۇرەككەپ بولغان كۆل ئەتراپىنى ئۆزىگە بۆلۈپ، بازاغا يېقىن، كېئولوگىيىلىك ئەھۋالى ياخشى جايلارنى باشقا گۇرۇپپىلارغا بەردى.

گۇرۇپپىلار تارقىلىپ ئىشلىدى. گۇرۇپپىلارنىڭ ئارىلىقى بىرقانچە ئون كىلومېتىردىن بولۇپ، خىزمەت خېلى جاپالىق بولدى. ئىككى قىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، خىزمەتنى قايەرگە بېرىپ ئىشلىسە، كەچتە شۇ يەردە ياتتى. كىچىك بىر پارچە بىرزىنتنى كۈنلۈك شەكلىدە تىكلەپ «ئۆي» قىلىپ ياتتى. ھەم ئوتۇن يىغىپ، ھەم تاماق ئېتىپ ئىچتى. كۈن پاتقاندا، ئوت يېقىپ يورۇق قىلىپ، ئوتنىڭ يورۇقىدا ماتېرىياللارنى رەتلەيدۇ. بەزىدە چۆللۈكتە بوران چىقىپ كەتسە تېخىمۇ

ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا ئاپىرىشنى بۇيرۇيدۇ. ماشىنا ئەسلى ياڭ دۈيجاڭنىڭ گورۇپپىسىنى 20 كىلومېتىرنىڭ سىرتىدىكى رايونلارغا ئاپىرىپ، بىرنەچچە مەشغۇلات نۇقتىسىنى قايتا تەكشۈرۈپ كەلمەكچى ئىدى. ياڭ دۈيجاڭ گورۇپپىسىدىكىلەرنى ئېلىپ پىيادە كەتتى.

9 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، دادۈي ياڭ جېڭلۇغا ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئىلغارلارنى تەقدىرلەش چوڭ يىغىنىغا قاتنىشىشنى ئۇقتۇردى. 106 - دۈي ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالىنىپ، لەۋھە تەقدىم قىلىپ، سەھنىدە ئولتۇرۇپ، سۆزگە چىقماقچى ئىكەن.

ياڭ جېڭلۇ شياۋچېنغا: «بۇ يىغىنغا سەن بېرىپ قاتنىشىپ كەل» دەيدۇ. شياۋچېن: «بولمايدۇ! مەن قانداقسىگە پۈتۈن دۈيگە ۋەكىللىك قىلالايمەن، پەقەت سەنلا لايىق» دەيدۇ. ياڭ جېڭلۇ ئاڭلاپ ئاستا ھالدا: «لايىق دېسە، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى بولغاندىلا لايىق، سەن كۆپچىلىكنىڭ تاپىنىغا قاراپ كۆرگەن، قايسىسىنىڭ پۇتىدا بىرنەچچە قەۋەت كۆپۈك تۇرۇپ غاجىلىنىپ قاپىرىپ كەتمىدى! كۆپچىلىك كىيىپ يىرتقان ئاياق كىيىمىنىڭ ئۆزى بىرنەچچە تاغارغا قاچىلاشقا بولىدۇ! شەرەپ كۆپچىلىككە مەنسۇپ، مەن بىر ئادەمنىڭ قولىدىن نىمە كەلسۇن؟» دەيدۇ. شياۋچېن گەپ قىلمايدۇ، لېكىن يەنىلا ئىختىيارىي بولمىدى. ياڭ جېڭلۇ داۋاملىق: «مەن ھازىر گېئولوگىيىلىك دوكلاتنى يېزىۋاتىمەن، ئاينىڭ ئاخىرى بولاي دەپ قالدى، يۇقىرىغا يوللاش كېرەك. بۇنىڭدىن سىرت، شياۋ لى زۇكامداپ قاپتۇ، ئىككى كۈندىن بۇيان قىزىۋاتىدۇ، مەن ئانچە خاتىرجەم بولالماي يۈرىمەن، ئاشخانىدىكى ئۇنمۇ ئاز قالدى، ئادەم

يۈك - تاقىمىزنى كۆتىرىۋېلىپ،
قات - قات چوققىلارغا يامىشىپ،
چەكسىز ئۈمىد كۆڭۈلگە پۈكۈپ،
ۋەتەن ئۈچۈن مول بايلىق ئىزدىمەكتىمىز.

50 - يىللاردا كىشىلەر ھەۋەس بىلەن ئېيتقان بۇ «چارلاش دۈي» ناخشىسىنى كۆپچىلىك ئېيتقاندا قانچىلىغان ھېسسىيات، قانچىلىغان مېھىر - مۇھەببەتكە چۆمۈدۇ دېمەڭىزچۇ!

7

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يولداش ياڭ جېڭلۇنىڭ بەختسىزلىككە يولۇققان كۈنى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى دۈي بويىچە سۇ تۈگەپ قالىدۇ. ياڭ جېڭلۇ ئادەم باشلاپ سىرتقا چىقىپ سۇ ئىزدەشكە بارىدۇ. قالغان يالغۇز تاۋۇزنى يولداشلارغا قالدۇرۇپ، كۆپچىلىككە: «سىلەر جىمجىت يېتىڭلار، ماڭماڭلار، سۆزلىمەڭلار، ئۇسساپ بولمىغاندا تاۋۋۇزنى يەڭلار» دەپ تاپىلىدى.

كەچقۇرۇن، ئۇلار قۇرۇق قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدىن تاتلىق سۇ تېپىپتۇ.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، سەنتاڭخۇ گۇڭشېسىدىن ئادەم كېلىپ، ياڭ دۈيجاڭغا: بىر تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ تۇغۇشى قىيىنلىشىپ تۇرىدۇ، ئەھۋالى ناھايىتى خەتەرلىك، دۈينىڭ ماشىنىسى بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ياڭ دۈيجاڭ قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن لاۋلىيۇگە ماشىنىسىنى دەرھال ھەيدەپ بېرىپ، تۇغۇتلۇق ئايالنى

تاقەت قىلالماي، ياڭ دۈيجاڭغا ئاچچىقلاپ كەتتى: «سەن كارۋاتنى ئەپچىقىۋېتىپ، نەگە ئۇخلىماقچى» دېدى. ياڭ جېڭلۇ كۈلۈپ قويۇپلا، شياۋشيانىڭ قولىدىن تارتىپ، پەس ئاۋازدا: «ئاستىراق ۋارقىرىساڭ بولمامدۇ؟ قارىسامسەن ئاۋۇ جاي ناھايىتى ياخشى ئەمەسمۇ؟» دېدى. شياۋشيا ياڭ دۈيجاڭ نۇسقىغان تەرەپكە قارىسا، ئۇ جاي بۇرۇندىن قالغان بىر كونا كالا قوتانىكەن. ئىشلىگىنىگە ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان. بۇ چاغدا قىزلارمۇ ھەممىسى چۆرىدەپ كەلدى. ياڭ دۈيجاڭنىڭ ئۇ يەردە يېتىشىغا نىمە دېيىشنىمۇ قوشۇلمىدى، تالىشىپ ھەممىسى ئۆزلىرى كۆچۈپ چىقماقچى بولدى. ياڭ جېڭلۇ ئالدىرىماستىن: «بولدى، تالاشماڭلار، كەچتە مەن يەنە «مۇھەببەت خېتى» يازىمەن، چېدىرنىڭ ئىچى بەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ» دېدى. ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسىنى چېدىرنىڭ ئىچىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، ئۆزى كالا قوتانىغا ئۇخلاشقا كەتتى.

قاراڭغۇ چۈشتى، كالا قوتانىدا شام يورىدى. شامنىڭ يورۇقىدا، ياڭ جېڭلۇ گېئولوگىيە خادىمى شياۋجۇنىڭ پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى بىلەن شوپۇر لاۋليۇنىڭ ئۆگىنىش خاتىرىسىنى كۆرمەكتە ...

چۆللۈكتە تاڭ سەھەردىلا يورۇيدۇ. ئەشۇ ئەتىگەنكى شەپەق نۇرى گويا تۇزنىڭ يالتىراق قانتىنى يېيىۋەتكىنىدەك ئاستا - ئاستا يېيىلماقتا، يەر ئالەمنى قىپقىزىل نۇرغا چۆمدۈردى. ياڭ جېڭلۇ سەھەردىلا بالدۇر ئورنىدىن تۇرىدۇ (بۇ ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلانغانىدى). ئۇنىڭ قەلبىمۇ خۇددى تەبىئەت مەنزىرىسىگە ئوخشاش گۈزەل ئىدى.

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، مۇشۇ كۈنى 106 - دۈي ناۋماۋخۇدىن كۆچۈپ يۇقىرى كۆلچەككە كەلگەنىدى. ياڭ جېڭلۇ

تەشكىللەپ ئەكىلىش كېرەك؛ شياۋجۇنىڭ گۇرۇپپىسىنىڭ ماتېرىياللىرى تېخىچە رەتلىنىپ بولمىدى. ئۇلارغا يەنە ياردەملىشىپ ئىشلەپ تۈگىتىشىم كېرەك. يەنە گۇڭشېدىكى مايەگىنىڭ تۇغۇتىدا خەتەرلىك بارمۇ - يوق؟ مەن بېرىپ يوقلىشىمغا توغرا كېلىدۇ ... » دېدى. شياۋچېن ياڭ دۈيجاڭنىڭ ئۆتكۈر كۆزىگە قاراپ تۇرۇپلا قالدى. يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟!

چۈشتىن كېيىن گۇڭشې باشلىقى ئادەم باشلاپ كېلىپ دۈيگە: تۇغۇتلۇق ئايال ساق - سالامەت بوشاندى، بوۋاق ئوڭۇشلۇق تۇغۇلدى دەپ دوكلات قىلىپ، دۈيجاڭنىڭ ياردىمىگە رەھمەت ئېيتتى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ياڭ جېڭلۇ بىر كۈنلۈك ماتېرىياللارنى رەتلەپ چىقتى، يەنە نۇرغۇن «ئائىلە» ئىشلىرىنى ئىشلەپ بولغاندا، بېشى بىر ئاز قايغاندەك ھېس قىلىپ، قورسىقى قاتتىق ئاغرىپدۇ. قىزلار ياڭ دۈيجاڭنىڭ چىرايى تاتىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى «زورلاپ» كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئارام ئالدۇردى. شياۋجۇ كارىۋاتنىڭ چېتىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ھەمرا بولۇپ، گەپ قىلىپ بەردى. كەچقۇرۇن دادۈي ئىككى پراكتىكانت قىزنى ئېلىپ كەلدى. ياڭ جېڭلۇ ئۆزى تاماق ئېتىپ، گۆشلۈك ئاش تاماق ياسىغانىدى، كۆپچىلىك يەپ ناھايىتى خوش بولدى.

ئۇخلايدىغان چاغ بولدى، ئىككى پراكتىكانت ئوقۇغۇچىنىڭ كارىۋىتىنى قانداقسىگە قويسىمۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە سىغمىدى. ياڭ دۈيجاڭ ئويلىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كارىۋىتىنى سىرتقا ئەپچىقىۋېتىپ، پراكتىكانتلارنىڭ ئىككى كارىۋىتىنى جۈپلەپ قويغاندا ئاران پاتتى. تېخىنىڭ شاگوخۇا كۆرۈپلا

ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بىردىنلا نۆلدىن تۆۋەن 20°C قا چۈشۈپ كېتىدۇ. ياڭ دۈيجاڭلار تېخىچە قايتىپ كەلمىدى. دۈي خادىملىرى بىر - بىردىن بەتتەر تىت - تىت بولۇپ، تاقىتى قالمايدۇ. بەزىلىرى يول ئاغزىغا بېرىپ قاراپ كېلىدۇ. بەزىلىرى گۈڭشىغا بېرىپ جىددىي قۇتقۇزۇشنى ئېيتىدۇ.

گۈڭشى ئەزالىرى ياڭ دۈيجاڭ بىلەن لاۋجاڭ ئىككىسى ئىشقا كېتىپ، كۈنبويى كەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئاتلىقلار دۈيىنى تەشكىللەپ، تۆگە، ئۆكۈز ھارۋا بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىزدەيدۇ. نۇرغۇن ئەزالار چارلاش دۈيى ياتقان جايغا كېلىدۇ.

يېزىنىڭ ئەتراپى، يول ئېغىزلىرىدا، كىشىلەر مەشئەل يېقىپ بار كۈچى بىلەن پۇلاڭلىتىدۇ، ئەر - ئاياللارنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى تۈن ئاسمىنىنى تىترىتىۋېتىدۇ:

«ياڭ دۈيجاڭ، سەن نەدە؟»

«ياڭ دۈيجاڭ، ئاڭلىدىڭمۇ - يوق؟»

بالىلارنىڭ بالىلىق نازۇك ۋارقىرىغان ئۈنلىرى، شۇۋىرغانغا ئەگىشىپ تىترەپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى تېخىمۇ ئېزىدۇ:

......

چوڭ ھەدە، تېز قايتىپ كەل!

تاڭ سۈزۈلۈپ ئاتتى، دۈي خادىملىرى بىلەن گۈڭشى ئەزالىرى تەشكىللىگەن ئاتلىقلار دۈيى، شەرقىي شىمال تەرەپتىن ئىككى چوڭقۇر قار جىلغىسىنى بايقايدۇ. ئاھ! مانا بۇ ئادەم ئۆمىلەپ ئۆتكەن قار جىلغىسىغۇ. ئاشۇ چوڭقۇر قار جىلغىسى ئۈزۈندىن ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتكەن. كۆپچىلىك جىددىي بېسىپ بۇ ئىككى قار جىلغىسىنى بويلاپ ئۇچقاندەك

كۆپچىلىكنى ئۆي كۆچۈرۈشكە قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر گۇرۇپپىنى باشلاپ 30 كىلومېتىردىن ئېرىراقتىكى رايونغا بېرىپ مۇھىم نۇقتا قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇ. قىزلارنىڭ ھەممىسى ياڭ دۈيجاڭنىڭ بېرىشىغا يول قويماي، ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئاغرىقى تېخى ساقايمىدى دەپ تۇردۇۋېلىپ ئۆزلىرى بېرىشقا تالاشتى. ياڭ جىڭلۇ «بۇيرۇق» ئىشلىتىپ، كۆپچىلىكنى «بىسىم» ئارقىلىق قايتۇردۇ. دادۈيدىن تەۋەنگە چۈشۈپ كەلگەن كادىر جاڭ گۇاڭجى ناھايىتى مۇلايىم قىزىقچى كىشى ئىدى، ئۇ: «مەن ياڭ دۈيجاڭ بىلەن بىللە باراي، يەنە مۇھاپىزەتچى بولالايمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدۇ. چۈشتىن بۇرۇن سائەت 7.30 دا ئۇلار يولغا چىقتۇ. چۈشتە قۇم بوران چىقتۇ، كەينىدىنلا بوراننىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ دەرھال ئۇرۇپ تۇرغان قاتتىق يامغۇر يېتىپ كېلىدۇ. يۇقىرى كۆلچەككە كۆچۈپ بېرىۋالغان 106 - دۈينىڭ خادىملىرى، قاتتىق يامغۇرغا قاراپ، ھەممىسى تىت - تىت بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى: «ياڭ دۈيجاڭلار يامغۇرلۇق ئالمىغانىدى، بۇنداق قاتتىق يامغۇردا نەگە بېرىپ دالدا تاپسۇن؟»

«ياڭ دۈيجاڭ ئۈستىگە بىر كونا پاختىلىق چاپاننىلا يېپىنىپ كەتكەن، بۇنداق قاتتىق بوراندا ئۈششۈپ قالسا قانداق قىلارمىز؟»

دۈي خادىملىرى جىددىي كېڭىشىپ ئادەم ئەۋەتىپ يامغۇرلۇق چاپان ئېلىپ، بۆلۈنۈپ ئىزدەشنى قارار قىلدى. مۇشۇنداق چوڭ چۆللۈكتە، تۇتۇق پەردىسىنى تارتقان يامغۇردا، ياڭ دۈيجاڭنىڭ ئىز - دېرىكىنى نەدىنمۇ تاپارمىز؟

چۈشتىن كېيىن، سوغۇق ئېقىن يېتىپ كەلدى، بوران - چاپقۇن ئاپئاق قارغا ئايلىنىپ، توختىماي چۈشۈشكە باشلاپ،

كەلتۈرىدىغان قەھرىمانلىق مۆجىزىلەرنى ياراتمىدىڭ، ئاددىي ھەم ئالدىراشلىقتا ئۆتتىڭ؛ تېخىمۇ كۆپ مەدىھىلەش ۋە سۇنغان گۈللەرگىمۇ ئېرىشەلمىدىڭ، ئۈن - تۈنسىز ۋە جاپالىق ئىشلىدىڭ. لېكىن، سەن ھايات يۈرگەن كىشىلەرنىڭ قەلبىدە قالدىڭ، ئېگىز ھەم پاك - پاك ئۆچمەس ئۇلۇغ ئەسەر ۋە مۇنار تىكلىدىڭ!

يولداش ياڭ جېڭلۇ بىز بىلەن مەڭگۈ ۋىدالاشتى. ئۇ ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن. 22 ياش، بۇ ئادەمنىڭ ھاياتىدىكى نەقەدەر گۈزەل ۋاقىت دېسىڭىزچۇ! ئۇنىڭدا پارلاق ئارزۇ، بەختكە بولغان تەلپۈنۈش، كۈرەشچان ھېسسىيات، غەلىبىنىڭ شاتلىقى بار؛ ئۇ ياشلىق باھارنىڭ كۈيى! ئاھ، ياشلار ئۇنى قەدىرلەشنى بىلىڭلار! بىز دەيمىز، خۇددى يولداش ياڭ جېڭلۇغا ئوخشاش كىشىلىك ھاياتنىڭ كۈيىدە، ھەممىدىن جارائىلىق تەڭكەش نوتىسىنى يېزىپ چىقايلى!

1982 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچىدە يېزىلدى

ئالتۇن تەرجىمىسى

يۈگۈرەيدۇ، بەش كىلومېتىر، ئون كىلومېتىر، 15 كىلومېتىر، 25 كىلومېتىر، 28 كىلومېتىر ماڭغاندا بىر قارا نەرسىنى كۆردى. كۆپچىلىك يۈگۈرۈپ بېرىپ قارىسا، يولداش جاڭ گۇاڭجى ئىكەن. ئادەم ئاللىقاچان توڭلاپ قېتىپ قالغان. كۆپچىلىك كۆز يېشىنى پارلىتىپ يۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىكى پاختىلىق چاپانلىرىنى يېشىپ، قۇربانىنىڭ جەسىتىنىڭ ئۈستىگە ياپىدۇ... ياڭ دۈيجاڭچۇ؟ يەنە بىر قار جىلغىنى بويلاپ ئالغا قاراپ ئىزدەيدۇ، يولداش جاڭ گۇاڭجى ياتقان جايدىن 1000 مېتىر يىراقلىقتىن ياڭ دۈيجاڭنى تاپىدۇ.

ياڭ دۈيجاڭ، ئۇ گويا يىقىلىپ چۈشكەن مۇز ھەيكەلدەك تەمكىن ياتماقتا.

بۇ ۋاقىت دەل ئىككىنچى كۈنى تاڭ سەھەر سائەت تۆت ئىدى. قىزلار يولداش ياڭ جېڭلۇنىڭ كىيىمىنى يەشكەندە ئىچىدىن ھېچقانداق كەمتۈك يېرى يوق، مۇكەممەل چېرتيوژ چىقتى، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە چىڭ يېپىشىپ تۇرۇپتۇ....

چېرتيوژ، بىر پارچە كىچىككىنە چېرتيوژ، ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبىنى، پۈتۈن ھاياتىنى ئىگەللىدى! ياڭ جېڭلۇ، ئاھ، ياڭ جېڭلۇ، سەن ۋە سېنىڭ چارلاش دۈيىدىكى خادىملىرىڭ، قاقاس چەت ياقىدا سەپ تارتىپ، قۇم دېڭىزىنى ئائىلە قىلىپ، يىل بويى 365 كۈن، 8760 سائەت، بۇ ئادەم ئىزى باسمىغان غۇۋا چۆل دالىدا ئەمگەك قىلدىڭلار، تۇرمۇش كەچۈردۈڭلار، پۈتۈن ياشلىق باھارىڭلارنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدىڭلار.

ياڭ جېڭلۇ ئاھ، ياڭ جېڭلۇ، سەن جىمجىت، سۈكۈت ھالدا بىزدىن ئايرىلىپ كەتتىڭ. سەن يەر- جاھاننى زىلزىلىگە

رۇش ئۈچۈن بازا بولۇپ، هازىرقى زامان نېفىت قۇرۇلۇش
ئىشلىرى ئۈچۈن تارىخىي رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە،
بۇ نېفىتلىكنى چارلاش گەرچە ۋاقىتلىق توختىتىلغان بولسى-
مۇ، لېكىن نېفىت ئايرىش تازا گۈللەپ ياشناپ، زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن داۋاملىق توختىماستىن يېڭى
تۆھپىلەرنى قوشماقتا. مايتاغنىڭ 50 يىللىق تارىخىنى ئەس-
لىگىنىمىزدە، نېفىت سانائىتىنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنى-
شىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە، رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە
بولماي قالمىدى. بىراق ئەپسۇسلىنارلىقىمىز شۇكى، نېفىت
كانىنىڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى 14 يىللىق كەچۈرمىشى ھەق-
قىدە، كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى تولۇق بولمىغانلىقتىن، بىلىدى-
غانلىرىمىزمۇ ناھايىتى ئاز ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى تەكشۈرسەك،
بۇرۇنقى جاپا - مۇشەققەتلىك يىللاردا، نېفىت كانى ئۈچ قېتىم
چوڭ ئۆزگىرىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن؛ نېفىتلىك سانائەت
خاراكتېرلىك چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرگەن باسقۇچ، دەل
شېڭ شىسەينىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇۋاتقان دەۋرى بولۇپ،
سوۋېت بىلەن شېرىكلەشكەنىدى. سەككىز يىل ئۆتكەندە سوۋېت
تەرەپنىڭ ئىدارىسىنى چېكىندۈرۈپ، نېفىتلىكنى گومىنداڭنىڭ
جۇڭگودىكى ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزىۋېلىپ، ئىقتىسادىي مىنىستىر-
لىقىنىڭ مەبلەغ كومىتېتى قارمىقىدىكى گەنسۇ كان ئىدارىسى-
نىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى؛ بىر يىل ئۆتمەيلا 3 ۋىلايەت ئىنقى-
لابى (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق ۋىلايەت) پارتلاپ،
گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسى چېكىنىپ چىقىپ، نېفىت كانىنى ئۈچ
ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزىۋېلىپ، ئازاد بولغىچە باشقۇردى. بۇ،
ئۈچ باسقۇچتىكى سانائەت باشقۇرۇش ئارخىپىنىڭ ھەممىسى
ئېلىپ كېتىلىپ، بىرمۇ يازما ماتېرىيال قالدۇرۇلمىغان.

# مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئىككى - ئۈچ ئىشى

## شاۋ جياشۇ

– 1 –

جۇڭگارىيە ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبى گىرۋىكىدىكى تيانشان تېغىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان تۈزلەڭدە مايتاغ نېفىتلىكى بولۇپ، ئانچە چوڭ بولمىغان تۈزلەڭدە بولسىمۇ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭقى كەتكەن نېفىت كانىدى. بۇنداق دېيىشىمىزنىڭ تۆت سەۋەبى بار: 1 – جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭغا كەڭ تارقالغان نېفىتلىكلەر ئارىسىدا، مايتاغ ئەڭ ئاۋۋال ئېچىلغان نېفىتلىك، يەنى كونا جۇڭگونىڭ شىنجاڭدا ئاچقان بىردىن - بىر نېفىتلىكى بولۇپ، ئۇ شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ بۆشۈكى؛ 2 – مايتاغ يەنچاڭ ۋە يۈمېنلار كونا جۇڭگودىكى تەڭداش ئۈچ چوڭ نېفىت كانى بولۇپ، جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ راۋاجلىنىش تارىخىدا مۇئەييەن ئورۇننى ئىگەللەيدۇ؛ 3 – دۆلىتىمىز ئازادلىقتىن ئىلگىرى – كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سوۋېت بىلەن شېرىكلىشىپ، مايتاغدا چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، چەت ئەللەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى؛ 4 – يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، مايتاغ نېفىتلىكى شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ ئاساسى ۋە قاراماي نېفىتلىكى ھەمدە باشقا نېفىتلىكلەرنى ئۆزلەشتۈ-

بۇلارنىڭ ئىچىدىن مايتاغ ھەققىدە يېزىلغان ھېچقانداق ماتېرىياللارنى تاپالمىدۇق. يېقىنقى يىللارغا كەلگەندە، «شىنجاڭ تاغ تىزمىسى تەپسىراتى» (چىڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ شۇنەن تۈزگەن.) «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» (چىڭ سۇلالىسىدىكى ۋاڭ شۇنەن ۋە سېڭ شاۋلۇلار تەھرىرلىگەن.) ھەمدە كېيىنرەك بېسىلغان «چىڭ سۇلالىسى ھۆججەتلىرىنىڭ داۋامى» (چىڭ سۇلالىسىدىكى ليۇجىنزاۋ تەھرىرلىگەن.) قاتارلىق كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە، مايتاغ نېفىت كانى ھەققىدە بايانلار بار، شىخو ناھىيىسى تۈزگەن «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى»نى، مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى دېڭ زەنشەن ھاكىملىقنى ئىشلەۋاتقاندا، مىنگونىڭ 7 - يىلى يازغان. ۋەزىپىسىدىن بوشىغاندىن كېيىن، بۇيرۇققا ئاساسەن قايتا تۈزگەن. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) 5 - ئايغا بارغاندا، سېلىشتۇرۇپ بولۇپ نەشىر قىلىشقا تاپشۇرغانلىقتىن، «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دەپ ئاتالغان، بۇ كىتابتا مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە نېفىت يىغىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن. «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»دىن مايتاغ نېفىت كانىنىڭ خاتىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ تاپتۇق. بۇنىڭدا شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى دۇجۇن (تۇتۇق سەركەردە)، (كېيىن ئۆلكە باشلىقى دەپ ئاتىغان) ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ بىرىنچى يىلىدىن تارتىپ 10 - يىلىغىچە (1912 - 1921)، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ۋاقىتتا يازغان توپلىمى. «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسى» بىلەن «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاقلار»دىن باشقا، 1921 - يىلدىن كېيىن ماتېرىيال قىلغىدەك رەتلەپ چىقىلغان كىتاب يوق. يۇقىرىدىكى ھۆججەت توپلام تارىخ ماتېرىياللار ئىچىدە نېقىتلىككە ئائىت ئىشلار بولسىلا ئۇلارنى

1980 - يىلى نېفىت مىنىستىرلىقى نېفىتلىكىنى چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈش پەن - تەتقىقات يۇرتىغا «جۇڭگو نېفىت سانائىتى تەرەققىيات تارىخىنى» تۈزۈپ چىقىشنى ھاۋالە قىلىپ، ھەرقايسى نېفىتلىككە كان تارىخىنى يېزىپ چىقىشنى بۇيرۇدى. نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى مايتاغ كان تارىخىنى يېزىش خىزمىتىنى مايتاغ كان رايونلۇق پارتكومىغا تاپشۇردى. مەنمۇ يۆتكىلىپ بېرىپ، بۇ ۋەزىپىنى ئۆتەشكە تەيىنلەندىم. مەن ئازادلىقتىن ئىلگىرى مايتاغدا ئىشلەپ باقمىغان، بىراق شۇ دەۋردە ياشىغانلىقىم ئۈچۈن، نېفىت كان ھەققىدە ئاز - تولا كورگەن - بىلگەنلىرىم بار ئىدى. بىز 8 - ئايدا ماتېرىياللارنى يىغىشقا باشلىدۇق. بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇنلىغان نېفىت خىزمەتچىلىرى، شىنجاڭ نېفىت تارىخ ماتېرىياللارنى توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. يولداش ۋاڭ لىيەنفاڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ چىقتى. مەن بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسەن نەچچە يىل ۋاقىت ئىشلىتىپ، نۇرغۇنلىغان گېزىت - ژۇرنال، كىتابلارنى ھەمدە سىرت-نىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ چىقتىم ھەم نېفىتلىكتىكى بىر قىسىم پېشقەدەملەرنى زىيارەت قىلدىم. ھازىر توپلانغان ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ رەتلەپ، ئۆزەمنىڭ كۆز قارىشىممىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

قەدىمقى زاماندا شىنجاڭ نېفىت سانائىتى ھەققىدە يېزىپ قالدۇرۇلغان ھۆججەتلەردىن: «ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ تارىخى»، «شىمالىي چى بەگلىكىدىكى ۋېي شۇنىڭ ئەسىرى»، «شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخى»، «تاڭ سۇلالىسىدىكىلى يەنشۇنىڭ ئەسىرى»، «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» (سۇڭ ئاۋياڭ يازغان، سۇڭچى تۈزەتكەن) قاتارلىقلار بار. بىراق

ده مەخسۇس بىر باپ يېزىپ، مايتاغ رايونى ئەتراپىدىكى
تۈزۈلمىنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلۈشىدە نېفىت ئۇۋىسى بولۇشى
مۇمكىن دەپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، نېفىتلىكنى
ئۆزلەشتۈرۈشكە باها بەرگەن. گوكېچۈەن شىنجاڭ مايتاغ
نېفىت كانىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ، ئەينى ۋاقىتتا
مايتاغدا ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇرغىلاپ چارلاش، نېفىت ئېلىش
نېفىت ئايرىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوشۇمچە ئىشلەپ-
چىقىرىش ھەمدە ئىگىلىك باشقۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىنى تەپسى-
لىي بايان قىلغان. ئەمما بۇ ئىككى «دوكلات» نىڭ ھەممى-
سىدە بىردەك مۇئەييەن ۋاقىت چەكلىمىسى بولغانلىقتىن،
ئۇلار مايتاغدىن (1943 - يىلى 1 - ئايدا) ئايرىلغاندىن كېيىن-
كى ئۆزگىرىشلەرنى، بۇ دوكلاتقا كىرگۈزۈشى مۇقەررەر ھالدا
مۇمكىن بولمىغان.

ئازادلىقتىن ئىلگىرى مايتاغدا ئىشلىگەن ياشانغان
پېشقەدەملەرنىڭمۇ كۆپى قالمىدى. ئۇلارنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتى-
لىرى بىلەن كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى ئەسلىمە ماقالا قىلىپ
يازغان، ياكى باشقىلاردىن سوراپ رەتلىگەن زىيارەت خاتىرى-
لىرىنىڭ ھەممىسىدە پايدىلىنىشقا تېگىشلىك قىممەتلىك ماتېرى-
ياللار بار. بىراق ھەربىر كىشىنىڭ نېفىت كانىدىكى
سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن كۆرگەن بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسى
بىردەك چەكلىمىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن بەزى بىر تەرەپلىمە-
لىك كۆزقاراشتىن ساقلىنىشىمۇ تەس.

يېقىنقى يىللارغا كەلسەك ئېلىمىز نېفىت سانائىتىنىڭ
تەرەققىياتى ھەققىدە تۈزگەن كىتاب - ژۇرناللارمۇ كۆپ ئەمەس،
كۆپ قىسمى ئىچكى قىسىملاردا كۆرۈش ئۈچۈن يېزىلغان،
يەن شۇاڭ يازغان «جۇڭگو نېفىت كان خاتىرىلىرى»، تەۋەن-

خاتىرىلىنىۋالدۇق. بۇلار ناھايىتى قىممەتلىك ماتېرىياللاردۇر:
بىراق خاتىرىلەنگەن نەرسىلەر ناھايىتى قىسقا، ئاددى،
ئۇيەر - بۇيەردىن يېزىپ قويغان بولۇپ، ئىشنىڭ باش -
ئايىغىنى چۈشۈنۈش ئىنتايىن تەس.

مىنگودىن بۇيان، بېيياڭ ھۆكۈمىتى بىلەن نەنجىڭ
ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭنى تەكشۈرۈشكە
كۆپ قېتىم ئادەم ئەۋەتتى. دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى
ئاتاقلىق ئالىملار ۋە تەكشۈرۈش ئۆمەكلىرى، شىنجاڭنى تەك-
شۈرۈشكە ئايىقى ئۈزۈلمەستىن كېلىپ تۇردى. ئۇلار قايتىپ
بارغاندىن كېيىن، شىنجاڭ نېفىت كان مەھسۇلاتى ۋە ئۇنى
ئېچىش ئەھۋالىنى يېزىپ بايان قىلىپ تۇردى. بۇ خىل كى-
تاب 10 نەچچە تۈردىن كام ئەمەس. بۇ خىل ماقالىلارنى
ئىنچىكىلەپ ئوقۇساق، بەزىلىرىنىڭ مەزمۇنى ئەمەلىي تەكشۈ-
رۈشتىن كېلىپ چىققان. بەزىلىرى باشقىلاردىن كۆچۈرۈۋېلىنغان
نەقىللەر. بەزىلىرىدە ئاڭلىغانلىرىنىلا يازغان بولۇپ، پەقەت
پايدىلىنىش قىممىتىلا بار. تارىخىي ماتېرىيال قىلىشقا بولمايدۇ.

ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىيال ۋە ئىلمىي تەتقىقات قىممى-
تى بولغىنى خۇاڭ جىچىڭ بىلەن گو كېچۈەن قاتارلىق كى-
شىلەر يازغان ئىككى پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئىبارەت.
خۇاڭ جىچىڭ مەركەز گېئولوگىيە ئورنىنىڭ سابىق مۇدىرى،
گو كېچۈەن گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ كەسپىي باشقار-
ما باشلىقى. ئۇلار ئىلگىرى مايتاغ نېفىت كانى تازا راۋاج-
لىنىۋاتقان چاغدا، تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى بۇ يەرگە باشلاپ
كېلىپ، نەق مەيداندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىدى. خۇاڭ
جىچىڭ «شىنجاڭدىكى بەزى نېفىتلىكلەرنىڭ گېئولوگىيىلىك
ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»دا، مايتاغ نېفىتلىكى ھەقىق-

شىنجاڭ – سوۋېت بىرلىشىپ باشقۇرىۋاتقان چاغدىكى ئىق-
تىسادىي تېخنىكىلىق سانلىق، مەلۇماتلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تولۇق
ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرەلەيدىغان ماتېرىياللار، پەقەت سوۋېتلىك-
لەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تاپشۇرۇپ بەرگەن قىسمەن
ماتېرىياللاردىنلا ئىبارەت. سوۋېتلىكلەر توختامغا ئاساسەن،
1944 – يىلى 5 – ئاي بىلەن 1944 – يىلى 6 – ئايدا تاپشۇرۇپ
بەرگەن گېئولوگىيىلىك خەرىتە ھەم بۇرغىلاپ تۆك بىلەن ئۆلچەش
خاتىرىسى، كۈندىلىك بۇرغىلاش خاتىرىسى ۋە ئېلىنغان نېفىت
بىلەن تەبىئىي گازنىڭ تىزىملىكى قاتارلىق ماتېرىياللارنى،
چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا
تۇرۇشلۇق ئالاھىدە ۋەكىلى، چۇڭچىڭ ئىقتىسادىي مىنىستىر-
لىقىغا ئەۋەتكەن. بۇ مىنىستىرلىق ئەسلى ماتېرىيالنى گەن-
سۇ نېفىت كان ئىدارىسىگە ساقلاشقا بەرگەن. (ئىلاۋە: بۇ
ماتېرىياللارنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخا-
نىدىن تاپتۇق.)

ئەينى ۋاقىتتا، گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسىنىڭ ئور
گانلىرى چۇڭچىڭدا تۇرغان. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش
غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، «جۇڭگو نېفىت چەكلىك شىركىتى»
ئورگانىغا ئاساس بولدى. ئىلگىرى چۇڭچىڭدىكى ئارخىپلارنى
پۈتۈنلەي شاڭخەيگە توشۇپ كەتكەنىدى. 1955 – يىلى شىر-
كەت ئەمەلدىن قالغاندىن كېيىن، نېفىت مىنىستىرلىقى ئارخىپنى
شاڭخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ساقلىشىغا ئورۇنلاشتۇر-
دى. بۇ ئارخىپلار كونا جۇڭگونىڭ نېفىتلىكىنى چارلاپ
دۆزلەشتۈرۈشتىكى بارلىق ماتېرىياللىرىنى توپلىغان، ئىلگىرى
ھەر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەت داۋامىدا، ئىلگىرىكى نېفىت
خادىملىرىنىڭ–تارىخىي مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، كۆپ

دە نەشىر قىلىنغان «جۇڭگو نېفىت تەزكىرىسى» قاتار-لىقلار بار. يەن شۇاڭ ئېلىمىزنىڭ پېشقەدەم نېفىت خادىمى. ئىلگىرى شىمالىي شەنشىدىكى يەنئەن ۋە گەنسۇدىكى يۇمېن قاتارلىق نېفىت كانلىرىدا ئۇزاق يىل ئىشلىگەن، ئازادلىقتىن كېيىن نېفىت باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن بىقاشلە-لىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ھەمدە شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يىغىپ ئىگەللىگەن ماتېرىيالى ناھايىتى كۆپ. بىراق مايتاغ نېفىتلىكىنىڭ ئۆتكەندىكى ئىشلىرى ھەققىدە ناھايىتى ئاددى بايان قىلغان. نۇرغۇنلىغان ئىقتىسادىي سان-لىق مەلۇماتلارنى خۇاڭ جىچىڭنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىدىن ئالغان. تەيۋەندە چىققان «جۇڭگو نېفىت تەزكىرىسى» دىكى مايتاغ ھەققىدىكى بايانلار، دەل يەن شۇاڭ ئەسىرىنىڭ كۆ-چۈرۈلمىسىدۇر. ئۇنىڭدا، باشقا يېڭىدىن بايان قىلىنغان ھېچنىمە يوق.

نېفىت مىنىستىرلىقى، ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى نېفىتلىكلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالىنى «جۇڭگو نېفىت سانائىتىنىڭ 30 يىللىق ستاتىستىكىلىق ماتېرىيالى» قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، 1979 - يىلى رەسمىي ئېلان قىلغانىدى. مايتاغ نېفىت ئىشلەپچىقىرىشى-نىڭ سانلىق مەلۇماتى بۇنىڭغا كىرگۈزۈلمىگەن. پەقەت ئىزا-ھات ئىچىدە بىر قىسىم مۆلچەر سانلارلا كۆرسىتىلگەن بولۇپ، «ماتېرىيال تولۇق بولمىغاچقا، جەدۋەلگە كىرگۈزۈلمىدى» دەپ ئىزاھلانغان. مەسىلەن، بۇرغىلاش مېتراژى، يەككە قۇدۇقلارنىڭ سانلىق مەلۇماتى كام ئېلىنغان. نېفىت سانى پەقەت 1942 - يىلدىن باشلاپ يېزىلغان. بۇنىڭدىن سانلىق مەلۇماتلارنىڭ تولۇق ئەمەسلىكىنى ئوڭايلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بىلگىنە سۈزگەندەك بولمىسىز. شۇڭا، چوقۇم مەقسەتلىك ھالدا، ئارخىپخانىدىكىلەرگە تەلىپىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھەمكارلىقىدا تەكشۈرگەندە، ئۈنۈملۈك ماتېرىياللارغا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بىز ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپخانا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپخانا، شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى ماتېرىيال بۆلۈمى، نەنجىڭدىكى مەملىكەتلىك ئىككىنچى تارىخىي ئارخىپخانا، شاڭخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى پارتكوم مەخپى ھۆججەتلەر بۆلۈمى، يۈمېن نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتكومىنىڭ ئارخىپ بۆلۈمى ۋە نېفىتلىكنى چارلاپ ئۆزلەشتۈرۈش پەن-تېخنىكا تەتقىقات يۇرتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ زور مىقداردىكى ئارخىپلارنى كۆرۈپ، مايتاغقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن نېفىت كان ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ھەرقايسى باسقۇچلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى ئىگىلىدۇق. بىراق يەنە بىر قىسىم مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلىدىن، بەزى ئومۇمىي ئارخىپلار توپلىمىنىڭ بېشى بولسا ئاخىرى يوق، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئاخىرى بولسا، بېشى يوق، بەزى تارىخىي ماتېرىياللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى يوقاپ كەتكەن. دېمەك، ئومۇمىي ئارخىپلار توپلىمىمۇ تولۇق بولمىغان. شۇڭلاشقا تارىخىي ماتېرىياللارنى توپلاشتا، يەنىمۇ بىر قەدەر ئىلگىرىلىگەن ھالدا تىرىشىش كېرەك.

— 2 —

ئازادلىقتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كانىنى شېرىكلىشىپ باشقۇرغانلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ

قېتىم ئاختۇرۇپ كۆرۈپ، ئەسلىدىكى رەتلىك ئارخىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ بۇزدى، كۆپ قېتىم تاغارغا قالايمىقان قاچىلاپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويغاچقا، بەزىلىرى كۆكۈرۈپ كېتىپتۇ. 1984 - يىلى مەن بېرىپ ئاختۇرۇپ، پەقەت بىر پارچىلا بۇرغىلاش كاروتتاژ خاتىرىسىنى تاپتىم. باشقا قىممەتلىك ماتېرىياللارنىڭ ئىز - دېرىكىنى داۋاملىق ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ.

بىر نېفىتلىكنىڭ راۋاجلىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ۋە تۈزۈشتە، پارچە - پۇرات ماقالىلارنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ. بىرەر كان تارىخى — پاكىتنىڭ خاتىرىلىنىشىدۇر. يالغاندىن ياساشقا بولمايدۇ. ھەقىقىي ماتېرىيال كەم چاغدا، ئاساسسىز كۆز قاراشقا ئاساسەن، قۇرۇق گەپ سېتىشقا بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالنىڭ مۇكەممەللىكى — ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ داۋاملىشىشچانلىقىغا باغلىق، تارىخنى ئۈزۈپ قويۇشقا، ئۇيەر - بۇيەردىن نەقىل كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ. تارىخنىڭ ئەسلىدىكى تېگى - تەكتىگە چوڭقۇر يېتىشىمىز كېرەك. پەقەتلا زور مىقداردىكى مۇكەممەل ھەقىقىي تارىخىي ماتېرىيالغا ئىگە بولۇش ئاساسىدا، ئاندىن ئىلمىي تۈردە ئىسپاتلاپ چىققىلى بولىدۇ. تارىخىي ماتېرىياللار ئارخىپى — مول تارىخىي ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبەئىسى. بولۇپمۇ ئومۇمىي ئارخىپلار توپلىمى، ئۇ — ئورگان كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار، ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ھەم ئاتاقلىق زاتلار پائالىيىتىنىڭ ئارخىپلىرى. بىز بۇلاردىن شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش جەريانىنى ئىگىلىيالايمىز. بىز ھەرقايسى ئارخىپخانىلاردا، ماتېرىياللارنى تەكشۈرگەن چاغدا، تارىخىي ماتېرىياللار سامانىدەك، تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئارىسىدىن سىزگە ئېھتىياجلىق ماتېرىيالغا ئىگە بولماقچى بولغىنىڭىزدا، دېڭىزدىن

دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن نېفىت چەكلىك بولغاچقا، شۇڭا دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ئامال تېپىشنى ئويلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، يەنچاڭ نېفىت كانى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىدىكى ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىدا بولۇپ، سىرتىدىكى نېفىت چارلاشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. شۇڭا، زور كۈچ بىلەن يۇمېن نېفىتلىكىنى ئۆزلەشتۈرگەندىن سىرت، مايتاغ نېفىتلىكىنى رەسمىي بۇرغىلاپ چارلاشنى باشلىغانىدى. بۇ چاغدا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزىۋاتقان شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، چۇڭچىڭ ھۆكۈمىتى ئاندىن مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى بەلگىلىدى، ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماق ئىقتىسادىي مىنىستىرلىقىنىڭ بايلىق مەنبە كومىتېتى ئىدى. مەزكۇر كومىتېت تەكشۈرۈش جەريانىدا، مايتاغ كانىنى نامدا ئۆلكە باشقۇرىۋاتىدۇ دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت شېرىكلەشكەن. مەزكۇر كومىتېت شېرىكلىشىش ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغان بولسىمۇ، ئىككى تەرەپنىڭ تۈزگەن توختامىنى بايقىمىدى. چۇڭچىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شۇ ۋاقىتتا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق، تاشقى ئىشلارنى باشقۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە ئەمەلدارى ۋۇ زېشياڭنىڭ بىر پارچە تېلېگراممىسىدىن قارىغىنىمىزدا مۇنداق دېيىلگەن: «مايتاغ كانىنى تەكشۈرۈشىمىزگە قارىغاندا، سوۋېتلىكلەر بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىرلىشىپ باشقۇرغان، شېڭ دۇبەننىڭ ئېيتىشىچە: (ئاپتور ئىلاۋىسى، شېڭ شىسەينى دېمەكچى، دۇبەن دېگەن ئۇنىڭ مەرتىۋىسى) توختام تۈزۈلمىگەن. سەۋەبى، بەش يىل ئىلگىرى، بىز سوۋېتلىكلەرنى كان ئالامەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە

ھەممىسى ئۇقۇدىغان ئىش ئىدى، شۇ ۋاقىتتا توختام قانداق تۈزۈلگەن، توختامنىڭ مەزمۇنىدا قايسى ماددىلار بەلگىلەنگەن، مەسىلەن: سالغان مەبلەغ نىسبىتى، مەھسۇلاتنى تەقسىم قىلىش، شېرىكلىشىپ باشقۇرۇش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن سېتىۋېلىش، توشۇش قاتارلىقلارنى ھېچكىممۇ ئۇقمايتتى. تا ھازىرغىچە، باشتىن-ئاخىر بولۇپ شېرىكلىشىشكە مۇناسىۋەتلىك كېلىشىم ياكى توختاملارنى تەكشۈرۈپ تاپالمىدۇق. بەزى كىشىلەر، رەسمىي توختام بولمىسىمۇ، «مەخپىي تۈزۈلگەن كېلىشىم» بار دېيىشتى. بىراق شىنجاڭدا بۇنى ئىسپاتلاشقا ئامال بولمىدى. كېيىن نەنجىڭ مەملىكەتلىك ئىككىنچى تارىخىي ئارخىپخانىسىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن 1942-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان «سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىمى» (لايىھەسى) يەنە باشقا قوشۇمچە ھۆججەتلەرنى تاپتۇق. دۆلەت ئىچىدىكى بەزى كىشىلەر بۇ «كېلىشىم»نى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت شېرىكلەشكەن چاغدىكى توختام دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ مايتاغ كانىنى شېرىكلىشىپ باشقۇرۇشى 1936-يىلى رەسمىي باشلانغان، لېكىن، بۇ «كېلىشىم»نى ئوتتۇرىغا قويۇش لوگىكىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇ «كېلىشىم»- زادى قانداق ئىش؟ بۇرۇن «ئەجنەبىلەرنىڭ مېيى»غا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزىۋاتقان گومىنداڭ ھۆكۈمىتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە، دېڭىز ياقىسىدىكى پورتلار قامال قىلىنىپ، سىرتتىن كىرىۋاتقان نېفىت مەنبەسى ئۈزۈۋېتىلىپ، تۆمۈر يولنىڭ كۆپ قىسمىنى دۈشمەنلەر ئىگەللەپ ئالغانلىقتىن، ترانسپورت ئىشلىرى پۈتۈنلەي ماشىنىغا تايىنىپ، بېنزىن كۆپ مىقداردا ئىشلىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە

باشقۇرۇشنىڭ مەنىسى ئوخشاش ئەمەسلىكىنى؛ گومىنداڭ مەركىزىنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىددىيىسىنىڭ ئۆمرلۈكىنى؛ بۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چەت ئەل بىلەن كېلىشىم ئىمزالىشىغا يول قويمىغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلىدى. مەسىلەن: جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقاندا، سوۋېت بىلەن «شىنجاڭ ـ سوۋېت ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى»نى ئىمزالايدۇ، بۇ «كېلىشىم»گە ئاساسەن، سوۋېت شىنجاڭدا «سوۋېت ـ شىنجاڭ سودا شىركىتى»نى قۇرۇپ، تۈرغۇنلىغان رايونلارغا بېرىپ، سودىگەرلەر، سودا تارماقلىرى بىلەن سودا (يەرلىك مەھسۇلاتلار) كېلىشىمى تۈزۈشكە شىركەت ھوقۇقلۇق بولدى. بۇ «كېلىشىم» مەخپىي بولۇپ، جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاندىن دۆلەتىمىز ئۇ كېلىشىمنى بىلگەن. جىن شۇرېن تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن نەنجىڭغا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى قولغا ئېلىپ، ئۈچ يېرىم يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلغان. ئۇنىڭغا قاماق جازاسى بېرىشتىكى بىردىن ـ بىر جىنايىتى، ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئۆز ئالدىغا سودا كېلىشىمى تۈزگەنلىكى بولغان. بۇ ئىش بۇرھاننىڭ «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى» (تارىخىي ماتېرىياللار نەشرىياتى نەشىر قىلغان. 1984 ـ يىل 2 ـ ئاي) دېگەن كىتابىدا تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

ھەر قانداق دۆلەت ۋە رايون چەت ئەل بىلەن بىرلىكتە مەبلەغ سېلىپ كان ـ كارخانىلارنى باشقۇرغاندا كېلىشىم تۈزمەسلىك ــ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر تارىخىدا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىش. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت نېفىت كانىنى بىرلىشىپ باشقۇرغاندا نېمە ئۈچۈن توختام بولمىغان؟ بۇ زادى قانداق ئىش؟ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى تارىخىنى چۇڭقۇر ئانالىز قىلىپ تەكشۈر-

تەكلىپ قىلىپ، خىزمەت ئىشلىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىنلا نېفىت بايقىلىپ، سوۋېتلىكلەر زاۋۇت قۇرۇپ، نېفىت چەككىلەشنى باشلىدى. ئۆلكە تەرەپتىن توختام تۈزۈشنى تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سوۋېتلىكلەر ئارقىغا سۈرۈپ، توختام تۈزمىدى دېگەن. بۇ، ئەمەلىيەتكە ئويغۇن ياكى ئويغۇن ئەمەسلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ۋۇ زېشياڭ تېلېگراممىسىدا بۇنىڭغا گۇمانلىنىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن، بايلىق مەنبە كومىتېتى مەزكۇر كاننى ئۆزى باشقۇرۇشنى ئويلىشىپ، مەبلەغ، تېخنىكا ۋە ماتېرىياللار جەھەتتە قىيىنچىلىق بولغاچقا، دىپلوماتىك يول ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن شېرىكلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېتلىكلەر بۇ چاغدا ئاندىن «باشقۇرۇش كېلىشىم لايىھە»سىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا، بۇ «كېلىشىم» شىنجاڭ بىلەن سوۋېت شېرىكلىشىشنى باشلىغان چاغدا، ئىمزا قويغان توختام ئەمەس. بۇ «كېلىشىم» دە ئېنىق ھالدا: «ئەينى ۋاقىتتا بىرلىشىپ باشقۇرغان نېفىت كاننى نەزەرىمىزدىكى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە تاپشۇرۇش»نى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا، بۇ كېلىشىمنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى تۈزگەن توختام ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بايلىق مەنبە كومىتېتى بۇلارنى تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئالتە نۇقتىلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا، «كېلىشىم» دىكى «سوۋېت تەرەپتىن، نېفىت سانائىتى خەلق كومىتېتى ھەسسىدار بولىدۇ، جۇڭگو تەرەپتىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەسسىدار بولىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە باشقىچە پىكىردە بولغان. بۇ كومىتېت: «جۇڭگو تەرەپتىن، بايلىق مەنبە كومىتېتى ھەسسىدار بولۇشقا تېگىشلىك» دەپ قارىغان. مانا، بۇ ئىش «كېلىشىم» بىلەن نېفىت كاننى شىنجاڭ بىلەن سوۋېتنىڭ بىرلىشىپ

## قوشۇمچە

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ كېلىشىمى (لايىھە)

سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىر تەرەپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى يەنە بىر تەرەپ بولۇپ، شىنجاڭ مايتاغ رايونىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى بىلەن قۇرۇلغان نېفىت كومبىناتىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش چارىسى ھەمدە كارخانىنىڭ تۇرلۇك ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇش چارىلىرىنى بەلگىلەش كېرەك دەپ تونۇپ، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىلەرنى بېكىتتى:

بىرىنچى ماددا: سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئىلگىرى ئۆز كۈچى بىلەن شىنجاڭ مايتاغ رايونىدا نېفىت ئىشلەپچىقىرىدىغان كان، ھەمدە مۆلچەر بويىچە يىلىغا 50 مىڭ توننا نېفىتنى چەككىلەيدىغان بىر نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نېفىت كومبىناتى قۇرۇپ، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپتىن تەشكىل قىلىنغان سوۋېت - شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى خالايدۇ، بۇنىڭ شەرتلىرى مۇشۇ كېلىشىمدە بېكىتىلدى.

ئىككىنچى ماددا: كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ

گەندىن كېيىن، توختام تۆزمىگەن بولۇشى ئېھتىمال دەپ قاراشقا بولىدۇ. ھەممىگە ئايانكى، شېڭ شىسەي 1933 - يىلى 4 - ئايدا تەختكە چىققاندىن كېيىن، سوۋېتلىكلەرنىڭ ھەربىي كۈچىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى تېچلاندۇردى. ھەم ئۆزىنى ئالغا باسار دەپ كۆرسىتىپ، سوۋېتلىكلەر بىلەن ھەر تەرەپتىن ھەمكارلاشقانىدى. مايىناغ كانى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. لېكىن شېڭ شىسەي ئەسلىدە گومىنداڭنىڭ ئادىمى ئىدى. شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرى، گومىنداڭ ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سەنمۇ بۆسىنىڭ ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلىش سەنمۇلىقى ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن، (ئۇرۇش قىلىش ئۇلۇم باشلىقى دەپ ئاتىلاتتى.) ئۇنى جىن شۇرېن تەكلىپ قىلىپ، ھەربىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇ ناھايىتى ساختىپەز ئىدى. ئۇ ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئالدىنقى نۆۋەت ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان جىن شۇرېن، ئۆز ئالدىغا سوۋېت بىلەن «سودا ئالاقە كېلىشىمى» تۈزگەنلىكە قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۆزىگە چېكىنىش يولى قالدۇرغانىدى.

يۇقىرىدىكى ھەر خىل تەھلىللەرگە ئاساسەن، شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى، مايىتاغ نېفىت كانىنى بىرلىشىپ باشقۇرۇشتا، توختام تۈزمىگەن دېگەنگە ئىشىنىشكە بولىدۇ.

(ئاپتوردىن: مۇشۇ ماقالىغا ئائىت پايدىلىنىش ماتېرىيالىنى قوشۇمچە ئېۋەتتىم.)

ئىسمايىل قاسىم تەرجىمىسى

ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتىگە سۇندۇرۇلۇپ تۆلىنىدۇ: 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، 1943 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 1944 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ تېخى تۆلەپ كىتەلمىگەن قەرز پۇلىنىڭ قالدۇق سانىنى، ئامېرىكا دوللىرى بىلەن 4.5% لىك يىللىق ئۆسۈمى بويىچە ھېسابلاپ، يوقىرىدىكى تۈرلەردىكى پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىگەن ھەر بىر مۇددەت ئىچىدە قەرز تۆلىگەندە، تۆلەيدىغان قەرزگە قوشۇپ تۆلەيدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قەرز پۇلنى ۋە ئۆسۈم پۇلنى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بەلگىلىگەن بانكىغا پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىش لازىم.

تۆتىنچى ماددا: شىنجاڭ ئۆلكىسىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىرىدىغان ئالتۇن، چارۋا ماللار (يىلقا، قوي، كالا،) ۋە قوي يۇڭى قاتارلىق ماللاردىن ئالىدىغان ئېكسپورت بېجىنى كەچۈرۈم قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تېخى تۆلىمىگەن قەرز پۇلغا ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈم پۇلىغا، شۇنىڭدەك نېفىت كومبىناتقا تۆلىگەن سوۋېت تەرەپنىڭ مەبلىغىنىڭ ئۆسۈمىدىن ئالىدىغان پۇلغا، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن مال سېتىۋېلىشتا ھوقۇقلۇق بولىدۇ.

سوۋېتنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق سودا ۋاكالەت ئورنى ھەر نۆۋەت يىلنىڭ بېشىدا شۇ يىلى ئىشلىتىدىغان، مۇشۇ ماددىنىڭ بىرىنچى تارمىقىدا بەلگىلەنگەن پۇلنى ئالىدىغان

نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا كەتكەن دەسمايىنىڭ ئىچىدىكى قۇرۇلۇش رېمونت خىراجىتى قىممىتىنىڭ تۈرلىرىگە كەتكەن 50% خىراجىتىنى سوۋېت ھۆكۈمىتى پۇل چىقىرىپ تۆلەشنى كېپىلشىپ بەلگىلىدى.

نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇش رېمونت خىراجىتىنىڭ قىممىتى نېفىت كانى ۋە نېفىت چەككىلەش زاۋۇتىنىڭ خىراجەت قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى تەرەپنىڭ مۇشۇ تۈردىكى قۇرۇلۇشقا كەتكەن ئەمەلىي خىراجەتنىڭ ئومۇمى سانىغا ئاساسەن، ئامېرىكا دوللىرى بىلەن (ھەربىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قىممىتىنى 0.8886708 گرام ئالتۇنغا تەڭ) ھېسابلىنىدۇ.

كېلىشىم تۈزگەن ئىككى تەرەپ، نېفىت كومبىناتىنىڭ كەلگۈسىدىكى تۇراقلىق مەبلەغ بىلەن ئوبوروت مەبلىغىغا قارىتا يۇقىرىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ نىسبىتى بويىچە سەرمايە سالىدۇ.

ئۈچىنچى ماددا: 1942 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇش، رېمونت خىراجىتى ئىچىدىكى تۆلەشكە تېگىشلىك قىسمىنى تۆلەشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئالدىن - ئالا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە ئۈچ يىللىق قەرز پۇل بېرىپ تۇرىدۇ، ۋاقتى 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئامېرىكا دوللىرى بىلەن ھېسابلىنىغان قەرزنىڭ ئومۇمى سانىنى مۇشۇ كېلىشىمنى تۈزگەندە 1942 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە بولغان ئەمەلىي ئەھۋالغا ماسلاشتۇرۇپ، نېفىت قۇرۇلۇش رېمونتىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئەمەلىي سەرمايە قىممىتىنىڭ 50% تى بىلەن ھېسابلىنىدۇ.

قەرز پۇل تۆۋەندىكى بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە،

نېفىت كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتى — تەڭ مىقداردا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە ياكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە تەۋە بولىدۇ.

يەتتىنچى ماددا: مايتاغ نېفىت كومبىناتى بىر دىرېكتور-نىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ بىر-نەپەر دىرېكتورىنى ۋە بىر نەپەر ئىنژېنېرىنى سوۋېت ئىتتى-پاقى نېفىت سانائەت خەلق كومىتېتى تەيىنلەيدۇ.

مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ بىر نەپەر مۇئاۋىن دىرېك-تورىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ.

سەككىزىنچى ماددا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى مەسئۇل بولىدىغان ئىشلار:

A: مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا ئېھتىياجلىق بولغان يەرنى باھاسىنى سورۇشتۇرمەي، تۇسالغۇسىز ھالدا ئۆز ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(1) ئۆلچەش ھەمدە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يولغا قويۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەر.

(2) نېفىتنى چارلاپ تەكشۈرۈش ھەمدە سانائەت خاراكتېرىدىكى ئۆزلەشتۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەر.

(3) نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە تىجارەت قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەر ھەمدە شۇ جاينىڭ قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك بولغان ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ياساشتا ئېھتىياجلىق بولغان يەرلەر.

B: نېفىت كومبىناتىغا كېرەكلىك بولغان، شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، (كېسەك. قۇم، ياغاچ ماتېرىياللىرى، ھاك قاتارلىقلار) ۋە ئەمگەك كۈچى ۋە توشۇش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش.

ئالتۇن، يىلقا، كالا، قوي ھەم قوي يۇڭى قاتارلىقلارنىڭ سېتىۋېلىش سانىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە ئۇقتۇرۇپ تۇرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى بېرىشكە تېگىشلىك ئالتۇن، يىلقا، كالا، قوي ھەم قوي يۇڭى قاتارلىقلارنى توسالغۇسىز، ئۆز ۋاقتىدا، ئۆز سانى بىلەن تۆۋەندىكى باھا بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

A: ئالتۇننى تۆلىگەندە شۇ كۈندىكى نيۇيورك شەھرىنىڭ باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. نيۇيوركقا توشۇپ ئاپىرىش خىراجىتىنى مۇشۇنىڭ ئىچىدىن تۇتۇپ قېلىش لازىم.

B: كالا، قوي ۋە قوي يۇڭى باھاسى مۇشۇ كېلىشىمنىڭ قوشۇمچە ھۆججىتىدە بەلگىلەنگەن باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

C: يىلقا ھەر قېتىم ئىككى تەرەپ ۋاقىتلىق كېلىشىپ بېكىتكەن باھا بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

بەشىنچى ماددا: نېفىت كومبىناتىنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشىنى بىۋاسىتە نېفىت كومبىناتىنىڭ باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىل ئېۋەتىپ، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ، ھەم ئەڭ كېيىنكىدە مۇشۇ كېلىشىم ئىمزالىنىپ بىر ئايغا قالماي، ھەر تۈرلۈك ھازىرلاشقا تېگىشلىك گۇۋاھنامىلارغا ئىمزا قويۇلۇپ بولۇشى لازىم.

ئالتىنچى ماددا: مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ئۈچۈن قۇرۇلغان سوۋېت - شىنجاڭ مايتاغ

لىق ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلىرىنى، پەقەت مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىلا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئون ئىككىنچى ماددا: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى ئەسلى ئۆز قىممىتىگە، ئىككى تەرەپ كېلىشىپ بەلگىلىگەن قوشۇمچە پىروتسېنت سانىنى قوشۇپ، مايتاغ نېفىت كومبىناتى ئىشلەپچىقارغان بېنزىن، كېروسىن ۋە باشقا نېفىت مەھسۇ-لاتلىرىنىڭ تەڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىشقا بولىدۇ.

مايتاغ نېفىت كومبىناتى ئىشلەپچىقارغان نېفىت مەھسۇ-لاتلىرىنىڭ قالغان يېرىمىنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىمۇ ئوخشاش باھا بويىچە سېتىۋالىدۇ.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىن سېتىۋالغان نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ چېگرىسىدىن چىقىرىشقا، چېگرا بېجى، ھەمدە باشقا بارلىق شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدە ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ياكى كەلگۈسىدىكى ئېلىشقا تېگىشلىك باج ـ سېلىقلارنى ئالماسلىق لازىم.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان ۋە تەشكىلاتلىرى مايتاغ نېفىت كومبىناتىدىن سېتىۋېلىپ، شىنجاڭ بازارلىرىدا ساتقان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن ئالىدىغان بېجى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سودا تەشكىلاتلىرىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدىكى بازارلاردا ساتقان نېفىت مەھسۇلاتلىرىدىن ئېلىشقا تېگىشلىك بېجىدىن ئېشىپ بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

ئون ئۈچىنچى ماددا: نېفىت كومبىناتىغا ئېھتىياجلىق يەرنى سېتىۋېلىپ قۇرۇلۇش خىزمىتىنى ئەمەلىي باشلىغاندىن تارتىپ، تاكى نېفىت كومبىناتىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتكىچە شۇنىڭدەك باشقا نورمال تىجارەت باشلاشنىڭ ئالدىغىچە

C: شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىگە تۇشۇپ كېلىنگەن نېفىت كومبىناتقا ئېھتىياجلىق بولغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنە ماتېرىياللىرىدىن تاموژنا بېجى ۋە باشقا ھەر قانداق باج ئالماسلىق، ئوخشاشلا مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ كىرىم ئۆسۈمى ۋە مۇلاۋكىلىرىگە قارىتا، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ياكى كەلگۈسىدە تۆلەشكە تېگىشلىك ھەر خىل باجلارنى كېچىرىم قىلىش.

توققۇزىنچى ماددا: سوۋېت نېفىت سانائەت خەلق كومىتېتىنىڭ بۇ كېلىشىم ئىناۋەتلىك مەزگىل ئىچىدە، ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىشلىرى:

A: نېفىت كان ھەمدە كارخانىغا قاراشلىق لايىھىلەش ئىشلىرى؛

B: نېفىت كانىغا ئائىت تېخنىكا تەرەپلەردىكى مەسلىھەت بېرىش ھەمدە باشقا تېخنىكىلىق ھەمكارلىق ئىشلىرى.

C: شۇ جاينىڭ ئۆزىدە تۇرۇپ زۆرۈر ساندىكى ئىشچى ۋە باشقا تېخنىك كادىرلارنى تەربىيىلەپ بېرىش.

ئونىنچى ماددا: لايىھىلەش خىزمىتىگە، تېخنىكىلىق مەسلىھەت بېرىش ۋە باشقا تېخنىكىلىق ھەمكارلىققا كەتكەن خىراجەتنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلاپ تۆلەيدۇ.

نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىلەن شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى دۆلەت ئورگانلىرى ۋە خەلق ئارىسىدىكى ھېساب ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا بانكىسىنىڭ باش مالىيە ـ بۇغالتىرلىق باشقارمىسى بىر تۇتاش بېجىرىدۇ.

ئون بىرىنچى ماددا: مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا ئېھتىياج

يىل ئاخىرىدىكى دوكلاتنامىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئۈچۈن، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ باراۋەرلىك پرىنسىپى ئاساسىدا نازارەت قىلىش كومىتېتى قۇرسا بولىدۇ، بۇنىڭغا بىر تەرەپتىن بىردىن ۋەكىل قاتناشتۇرۇپ، ئىككى ۋەكىلدىن تەركىب تاپسا بولىدۇ.

ئون يەتتىنچى ماددا: مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ ساپ پايدىسىنى، ھەر يىلى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى دوكلاتنامىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ تەڭ تەقسىم قىلىپ ئالىدۇ.

ئون سەككىزىنچى ماددا: بۇ كېلىشىمنىڭ مۇددىتى 25 يىل قىلىپ بېكىتىلدى. يۇقىرىدىكى مۇددەت توشقاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ كومبىنات قۇرۇشقا ئىشلەتكەن خىراجىتىنى ھەمدە مايتاغ نېفىت كومبىناتىغا داۋاملىق سېلىۋاتقان مەبلەغ قىسمىنى سېتىۋالسا بولىدۇ.

مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ قايتۇرۇپ سېتىۋالغان چاغدىكى ئەمەلىي دەسمايە قىممىتىنىڭ 50% نى ئامېرىكا دوللىرى بويىچە ھېسابلاپ، سېتىۋېلىش باھاسى قىلسا بولىدۇ. بىراق مەيلى قانداق بولمىسۇن، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ نېفىت كومبىنات قۇرۇشقا ئىشلەتكەن ئەمەلىي خىراجىتىنىڭ سانىدىن ۋە داۋاملىق سېلىۋاتقان ئاساسىي مەبلەغ بىلەن كۆچمە مەبلەغدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم.

بۇ كېلىشىمنىڭ ئىناۋەتلىك مۇددىتى ئاخىرلاشقان چاغدا، ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە

بولغان مەزگىلدە ئىشلەپچىقارغان نېفىت مەھسۇلاتىدىن قىلغا كەلگەن پۇلنىڭ بىچىسىنى مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كىرىمىگە كىرگۈزۈش لازىم.

مەسىلەن: نېفىت كانى ئىشلەپچىقارغان تەبىئىي نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتكەن چاغدا، كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ مەخسۇس كېلىشىم تۈزۈپ ياكى مۇشۇ كېلىشىمگە قوشۇمچە تارماقلار قوشۇپ، ئېشىپ قالغان تەبىئىي نېفىتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىنى بەلگىلەش لازىم.

ئون تۆتىنچى ماددا: نېفىت كومبىناتىنىڭ مال - مۈلۈكىنى خەۋپسىزلەندۈرۈشتە، جۈملىدىن زاۋۇت ھەم نېفىت كانىنىڭ مۈلۈكلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن نېفىت كومبىناتقا توشۇپ، يولدا كېلىۋاتقان ماللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۈلۈكلەرنى، مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەملىكەتلىك ستراخۇۋانىيە ئىدارىسىغا خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قويسا بولىدۇ.

ئون بەشىنچى ماددا: كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىككى تەرەپ كېلىشىپ، يولدا توشۇلۇپ كېلىۋاتقان ۋە مايتاغ نېفىت كومبىناتى چېگرىسى ئىچىدىكى ماللار (ماتېرىيال ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر) نى قوغداش، شۇنىڭدەك مەزكۇر نېفىت كومبىناتىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قوغدىنىش ئىشلىرىغا سوۋېت ئىتتىپاقى نېفىت سانائەت خەلق كومىتېتى قوغداش ئەترەتلىرىنى ئېۋەتىپ تۇرغۇزۇپ، قوغداش ئىشلىرىنى بىجىرسە بولىدۇ.

ئون ئالتىنچى ماددا: مايتاغ نېفىت كومبىناتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ۋە

## چۇڭچىڭ ئىقتىساد مىنىستىرلىكى بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ سوۋېت - شىنجاڭ نېفت كېلىشىمىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تەكشۈرۈشى

1. ئۈسكۈنە دائىرىسى ۋە مۆلچەر باھا ھەققىدە.

ئەسلى لايىھەنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا: بىر مايتاغ نېفت ئايرىش زاۋۇتى بار بولۇپ يىلىغا 50 مىڭ تونىنا نېفت چەككىلىيەلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر بۇ زاۋۇتنى 60% مۆلچەرىدە بېنزىن ئىشلەپچىقىرىدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، يىلىغا تەخمىنەن 10 مىليون گاللون بېنزىنغا ئېرىشكىلى بولىدۇ، كان قۇدۇقلىرىنىڭ ئۈسكۈنىلىرى ھەققىدە ئېنىق بەلگىلىمە يوق. بىراق يۇقىرىدىكى دائىرىگە ئاساسەن، ئامېرىكا ئۈسكۈنىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئومۇمى قىممىتىنى تەخمىنەن بىرقانچە مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولىدۇ دەپ مۆلچەرلىگەندە (مەسىلەن: 6 مىليون ئامېرىكا دوللىرى)، ھەرقانچە بولسىمۇ، 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

2. ئىككى دۆلەتنىڭ پايىنى تەقسىم قىلىش ھەققىدە.

ئەسلى لايىھەنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا: سوۋېت بىلەن شىنجاڭ ھەرقايسىسىنىڭ مەبلىغىنى 50% دىن بولىدۇ دېيىلگەن. جۇڭگونىڭ قانۇنى بويىچە بولغاندا، نېفت دۆلەت ئىگىلىكىگە مەنسۇپ بولىدۇ. ئەگەر شىركەت تەشكىل قىلسا، چەت ئەل پاي ئۈلۈشى ئەڭ كۆپ بولغاندا، 49% گىچە ئىگىلەشكە بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى قانۇن بويىچە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ پاي ئۈلۈشىنى 49% دىن ئاشۇرماسلىق لازىم. ئومۇملىقتا ۋە ئەمە-

قوشقان پايىنى سېتىۋالمىسا، بۇ كېلىشىم يەنە بەش يىل داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ.

ئىككىنچى قېتىمدىكى بۇ بەش يىللىق مۇددەت توشقاندىن كېيىنمۇ، ئەگەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى يۇقىرىدىكى سېتىۋېلىش ئىشىنى بېجىرمىسە، بۇ كېلىشىم يەنە داۋاملىق بەش يىل كۈچكە ئىگە بولىۋېرىدۇ، ھەمدە مۇشۇ تەرتىپ بويىچە كېتىۋېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ سوۋېت - شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتى ھەسسىدارلىق شىركىتىگە قوشقان مەبلىغىنى سېتىۋالغان چاغدا، باشقا چەت ئەلنىڭ مالىيە ياردەم كۈچىدىن پايدىلىنىشقا، ھەم سېتىۋالغاندىن كېيىن مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ بارلىق ئىگىدارلىق خوجايىنلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ياكى بىر قىسمىنى ھەر قانداق ئۈچىنچى دۆلەت ھۆكۈمىتى خەلقى ياكى گورۇھىغا، سېتىپ بېرىشكە ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ.

ئون توققۇزىنچى ماددا: بۇ كېلىشىم ئىمزا قويۇلۇشى بىلەن ئىناۋەتلىك بولىدۇ. باشقا قايتا تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ھاجەتسىز.

1942 - يىلى ئاي كۈنى دىخۇا (ئۈرۈمچى) دا تۈزۈلدى، جەمئى ئىككى نۇسقا، ھەربىر نۇسقىسىنىڭ ھەممىسىدە روسچە ۋە خەنزۇچىسى بار. روسچە ۋە خەنزۇچە نۇسقىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئىناۋەتلىك.

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 1942 - يىلى ئاي كۈنى تۈزگەن شىنجاڭ مايتاغ نېفىت كومبىناتىنىڭ ئىگىلىكى ۋە ئۇنى باشقۇرۇش، ئۇسۇلى ھەققىدىكى قوشۇمچە ھۆججەت (قىسقارتىلدى).

سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ باياناتى (قىسقارتىلدى).

مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى بولۇشى، دۇڭشىخۇيغا جۇڭگولۇق دىرېكتوردىن بىرنى، سوۋېتلىك بىر مۇئاۋىن دىرېكتور بىر ئىنژېنېر تاللاپ تەيىنلەش ياكى بىر قانچە ئادەم بولۇپ، جۇڭگولۇق ۋە سوۋېتلىك خادىملار ئۆزئارا تولۇقلاپ تەيىنلىنىشى لازىم. ھەم باشقىدىن نىزامنامە تۈزۈپ، ھەرقايسى خىزمەتچى خادىملارنىڭ ھوقۇق مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلەپ چىقىش لازىم.

4. ئۆز يېرىدە قوغداش مەسئۇلىيىتى ھەققىدە.

ئەسلىدىكى لايىھەنىڭ 15 ـ ماددىسىدا: يولدىكى ۋە مايتاغ چېگرىسى ئىچىدىكى بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سوۋېت نېفىت سانائەت خەلق كومىتېتى قوغداش ئەترەتلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇپ قوغداش ئىشلىرىنى بېجىرسە بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ مۇۋاپىق ئەمەس، ئومۇمەن جۇڭگو دائىرىسى ئىچىدىكى ھەرقايسى يەرلىكلەرنىڭ قوغداش ۋە ئاسراش مەسئۇلىيىتى بار. شۇڭا جۇڭگو ھەربىي ۋە ساقچىلىرى تەرىپىدىن قوغدىلىشى لازىم.

5. چەت ئەل پايىنى سېتىۋېلىش يىل چەكلىمىسى ھەققىدە.

ئەسلىدىكى لايىھەدە: بۇ كېلىشىمدىكى بەلگىلەنگەن 25 يىل مۇددەت توشقاندىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاي ئۈلۈشىنى باھا بەلگىلەپ سېتىۋالسا بولىدۇ دېيىلگەن. بۇ يىل چەكلىمىسىنى ئەڭ ياخشىسى 10 يىلغا قىسقارتسا بولىدۇ، ئەگەر سوۋېت تەرەپ ئەسلىدىكى كېلىشىمدە چىڭ تۇرۇۋالسا، ئەھۋالغا قاراپ، ئۆزگەرتسە بولىدۇ.

6. باج ئالماسلىق ۋە يەر ھەم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەققى ئالماسلىق ھەققىدە. بۇ خىل ئىشلاردىن ھەرخىل

لىي ئەھۋالغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ پاي ئۈلۈشىنىڭ 50% بولۇشىغا يول قويۇلامدۇ- يوق مەسىلىسىنى تېخى كېيىن ئويلىشىشقا تېگىشلىك ئىش. يەنە جۇڭگو تەرەپتىن قوشۇلغان پاينىڭ ئۈلۈشىگە، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان بولۇش كېرەك. سوۋېت ئىتتىپاق، تەرەپ نېفىت سانائەت خەلق كومىتېتىنى ھەسسىدار قىلغانىكەن، جۇڭگو مەركىزىي ھۆكۈمىتىمۇ بايلىق- مەدەنە كومىتېتىنى ھەسسىدار قىلىشقا بولىدۇ.

مەركەز تۆلەشكە تېگىشلىك پاي پۇلىنى تۆلىگەندە، ئامېرىكا دوللىرى قىلىپ تۆلەش ياكى بازار باھاسى بويىچە ۋولفرام، قەلەي توشۇپ ئاپىرىپ تاپشۇرسا بولىدۇ.

يەنە ئەسلىدىكى لايىھەنىڭ 13- ماددىسىدا: نېفىت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېرىمى سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە مەنسۇپ بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى سېتىۋېلىپ توشۇپ كېتىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر سوۋېت تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىلىپ رۇخسەت قىلغان تەقدىردە ئۇنىڭ سانى پاي ئۈلۈشىنىڭ ئومۇمىي سانىغا كىرگۈزۈلۈشى لازىم.

3. دېرىكتور ۋە ئىنژېنېر تەيىنلەش ئۇسۇلى ھەققىدە.

ئەسلى لايىھەنىڭ 7- ماددىسىدا: دېرىكتور، ئىنژېنېرنىڭ ھەر قايسىسىغا بىردىن ئادەم بولۇپ، ئۇلارنى سوۋېت تەرەپ تەيىنلەيدۇ، بىر نەپەر مۇئاۋىن دېرىكتور بولۇپ، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى تەيىنلەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ جۇڭگو قانۇنىغا ۋە ئادىتىگە ئويغۇن كەلمەيدۇ. ئادەتتىكى ھەسسىدارلىق شىركىتى قۇرۇشتىكى چارە بويىچە، دۆلەتلەرئارا شىركەت قۇرۇپ، ئۇنىڭغا جۇڭگو تەرەپتىن بىر ئادەم باشقارما باشلىقى بولۇشى، سوۋېت تەرەپتىن بىر ئادەم

# شىنجاڭ نېفىت سانائىتىدىكى چوڭ ئىشلار يىلنامىسى (قەدىمقى، يېقىنقى زامان قىسمى)

(مىلادى 659 — 1949 - يىل)

## ۋاڭ لېيەنفاڭ

مىلادى 659 - يىل (تاڭ گاۋزۇڭ خاندانلىقى شيەنچىڭنىڭ 4 - يىلى)

لى يەنشۇ يازغان «شىمالىي سۇلالىلەر تارىخى»نىڭ «85 - تەزكىرىسى، قەدىمىي دىيار» دا كۈسەن (يەنى بۈگۈنكى كۇچا) نىڭ غەربىي - شىمالىدىكى تاغ ئىچىدە نېفىتنىڭ يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىققانلىق ھادىسىسى، يەرلىك ئاھالە شۇ نېفىتتىن دورا - دەرمەك ياساشنى سىناق قىلغانلىقى، ھەمدە ئۇنى تارتۇق بۇيۇملىرى سۈپىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 1060 - يىل (سۇڭ رىنزوڭ خاندانلىقى جىيايۇنىڭ 5 - يىلى)

ئۇۋ ياڭشيۇ، سۇڭ چى يازغان «تاڭ سۇلالىسى يېڭى تارىخى» نىڭ «جۇغراپىيىلىك تەسۋىراتى» دا بەشبالىق (بۈگۈنكى جىمسار) دىن سۇياپ (سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈگۈنكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى چۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى توقماقنىڭ ئەتراپى) غىچە بولغان

باج ـ سېلىق ئالماسلىق ناھايىتى پەۋقۇلئاددە ئىش. باج ئالمىسا بەك ئەپسۇسلىنارلىق بولىدۇ. لېكىن ئىككى تەرەپ-مۇ ئورتاق مەنپەئەتتىن بەھرىمان بولىدۇ دېسە بولىدۇ. يەر ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەققىدە 8 ـ ماددىسىدا شىنجاڭ ھۆكۈمىتى بېرىدەك ھەققى ئالمايدۇ دەپ ئېنىق بەلگىلىگەن. لېكىن سوۋېت تەرەپنىڭ لايىھىلەش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىق خىراجىتى ھەققىدە. 9 ـ ماددىسىدا: بېرىدەك تۆلەش لازىم دەپ بەلگىلىگەن.

زىياننى تەڭ تارتىش مەنىسىدە ئىككى تەرەپ باھاسى-نى قوشۇپ ھېسابلاپ تەڭ تۆلىسە مۇۋاپىق بولىدۇ.

ۋېڭ ۋېنخاۋ ئىمزاسى

مىنگونىڭ 31 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى

میلادی 1905 - یىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ یىنىڭ 31 - یىلى)

ۋ.ئا. ئوبۇرۇشوف روسىيەنىڭ تومىسكىدىن چىقىپ، شىنجاڭنىڭ تارباغاتاي رايونىغا كېلىپ، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

میلادی 1906 - یىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ یىنىڭ 32 - یىلى)

روسىيىلىك سودىگەر كوكوبايۇپنىڭ مايتاغدىكى نېفىتنى ئىجارىگە ئېلىپ ئېچىش تۇغرىسىدىكى تەلىپى رەت قىلىنغان.

ۋ.ئا. ئوبورۇشوف ئۈچىنچى قېتىم جۇڭغار ئويمانلىقىغا كېلىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان.

روسىيە ئېكىسپېدىتسىيە ئەترىتى شىنجاڭنىڭ 74 ئورنىدا لېفىتلىك (ئەمەلىيەتتە ماي - گاز ئالامەتلىرى) بايقالدى، بولۇپمۇ يەنىسخەينىڭ جەنۇبىدىكى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى چوڭ نېفىتلىك دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ دەپ ئاتىغان.

مۇشۇنىڭدىن ئىلگىرى، بىر روسىيىلىك سائەتچى (يۇ- قىرىدا بايان قىلىنغان ئىۋانوفنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ) ئۈرۈمچىنىڭ ئەتراپىدىن نېفىت ئېچىشقا ئۇرۇنۇپ باققان، لېكىن، نېفىت ئېلىشقا دائىر بىلىم ۋە زۆرۈر بولغان ئۈسكۈنىلەر كەم بولغانلىقى ۋەجىدىن بۇ ئىش تاشلىنىپ قالغان.

میلادی 1907 - یىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ یىنىڭ 33 - یىلى)

شىنجاڭنىڭ ساتراپى (يەلە ئايماق بېگى يەنى دەپ

مۇساپە تاشسىر دەرياسى (يەنى جىلغا ناھىيىسى چېگرىسى ئىچىدىكى جىلغا دەرياسى) دىن ئۆتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. تاشسىر دېگەن سۆز نېفىتنىڭ كونا ناملىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مىلادى 1893 - يىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 19 - يىلى)

شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى ياڭ جىنباڭنىڭ (سالاھىيتى ئېنىق ئەمەس) روسىيىلىك ئىۋانوف (ئىۋالوۋف) بىلەن دىخۇا (يەنى ئۈرۈمچى) نىڭ ئەتراپىدىكى سىساگوۋ دېگەن جىلغىدا بىرلىشىپ نېفىت ئېچىشنى تەستىقلىغان، بۇنىڭ ئىككىنچى پايچىكى ھۆكۈمەت تەرەپ، بىرىنچى پايچىكى ئىۋانوف بولغان. بۇ نېفىتلىكنى ئېچىش - چەككىلەشتىن ئۇنۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن سودا ئىشلىرى ئىدارىسى ئۆتكۈزۈۋالغان.

مىلادى 1895 - يىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 21 - يىلى)

روسىيىلىك گېئولوگىيە ئالىمى ۋ.ئا. ئوبورۇشوف موڭغۇلىيە، غەربىي شىمالنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ غۇلجا دېگەن يېرىدىن ئۆتۈپ ۋەتىنىگە قايتقان.

مىلادى 1898 - يىل (چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈيىنىڭ 24 - يىلى)

روسىيەنىڭ دىخۇادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ چىڭ شىشا (يەنى بۇگۇندىكى قاراماي) دىكى نېفىتنى ئىجارىگە ئېلىپ ئېچىش ھەققىدىكى مەسلىھەتى رەت قىلىنغان.

اسغالمت تمزمىسى قاتارلىق ماي تەركىبلىك ئالامەتلەرنى ھەسۋىرلىگەن.

مىلادى 1911 - يىل (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى)

ۋاڭ شۈنەن قاتارلىقلار تۈزگەن «شىنجاڭنىڭ جۇغرا-پىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتاب نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغان (1909 - يىلدىن باشلاپ يېزىلغان)، بۇنىڭ ئىچىدە «تاغ تىزمىسى تەزكىرىسى» دېگەن قىسمىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئون نەچچە يېرىدە ماي ئالامەتلىرى بارلىقى خاتىرىلەنگەن. «سانائەت تەزكىرىسى» دېگەن قىسمىدا، قەشقەر، كۇچا، مايتاغ، چىڭ شىشا (يەنى بۈگۈنكى قاراماي) قاتارلىق جايدىكى ماي ئالامەتلىرى ۋە شىنجاڭ نېفىت سانائىتىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىيات ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 1912 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1 - يىلى)

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە سادىق بولغان شىنجاڭنىڭ پەرماندارى يۈەن داخۇا مايتاغدا نېفىت ئىچىشنى ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىدا نېفىت چەككىلەشنى توختىتىشنى بۇيرۇق قىلغان.

مىلادى 1913 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 2 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تۇتۇق سەركەردىسى ياڭ زېڭشىن نېفىت ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، سودىگەر چاقىرىپ نېفىت ئېلىش - توشۇشنى ھۆددىگە بېرىش، چەك-

ئاتىلىدۇ. ئۇ بىر ئۆلكىنىڭ مالىيەسى، خەلق ئىشلىرىنى تۇتىدۇ) ۋاڭ شۇنەن يەنىسخەي، مايتاغ، جاڭجۇن (گېنرال) جىلغىسى قاتارلىق جايلاردىكى نېفىت، موم ئەۋرىشكىسىنى روسىيەنىڭ باكۇغا ئاپىرىپ ئانالىز قىلىپ كۆرۈپ بېقىشىغا ئادەم ئەۋەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ھەر يۈز جىڭدىن 60 جىڭدىن ئارتۇق ساپ ماي چەككىلەپ ئالغىلى بولارمىش.

مىلادى 1909 - يىل (چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭنىڭ 1 - يىلى)

ۋاڭ شۇنەن يازغان «شىنجاڭنىڭ تاغ تىزمىسى تەزكىرىسى» دە كۇچا، مايتاغ، چىڭ شىشا (يەنى قاراماي) قاتارلىق جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ ئون نەچچە يېرىدە نېفىت مەھسۇلاتلىرى ئەھۋالى ۋە ئۇلى ئېچىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرى روسىيەدىن نېفىت ئايرىش ئۈسكۈنىسى («چەككىلەش ماشىنىسى») سېتىۋېلىپ ئۈرۈمچىدىكى ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىغا قۇراشتۇرغان ۋە بىر دانە بۇرغىلاش ئىستانوكى («ماي قېزىش ماشىنىسى») سېتىۋېلىپ مايتاغقا قۇراشتۇرۇپ، 20 مېتىردىن ئارتۇق (يەتتە. سەككىز جاڭ) كېلىدىغان تېيىز قۇدۇق قازغان، بۇنىڭدىن ماي، گاز ئۇدۇل ئېتىلىپ چىققان.

ۋ.ئا. ئوبورۇشوف تۆتىنچى قېتىم جۇڭغار ئويمانلىقىغا كېلىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ «غەرۋەك-تىكى جۇڭغار» دېگەن بىر كىتابىنى يېزىپ ۋە 1:500000 ماسشتابلىق شىنجاڭنىڭ گېئولوگىيە خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ، قاراماي تېغىدىكى ئاسفالت ئېدىرلىقلىرى ۋە ئورقۇ

70 جىلى نېفىت چىققان.

يەنچاڭغا ئوقۇشقا بېرىپ ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلگەن ياڭ چىڭشى ھۇن-ەرۋەنچىلىك زاۋۇتىنى-ڭ نېفىت چەككىلەش ئۈسۈلىنى ياخشىلاش، نېفىت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىنىڭ نېفىت چەككىلـەش تېخـنىكى بولۇشقا ئەۋەتىلگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە باشلىقى يـاڭ زېڭشىن شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە مەبلەغ توپلاپ، ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ باشقۇرىدىغان كىرسىن شىركىتى قۇرۇش ھەققىدە مەلۇمات يوللىغان.

قەشقەرنىڭ تامخاچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ماشىنا سېتىـۋېلىپ ئۇلۇغچات چېگرىسى ئىچىدىكى نېفىتنى ئېچىشنى ئويلىغان.

تاربـاغاتاي دۇتۇڭىنىڭ ئوغلى شۈي جۇ يەرلىك ۋە روسىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ماناس دەريـا-سىنىڭ غەربىدىكى نېفىتلىك (بۇگۈنكى كـونا قاراماي تـاغ نېفىتلىكى) نى ئۆزلەشتۈرۈشنى بەلگىلىگەن.

مىلادى 1919 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 8 - يىلى)

ئۈرۈمچى ھۈنەرۋەنچىلىك زاۋۇتى يەنسىخەي (يـەنىلا ئۈرۈمچى) دە نېفىت چەككىلەش زاۋۇتىنى قىسمەن قۇرغان.

مىلادى 1920 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 9 - يىلى)

يەرلىك زات پـەن زۇخـۇەن روسىيەلىك ۋاسىلىيۇفنى ئىنژېنېرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ سىچاگۇ جىلغىسىدىكى ماي تەركىبلىك قۇمنى قېزىپ، ھورلان-دۇرۇش ئـۇسۇلى ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ماي چەككىلىگەن.

كىلەشنى، ئۈرۈمچى، خۇنەرۋەنچىلىك زاۋۇتىغا تاپشۇرۇش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن.

مىلادى 1915 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 4 - يىلى)

روسىيىلىك بىر قانچە كان مۇتەخەسسىسلىرى شىخو، ماناس قاتارلىق جايلارغا كېلىپ نېفىت كان بايلىقىنى تەكشۈرگەن. ئۇلار ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ماشىنا - ئۈسكۈنە سېتىۋالدۇق دېگەن. شىخو (مايتاغ) نېفىت كانىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلغان.

مىلادى 1916 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 5 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى ۋۇ مىڭكۈينى ياڭ چىڭشى قاتارلىق بىر قانچە پىراكتىكانتنى باشلاپ يەنچاڭ نېفىت كانىغا بېرىپ نېفىت ئېلىش، نېفىت چەككىلەش تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن.

بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدىكى مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ئەمەلدارى شې بىن شىنجاڭنى تەكشۈرگىلى كېلىپ، «شىنجاڭ ساياھەت خاتىرىسى» نى يازغان. ئۇنىڭدا مايتاغ، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى ماي ئالامەتلىرى خاتىرىلەنگەن.

مىلادى 1918 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 7 - يىلى)

شىخو ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى (ھاكىمى) دىڭ زەنشيەن يازغان «شىخو ناھىيىسى تەزكىرىسىنىڭ داۋامى» دا، مايتاغدا نېفىت ئېچىش ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن.

سودىگەر يۈ جاۋلۇڭ بورتۇڭگۇ (بۈگۈنكى ساۋەن ناھىيىسى) دىكى نېفىتنى ئېچىشنى كۆتۈرۈۋالغان. كۈنىگە

سىستېمىسىدىكى يەر قاتلىمىنى ۋە تۇرپان ئويمانلىقىدا قېلىن ئاسفالىت چۆكۈندىسىنى بايقىغان.

مىلادى 1931 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 20 - يىلى)

ئېلىمىزنىڭ گېئولوگىيە ئالىمى يۈەن فۇلى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدىكى جىمسار، چىتەي ئەترابلىرىدا گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ قاتلام بۆلۈنۈشىنى بەلگىلىگەن. مۇشۇ رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسىنى تەتقىق قىلغان.

مىلادى 1932 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 21 - يىلى)

شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىن شۇرېن گېرمانىيە كارخانىلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ شىنجاڭدا نېفىت ئېچىشقا ئورۇنغان، گېرمانىيە «شىمېنزى» شىركىتى ئېنژېنېر ئەۋەتىپ شىنجاڭنى تەكشۈرگەن، ھەممە مايتاغدىكى تەبىئىي نېفىتنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئېلىپ كەتكەن.

مىلادى 1934 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 23 - يىلى)

5 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى يەنىسخە يىدە نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنى قۇرغان، زاۋۇت باشلىقى جاڭ مىڭفەن بولغان. بۇ زاۋۇت ئاساسەن، مايتاغنىڭ نېفىتىنى ئايرىغان. 9 - ئايدا، بىرىنچى تۈركۈمدىكى مەھسۇلات سىناق تەرىقىسىدە ئايرىپ چىقىلغان.

مىلادى 1936 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 24 - يىلى)

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى (ئۆمەك

مىلادى 1921 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 10 - يىلى)

پەن زۇخۇەن روسىيىلىك ئېنژېنېر ۋاسلىيۇفنى تەكلىپ قىلىپ ئۇرۇمچىنىڭ غەربىدىكى سىچاگۇ جىلغىسىدىكى نېفىت قۇدۇقنى قېزىتىپ ھورلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق كېرسىن چەككىلەپ چىقارغان.

شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتى ئەنگىلىيە بىلەن شەرتنامە تۈزۈپ، ئۇلارغا شىنجاڭدا نېفىت ئېچىشنىڭ ئىمتىيازلىق ھوقۇقىنى بەرگەن.

ياپونىيە نېفىت شىركىتى شىنجاڭنىڭ نېفىت كان بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئۆز خادىملىرىنى ئەۋەتكەن. ياپونىيە سودىگەرلىرىنىڭ سەنجەن شىركىتى شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە قارىتا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا نېفىت ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنغان.

مىلادى 1924 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 13 - يىلى)

ئامېرىكىنىڭ «سىنكلىيە» شىركىتى شىنجاڭدا نېفىت كان بايلىقىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن تېخنىك - ئېنژېنېر ئەۋەتكەن. ئامېرىكىنىڭ «پۇگان» كان ئىشلار شىركىتى شىمالىي مىللىتارىستلار ھۆكۈمىتىگە قارىتا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭدا نېفىت ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشقا ئۇرۇنغان.

مىلادى 1927 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 16 - يىلى)

جۇڭگو - شىۋېتسىيە غەربىي شىمالنى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنى تەكشۈرگەن. ئۆمەك ئەزاسى، ئىلمىزنىڭ گېئولوگى يۈەن فۇلى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا كەڭ دېڭىز فاتسىيەلىك بور

9 ـ ئايدا، مايتاغ ئانتىكىلىنالىدا قـۇدۇق بۇرغىلاش باشلانـغان.

10 ـ ئايدا، يەنىسخەي نېفىت ئايرىش زاۋۇتى مايتاغقا كۆچۈپ بېرىپ، نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتى بىلەن بىرلىشىـپ، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى (سوۋېت تەرەپ بۇ زاۋۇتنى مايتاغ نېفىت كامبىناتى دەپ ئاتىغان، يەنى مايتاغ نېفىت بىرلەشمە شىركىتى) قۇرۇلغان؛ بېيەن شېچىڭ زاۋۇت باشلىقى، رامزىس باش ئىنژېنېر بولغان.

مىلادى 1937 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 26 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 14 ـ كـۈنى، مـايتاغ ئـانتىكىلىنالىدىكى بىرىنچى چارلاش قۇدۇقىدىن ماي چىققان.

8 ـ ئايـدا، مـايتاغ نېفىت ئـايرىش زاۋۇتى قـازان شەكىللىك ھورلاندۇرۇش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق بىرىنچى تـۇركۇمدە بېنزىن چەككىلەپ چىققان.

10 ـ ئايدا، سۇن جىنپۇ مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقى بولغان.

مىلادى 1938 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 27 ـ يىلى)

3 ـ ئايدا، جـاۋ گويـۈەن (ئەسلى ئىسمى جـاۋ يۈشى بولۇپ، كومپارتىيە ئەزاسى) مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا، نى لىجىن (سوۋېتلىك) باش ئىنژېنېرلىققا تەيىنلەنگەن.

مىلادى 1939 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 28 ـ يىلى)

5 ـ ئايدا، ۋاڭ خۇاگې مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

باشلىقى سايىتوف، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى رامزىس) شىنجاڭغا كېلىپ گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارغان. سايىتوف جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە ئىشلەپ، 1:200000 ماسشتابلىق بىر دانە گېئولوگىيە خەرىتىسىنى سىزىپ چىققان، بىر قاتار تۈزۈلمىنى بايقىغان، ماي ئالامەتلىرىنى تەسۋىرلىگەن، بەزى تۈزۈلمىگە باھا بەرگەن. ئۇ: مايتاغ تۈزۈلمىسى قېزىپ چارلاشقا ئەرزىيدىغان تۈزۈلمە دەپ ھېسابلىغان. ھىمجۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كان بايلىقىنى نۇقتىلىق تەكشۈرگەن، قاراسۇ دەرياسىدا قاسساپ توقاي بىلەن قۇمقىلمىدىن ئىبارەت ئىككى ئانتىكلىنالنى بايقىغان، گەنسۇدىكى ماي ئالامىتى بىلەن مىس بۇلاق ۋە قاراسۇ دەرياسىدىكى ئاسفالتلىق جىنسنى بايان قىلغان، گەنسۇ ئانتىكلىنالىدا قۇدۇق بۇرغىلاشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مىلادى 1936 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىنىڭ 25 - يىلى)

4 - ئايدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىرلىشىپ مايتاغدا تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىللىگەن، ئۆمەك باشلىقى دېي رۇنبو (جۇڭگو تەرەپتىن)، مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى رامزىس (سوۋېت تەرەپتىن) بولغان، بۇ ئۆمەك مايتاغدا نېفىت چارلاشنى ئېلىپ بارغان.

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ نامى مايتاغ نېفىت تەكشۈرۈش زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىلگەن، زاۋۇت باشلىقى دېي رۇنبو، باش ئىنژېنېر رامزىس (سوۋېتلىك) بولغان.

شەكىللىك، نورمال بېسىمدا چەككىلەش قۇرۇلمىسى قۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

5 - ئايدا، شىڭ شىسەي چۆچەكتىكى ئادەم ئەۋەتىپ مايتاغ نېفىت كانىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئېلىپ بېرىپ، جياڭ جېشى بىلەن كۆرۈشۈپ، جياڭ جېشىنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغان.

6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، شىڭ شىسەي جياڭ جېشىغا مەخپىي تېلېگرامما يوللىغان: سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىندا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى دېكانوزوفنى شىنجاڭغا كېلىپ، مايتاغ نېفىت كانى ۋە باشقا مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى قارار قىلغان، مۇھىم خادىملارنى شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۇلارنى شىنجاڭ ئۆلكىسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىقتىسادىي مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى قوشۇمچە بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ شىنجاڭغا كېلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مايتاغ نېفىت كانىنى ئېكىسكورسىيە قىلغان. يۈمىن نېفىت كانىنىڭ باش دېرېكتورى سۈن يۈچى، قاتناش مىنىستىرلىقى تاشيول باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇڭ شۆسۈي قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا ئالاقە ئەۋەتكەن، 28 - كۈنى سوۋېت

8 ـ ئايدا، ئاتاغلىق دېموكراتىك زات، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ باشلىقى دۇ جۇڭيۈەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتىل مەزگىلىدىكى خىزمەت ئىشلەش ئۆمىكىنى باشلاپ، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىغا كېلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەققىدە تەشۋىقات ئېلىپ بارغان.

مىلادى 1941 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 30 ـ يىلى)

1938 ـــ 1941 ـ يىلى ماۋ زېمىن (يەنە بىر ئىسمى جوۋبىن) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلىگەن مەزگىلدە، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتى ئۈچۈن كۆپ مەرتىۋە پۇل ۋە ماددىي ئەشيا تەستىقلاپ بېرىپ، نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ياردەم قىلغان.

7 ـ ئايدا، ۋېن زېشۇەن مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ گېئولوگى دۇئايېۇف جۇڭغار ئويمانلىقىنى گېئولوگىيىلىك جەھەتتىن تەكشۈرۈپ، «جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ماي تەركىبلىك گېئولوگىيىلىك ئەھۋالى» دېگەن كىتابنى يازغان (1946 ـ يىل ئېلان قىلىنغان).

سوۋېت ئىتتىپاقىدىن توشۇپ كېلىنگەن ئوتتۇرا، چوڭقۇر قۇدۇقنى بۇرغىلاش ماشىنىسى بىلەن مايتاغ ئانتىكلىنالىدا ئوتتۇرا، چوڭقۇر قۇدۇقنى قېزىش باشلانغان.

مىلادى 1942 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 31 ـ يىلى)

1 ـ ئايدا، مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىدا يىللىق بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى 50 مىڭ توننا بولغان، تۇرۇبا

بېرىپ كۆچا قاتارلىق جايلارنى تەكشۈرۈپ، «شىنجاڭنىڭ قىسمەن نېفىتلىك گېئولوگىيىسىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات»نى يازغان.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قۇمۇلدىن چېكىنگەن 70 دىن ئارتۇق قوراللىق ئوفىتسېر - ئەسكەرلىرى مايتاغ كان رايونىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان.

1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، جۇڭگو، سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشىپ مايتاغ كان رايونىنى ئېچىش توغرىسىدىكى سۆھبىتى داۋاملىق چۇڭچىڭدا ئېلىپ بېرىلغان.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىغا، سوۋېت ھۆكۈمىتى مايتاغ نېفىت كانىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى چۇۋۇپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېتىشنى قارار قىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى توختاپ قالغان.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، مايتاغ نېفىت كانىدا ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن، جۇڭگو، سوۋېت ئىككى تەرەپنىڭ ئىشخانىسى كۆيۈپ كەتكەن.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىقتىسادىي مىنىستىرى ۋېڭ ۋېنخاۋ شىڭ شىسەيگە تېلېگرامما يوللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ مايتاغ نېفىت كانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا ۋە بايلىق مەنبە كومىتېتى مەبلەغ چىقىرىپ سوۋېت تەرەپ قالدۇرۇپ كەتكەن نېفىت قۇدۇقى ۋە ئىمارەتلەرنى سېتىۋېلىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئېيتقان.

11 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە

كـونسۇلخانىسى ئالاقىغا جاۋاپ قايتۇرغـان، ئىككى تـەرەپ بىرلىشىپ، مايتاغ نېفىت كانىنى ئېچىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىشقا قوشۇلغان.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، جۇڭگو بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپنىڭ بىرلىشـىپ مايـتاغ نېفىت كانىنى ئېچىش ھەققىدىكى سۆھبىتى چۇڭچىڭدا باشلانغان.

11 ـ ئايدا، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بـايلىق مـەنبە كومىتېتى مەركىزىي گېئولوگىيىلىك تـەكشۈرۈش ئـورنى ۋە گەنسۇ كان ئىشلار ئىدارىسـىدىن مـايتاغ نېفىت كانىغا مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ئۇسكۈنىلەرنى مۆلچـەرلەش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئېلىپ بارغان، كان رايونىنى چارلاپ ئۆلچەشنى ئۈستىگە ئالغانلار: خۇاڭ جىچىڭ، ياڭ جۇڭجيەن، جوۋ جياجۈن، بيەن مېنيەن، چېڭ يۈچي، ۋېڭ ۋېنبو قـاتار-لىقلار؛ ئۇسكۈنىنى مۆلچەرلەشنى ئۈستىگە ئالغانلار: گوگېجۈن، جىن شىگېڭ، لۇڭ شـيەنلې، شۈي خـۇڭبىن، نـارىنچـەن قاتارلىقلار.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مـايتاغ نېفـىت كانىدا ۋىشكا قۇراشتۇرۇش ئىشچىلىرى 18 كـۈن ئىش تـاشلىغان، زاۋۇت بويىچە ئىككى كۈن ئىش توختىغان.

مىلادى 1943 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 32 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، گوگېجۈەن قاتارلىقلار مايتاغ نېفىت كانىدىن ئايرىلىپ، «شىنجاڭ مـايتاغ نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» يازغان.

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خۇاڭ جىچىڭ قاتارلىقلار مايتاغ كان رايونىدىن ئايرىلغان، كېيىن ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭغا

2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مايتاغدا تۇرۇشلۇق 117 نەپەر قۇراللىق خادىملىرى يوتۇنلەي ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇلدى.

2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى مايتاغدىكى سوۋېت تەرەپ خادىملىرى يوتۇنلەي كان رايونىدىن چىقىپ كەتكەن.

4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بايلىق مەنبە كومىتېتى شىنجاڭ شىخو نېفىت كانىنى قۇرۇپ، ئۇنى گەنسۇ نېفىت كان ئىدارىسى باشقۇرۇشنى، ھەممىدىن ئاۋۋال شىخو نېفىت كانى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇشنى قارار قىلغان.

8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، گەنسۇ كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ باش دېرېكتورى سۈن يۆچى مايتاغ نېفىت كانىغا كەلگەن.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى قۇرۇلغان، لى تۇڭجاۋ مۇدىر، ۋېن زېشۆەن مۇئاۋىن مۇدىر بولغان.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مۆلچەرلەش ھەيئىتى مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ مال ـ مۈلۈكنى مۆلچەرلەشنى ئېلىپ بارغان.

مىلادى 1945 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 34 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، شىنجاڭ تاشيول ئىدارىسى جېلاسكوفنى جەنۇبىي شىنجاڭدا نېفىت چىقىدىغان يەرلەرنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ «كۇچادىكى مىس كان يېزىسى، ئاقسۇدىكى تاغلاق يېزىسى، قەشقەردىكى نېفىت كانىنى تەكشۈرۈشتىن دوكلات» يازغان.

7 ـ ئايدا، گېئولوگ گۈەن شىسۈڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسى

نارازىلىقى، قوزغىلىش نارازىلىقىدىن چېكى يوق ئالا، لى جېيۇەن، ۋاڭ لىنشىن، ۋېن زىشۈەن قاتارلىقلار مايتاغقا كېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ، سوۋېت ئىككى تەرەپ سالغان مەبلەغنى تەكشۈرگەن ھەمدە سوۋېت تەرەپتىن قالغان نېفىت قۇدۇقى ۋە ئىمارەتلەرنىڭ قىممىتىنى مۆلچەرلىگەن.

مىلادى 1944 - يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 33 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى، گەنسۇ كان ئىشلار ئىدارىسىنىڭ ئىنژېنېرى لى تۇڭجاۋ بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن مايتاغ نېفىت كانىغا كېلىپ مال - مۈلۈكنى مۆلچەرلەشنى ئېلىپ بارغان، سوۋېت تەرەپ قالدۇرغان نېفىت قۇدۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى تەخمىنەن 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمارەت 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، جەمئى 1 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بايلىق مەنبە كومىتېتىنىڭ ۋەكىلى ۋۇ زېشياڭ (تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئالاھىدە خادىمى) سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا خەلق ھەيئەتلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ ۋەكىلى ماكلوۋ بىلەن ئۈرۈمچىدە توختام ئىمزالىغان، سوۋېت تەرەپ مايتاغ نېفىت كانىدىكى سوۋېت تەرەپنىڭ بارلىق ئىمارەتلىرى ۋە ئۈسكۈنىسىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بايلىق مەنبە كومىتېتىگە جەمئى 1 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىپ بەرمەكچى بولغان.

2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، مايتاغ نېفىت كانى سوۋېت تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە تېگىشلىك نېفىت قۇدۇقى، ئىمارەت ۋە باشقىلارنى پۈتۈنلەي ئۆتكۈزىۋالغان.

دىكى غالجۇغان نېفىتلىكىنى تەكشۈرۈپ، گېئولوگىيىلىك دوكلات يازغان. 1945 ـ يىلدىن 1946 ـ يىلغىچە، گۇەن شىسۇڭ يەنە تۇرپان، پىچان، جىمسار قاتارلىق يەرلەردە گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارغان.

شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى مۇنداق دوكلات قىلغان: مايتاغ نېفىت كانى ئېيىغا 20 مىڭ گاللون بېنزىن ئىشلەپچىقىرالايدۇ (تەخمىنەن 57 توننا).

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي) مىللىي ئارمىيىسى مايتاغ نېفىت كانىنى ئىشغال قىلغان، ئەسلىدىكى شىخو نېفىت كانىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىدىكى خادىملار قايتۇرۇپ كېتىلگەن.

ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھۆكۈمىتى مالىيە كومىتېتىنىڭ سانائەت تەرەققىيات شىركىتى مايتاغدا نېفىت شىركىتى قۇرۇپ، مايتاغ نېفىت كانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

مىلادى 1949 ـ يىل (جۇڭخۇا مىنگونىڭ 38 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغان. مايتاغ نېفىت كانىدا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر 150 نەپەرگە يېتىپ، كۈنىگە 5 ـ 3 توننا خام نېفىت ئىشلەپچىقىرىلغان.

تەرجىمە قىلغۇچى: ئابلەت مەھەممەت